ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەسەرلىرى — 1



# يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

Kitabhana.com

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئەسەرلىرى-1

# يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت

نەشرگە تەييارلىغۇچى: يالقۇن روزى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# مۇندەرىجە

1. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ھاياتى ۋە ئىش-پائالىيەتلىرى ........ 5
2. روھنى ساغلاملاشتۇرۇش-مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى ........ 16
3. ھەسەتخورلۇق ھەققىدە ھەسرەتلىك خىياللار ........ 22
4. يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت........ 46
5. يىپەك يولىدا قايتا ئويلىنىش........ 89
6. بالاساغۇنىنىڭ ئورنى مەسلىسى ھەققىدە ........ 117
7. چىن ۋە ماچىننىڭ جۇغراپىيەلىك ئوقۇم دائىرىسى........143
8. مائارىپ ۋە مائارىپ تارىخىمىزدىن بىر ئۇچۇر........ 153
9. ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدىنىش ھەقىقى تەتقىقاتچىنىڭ بۇرچى........ 160

# ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ھاياتى ئىش- پائالىيەتلىرى

**يالقۇن روزى**

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مول مېۋىلىك پروفېسسورى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتى ساھەسىدىكى بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى ھەم بەدىئىي ئىجادىيەت ساھەسىدىكى چېلىقارلىق ئۇتۇقلىرى بىلەن شۆھرەت قازانغان مەشھۇر ئالىم، تالانتلىق ئەدىب، تۆھپىكار مائارىپچى. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن 1933-يىلى 9-ئاينىڭ 28-كۈنى ئاتۇشنىڭ مەشھەدكە تۇتاش باغىېرىق كەنتىدىكى ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى مۇھەممەتئىمىن، ئانىسىنىڭ ئىسمى ھەمراخانىم ئىدى. ئاتا-ئانىسىنىڭ يېگانە پەرزەنتى بولغان ئابدۇشۈكۈرگە ئۇلارنىڭ ئارزۇسى بويىچە «شۈكرىللا» دەپ ئات قويۇلغان. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ دادا تەرەپ بوۋىسى ئىبراھىم ھاجىم 1910-يىللىرى ئائىلىسى بىلەن قىرغىزىستاننىڭ ئىسسىق كۆل بويىدىكى قاراقول شەھىرىگە چىقىپ دادىسى مۇھەممەتئىمىن ھاجىمدىن قالغان خۇرۇم كارخانىسىنى باشقۇرغان. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ دادىسى مۇھەممەتئىمىن «ئۆكتەبىر ئىنقىلابى»نىڭ ئالدى-كەينىدە قاراقول، تاشكەنتلەردە ئوقۇغان.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئانىسى ھەمراخانىم ئاتۇش تۆركۈللۈك خوجاقاسىم دېگەن باينىڭ يەتتىنچى پەرزەنتى، شۇنداقلا بىردىن بىرى قىزى ئىدى. خوجاقاسىمباي ئائىلىسى ئەينى يىللىرى ئەنجان شەھىرىدە ئولتۇراقلىشىپ سودا-تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان. 1920-يىللىرىنىڭ باشلىرىدىكى بىر ھېيت ھارپىسىدا خوجاقاسىمباي ئايالى ۋە باللىرى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ قىزى ھەمراخانغا ناس خالتىسىنى كۆتۈرۈپ بېقىن ئەتراپتىكى ناس ساتقۇچىنىڭ ئۆيىدىن ناس ئەكىلىشكە بۇيرۇغان. شۇ ئاردا ئەنجان-قوقان قىشلاقلىرىدا پائالىيەت قىلىدىغان تۆرەجان باسمىچىلىرى خوجا قاسىمباينىڭ ھويلىسىغا باستۇرۇپ كىرىپ خوجاقاسىمباينى ئايالى ۋە ئالتە ئوغلى بىلەن

قوشۇپ ئوققا تۇتۇپ چىقىپ كەتكەن. بۇ قانلىق پاجىئەدە پەقەت ناس سىپتۇۋالغىلى چىقىپ كەتكەن ھەمراخانلا ھايات قالغان.

قاراقولدا تۇرۇپ بۇ پاجىئەدىن خەۋەر تاپقان ئىبراھىم ھاجىم تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بولغاچقا، قارا يېتىم بولۇپ قالغان بۇ يالغۇز قىزنى ئەنجاندىن قاراقولدىكى ئائىلىسىگە ياندۇرۇپ كېلىپ، تەربىيەلەپ ئوقۇتقان. كېيىنچە ئوغلى مۇھەممەتئىمىن بىلەن بىر نەۋرە بولغان ھەمراخاننى بىر-بىرىگە چېتىپ قويغان. مۇھەممەتئىمىن بىلەن ھەمراخان 1920-يىللىرى قاراقول، تاشكەنتلەردە تۇرغان. مۇھەممەتئىمىن ئەپەندى بۇ جەرياندا بولشېۋىكىزمنىڭ تەسىرىگە خېلى چوڭقۇر ئۇچرىغان. 1930-يىللىرىنىڭ بېشىدا ئىبراھىم ھاجىم ئائىلىسى ئاتۇشقا قايتىپ كەلگەن. 1933-يىلى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن تۇغۇلغان. 1933-يىلىنىڭ ئاخىرى ۋە 1934-يىلىنىڭ باشلىرى قەشقەرنى مەركەز قىلىپ ئېلىپ بېرىلغان سىياسىي، ھەربىي كۈچلەرنىڭ قانلىق كۈرەشلىرى خوجىنىياز ھاجى بىلەن ستالىن ھۆكۈمىتىنى ۋاستە قىلىپ كېلىشىم تۈزۈشى نەتىجىسىدە ئاخىرلاشقان. نەتىجىدە 1934-يىلى يازدىن باشلاپ مەھمۇت سىجاڭ جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي گارنىزونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى، لىيۇبىن باش قوماندانى سالاھىيىتى بىلەن قەشقەرگە قاراشلىق ناھىيە، شەھەرلەرنى باشقۇرۇشقا باشلىغان. ئەنە شۇ چاغدا ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ دادىسى مۇھەممەتئىمىن ئىبراھىم خۇنجىراپ ئېغىزىدا تاموژنا باشلىقى بولغان. مەلۇم سەۋەب تۈپەيلىدىن 1935-يىلى مۇھەممەتئىمىن ئىبراھىم ئايالى ھەمراخانىم بىلەن ئىككى ياشلىق ئوغلى ئابدۇشۈكۈرنى ئېلىپ لىيۇبىننىڭ ياردىمىدە قاراماشىنا بىلەن ئۈرۈمچىگە كۆچۈپ چىققان. بۇ ئەر-خوتۇنلار بىر مەزگىل ئۈرۈمچى «ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى»دا ساناىي نەفىسە خىزمىتىگە پائال قاتنىشىپ ئىشلىگەن. ئۇزاق ئۆتمەي مۇھەممەتئىمىن ئىبراھىم ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىدە جۇبىڭ (ماۋزېمىن)نىڭ يېنىدا مۇپەتتىش بولۇپ ئىشلىگەن. 1937-يىللىرى چۆچەك مالىيە ئىدارىسىگە باشلىق بولۇپ تەيىنلەنگەن. بۇ چاغدا ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئانىسى ھەمراخانىم بىلەن غۇلجا «بويىنى كېسىك» مەھەللىسىدە تاغىسى شاھ ھاجىمنىڭكىدە بىر مەزگىل تۇرغان. كېيىن چۆچەككە دادىسىنىڭ قېشىغا بېرىپ پالتاخۇن (پالتابايېف)نىڭ قورۇسىدا بىر يىلدەك تۇرغان. 1939-يىلى دادىسىنىڭ خىزمىتى ئۈرۈمچىگە يۆتكەلگەندە ئاتا-ئانىسى بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلگەن. 1939-يىلىنىڭ ئاخىرى «غەربىي زال»دىكى يىغىنغا قاتناشقان دېگەن باھانە بىلەن دادىسى مۇھەممەتئىمىن ئەپەندى شىڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە قامالغان.

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئانىسى بىلەن دەسلەپ «خوتەن مەسچىتى» ئۇدۇلىدىكى بىر قوروُدا ئولتۇرغان. ئۇ دەسلەپ «خوتەن مەسچىتى» يېنىدىكى باشلانغۇچ سىنىپتا، كېيىن ئاق مەسچىت قوروُسىدىكى باشلانغۇچ سىنىپتا، كېيىن بۇلاق بېشى مەھەللىسىدىكى ھازىرقى 5-باشلانغۇچ مەكتەپتە باشلانغۇچ مائارىپ تەربىيەسىگە ئىگە بولغان. ئانىسى ھەمراخانىم بۇ قىين كۈنلەردە تىككۈچىلىك بىلەن ئائىلىنى قامدىغان.

1944-يىلىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ دادىسى مۇھەممەتئىمىن ئىبراھىم تۇيۇقسىز تۈرمىدىن چىققان. ئۆزىنىڭ خاتا قويۇپ بېرىلگەنلىكىنى بىلىدىغان بۇ كىشى شۇ كۈنلا ئۆي بىساتىنى سېتىپ، خوتۇن -بالىسىنى ئېلىپ پەيزاۋاتقا تەۋە قوشئاۋاتلىق روزى ئاخۇن دېگەن ھارۋىكەشنىڭ ئۈستى كىگىز بىلەن يېپىلغان ئات ھارۋىسىنى كىرا قىلىپ كېچىلەپ قەشقەرگە قاراپ يولغا چىققان.

بۇ قېتىمقى 95 كۈنلۈك سەپەر، گۆدەك ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۆز خەلقىنىڭ ھاياتى، تارىم ۋادىسىنىڭ چۆل ۋە بوستانلىقلىرى بىلەن بىۋاستە تونۇشۇش پۇرسىتى بولغان. ئەينى چاغدىكى قەشقەر، ئۈرۈمچى يولى ھازىرقىدەك تاغ بويلاپ قۇپقۇرۇق چۆل-باياۋاندا ماڭىدىغان يول بولماستىن، يۇرت-بوستانلىق ئارىلاپ ماڭىدىغان ئاۋات يول ئىدى. ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە يېقىن يۇرتلاردا نۆۋەت بويىچە ھەپتىنىڭ ھەر كۈنى بازار بولىدىغان بولغاچقا، ئۇلار ھەر كۈنى دېگۈدەك بازار كۆرۈپ ئۇيغۇر تۇرمۇشىنى كۆزىتىپ ماڭغان. بۇ سەپەر ۋە سەپەر تەسىراتلىرى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ كېيىنكى ھاياتىدا بىر قىممەتلىك بايلىق بولۇپ قالغان. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ تۇل قالغان چوڭ ئانىسى ئانارخان قەشقەر «جانقورغان»دىكى بىر قوروُدا تۇرىدىغان بولغاچقا، ئۇلار ئۇدۇل قەشقەرگە بېرىپ شۇ يەرگە چۈشكەن. شىڭ شىسەي بىلەن ۋۇجۇڭشىننىڭ ھوقۇق ئۆتكۈزۈۋېلىش پەيتلىرىدىكى قالايمىقانچىلىق تۈپەيلى راستىنلا خاتا قويۇپ بېرىلگەن مۇھەممەتئىمىن ئىبراھىم قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن كۈننىڭ ئەتىسى قولغا ئېلىنغان. ئانىسى ھەمراخانىم ھېيتگاھ جامەسى يېنىدىكى ئىنايىتللا ئەپەندى مەسئۇللىقىدىكى دورىخانىدا دورا ياساش خىزمىتىگە ئورۇنلاشقان. ھەمراخانىم 12-13 ياشلىق ئوغلى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننى ھېيتگاھ جامەسىنىڭ مۇدەررىسى دوك قارىھاجىمنىڭ شاگىرتى ئابدۇرۇسۇل قارىغا دىنىي تەلىم ئېلىشقا بەرگەن.

1946-يىلى «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى» بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىرلىكتە تۈزگەن «11 ماددىلىق بىتىم»نىڭ روھىغا ئاساسەن نۇرغۇن كىشىلەر

قاتاردا ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ دادىسىمۇ تۆرمىدىن قويۇۋېتىلگەن. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن دىنىي تەربىيەنى قىسقا مۇددەت ئالغاندىن كېيىن، 1950-يىلغىچە نەزەرباغدىكى قەشقەر دارىلمۇئەللىمىننىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپىدا تۆت يىل ئوقۇغان. 1950-يىلى غەربىي شىمال ياشلار بىرلەشمىسى ۋە ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل بولۇپ قاتناشقان، يىغىندىن كېيىن شىئەن، بېيجىڭ، تيەنجىن قاتارلىق شەھەرلەردە ئېكسكۇرسىيەدە بولغان. 1952-يىلىنىڭ ئاخىرى ئۈرۈمچىدىكى سابىق شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ بىئو-خىمىيە فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا قوبۇل قىلىنغان. 1952-يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، مەكتەپنىڭ ئۆزىگە ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلىنغان. شۇ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە ئەزا بولغان. مەكتەپتىن بىر تەرەپتىن «ئۆسۈملۈكلەر فىزئولوگىيەسى»، «ئۆسۈملۈكلەر پاتالوگىيەسى»، «ھاشاراتشۇناسلىق» قاتارلىق دەرسلەرگە تەرجىمان ئوقۇتقۇچى بولغان، يەنە بىر تەرەپتىن فىزىكا، ماتېماتىكا، بىئولوگىيە، خىمىيە ۋە ئاگرونومىيە سىنىپلىرىغا «ماركسىزم ئاساسلىرى»، «پەلسەپە» دەرسلىرىنى ئۆتكەن. بۇ چاغدا ئۇ ئەمدىلا 19 ياشقا كىرگەنىدى. ئۇ دەرس مىقدارى بەك كۆپ، ۋەزىپە ئېغىر بولغاچقا، چارچاپ ئاغرىپ قالغان. شۇ سەۋەبتىن قەشقەرگە ئاتا-ئانىسىنىڭ قېشىغا داۋالانغىلى بېرىپ ئاتۇش بىلەن قىرغىزىستان چېگرىسىدىكى گۈزەل تويۇن يايلىقىدا ئۈچ ئاي ئارام ئالغان. بۇ جەرياندا ئالتۇن ئىسىملىك شوخ بىر قىرغىز قىزى ئۇنىڭدا ياخشى تەسىر قالدۇرغان. مۇشۇ تەسىر ئاساسىدا كېيىن «ئالتۇنقىز» ناملىق ھېكايىسىنى يازغان.

1953-يىلى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن شىئەندىكى غەربىي شىمال ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماركسىزم ئاسپىرانتورىيىسىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلىپ، بىر يىل چامىسىدا بىلىم ئاشۇرغان. ئاسپىرانتورىيىنى پۈتتۈرۈپ، ئانا مەكتىپىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ماركسىزم كافېدراسىدا پەلسەپە ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ بىر نەچچە خىل دەرس ئۆتكەن ۋە بۇ دەرسلەرنىڭ دەرسلىكىنى تۈزۈپ چىققان. بۇ ئىقتىدارلىق ياش ئوقۇتقۇچى 1955-يىلىدىن باشلاپ نەشر قىلىنغان «شىنجاڭ ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (ئۇيغۇرچە نەشرى)نىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالغان. ئۇنىڭ تەتقىقات ھاياتى ئەنە شۇ يىللاردا باشلانغان. ئىككى تىلدا يازغان «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11-ئەسىردىكى ئىككى بۈيۈك ئالىمى » ناملىق ئىلمىي ماقالىسى 1956-يىلى مەركىزىي ئىلمىي ژۇرنالىنىڭ خەنزۇچە ھەم ئۇيغۇرچە سانىدا ئېلان قىلىنغان. بۇ شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا «قۇتادغۇبىلىك» ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى» تەتقىقاتى ساھەسىدىكى تۇنجى ئىلمىي

تەتقىقات ئىدى. ئۇ مۇشۇ ماقالىسى سەۋەبىدىن 20 يىل «ئوڭچى» قالپىقنى كىيگەن. 1957-يىلى «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى»نىڭ تارىخىغا ئائىت «شىنجاڭدا 1944- 1949- يىللاردىكى خەلق ئىنقىلابى» دېگەن كىتابنى يېزىپ تاماملىغان (مىجىت قاسىم، مۇزەپپەر ئەزىزىلەر بىلەن بىرلىشىپ يازغان). ئەمما، شۇ يىللىرى جۇڭگو مىقياسىدا ئېلىپ بېرىلغان «ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى»نىڭ تەسىرى بىلەن بۇ ئەمگەك مېۋىلىرى نەشىر قىلىنمىغان.

بۇ ھەرىكەت باشلىنىش بىلەن تەڭ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «يېزا تۇرمۇشىنى كۆرمىگەن ياش ماركىسىزمچى» دېگەن باھانە بىلەن باشلانغۇچ كوپراتىپلارنى ئالىي كوپراتىپقا تەرەققىي قىلدۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىنغان كادىرلار تۈركۈمىدە مارالبېشى ناھىيەسىنىڭ سېرىقبۇيا يېزىسىدىكى شاكالئاۋات كەنتىگە ئەۋەتىلىپ مەسئۇل كادىر بولۇپ ئىشلىگەن. يېرىم يىلدىن كېيىن تۇيۇقسىز ئۈرۈمچىگە چاقىرتىلغان ھەم «ئوڭغا مايىل» دەپ قارىلىپ كۈرەش قىلىنغان. «سول»چىللىق كېسەلگە ناھايىتى ئاسان گىرىپتار بولىدىغان بىر قىسىم ئۇنىڭغا ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن زىيانكەشلىك قىلغان، ھەتتا ئۇنىڭ پورترېتىنى مۇھەببەتلىشىۋاتقان قىزى، شىنجاڭ ئىنستىتۇتى سەنئەت فاكۇلتېتىنىڭ ئۇسسۇل ئوقۇتقۇچىسى رەنا مەخسۇتنىڭ پورترېتى بىلەن قوشۇپ ھەجۋى رەسىملىرىنى سىزىپ مەكتەپ تاملىرىغا چاپلاتقۇزغان.

ھەقىقەتەنمۇ ئەينى يىللاردا كېڭەيتىۋېتىلگەن سىياسىي ھەرىكەت غايەت ئېغىر ئىجتىمائىي بوھران پەيدا قىلغان. دەسلەپتىكى سىياسىي ئاكتىپلىق بارغانسېرى ئومومىي جەمئىيەت ئەسەبىيلىكىگە ئايلىنىپ كەتكەن. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا 1950-يىللىرىنىڭ ئوتتۇرلىرى كۆچۈپ كەتكەن ئاتا-ئانىسى بالىسىنىڭ تەقدىرىدىن ئەنسىرەپ، 1958-يىلى ئۇنى ئېلىپ كەتكىلى ئۈرۈمچىگە كەلگەن. لېكىن ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «بۇ كۈنلەر تېزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ» دەپ ئاتا-ئانىسىنىڭ تەلىپىگە قوشۇلمىغان. ئاتا-ئانىسى ئىلاجسىز قايتىپ كەتكەن. 1959-يىلى ئۇنىڭغا «ئوڭچى» قالپىقى كىيگۈزۈلۈپ، پارتىيەدىن ۋە خىزمەتتىن ھەيدەپ چىقىرىلىپ، ئەمگەك بىلەن تەربىيەلەش ئورنىغا ئەۋەتىلگەن. پۈتكۈل جۇڭگو جەمئىيىتى ئاچارچىلىق قەھەتچىلىكى قىيامىتىدە قىينىلىۋاتقان ئاشۇ يىللاردا ئۇ ئىككى يېرىم يىلنى ئۈرۈمچىنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا، سانجىنىڭ يۇقىرىسىدىكى غەربىي گوبى چۆللىكىدە ۋە كۈنەس ناھىيەسىنىڭ قارابۇغرا دالاسىنى ئېچىش لاگېرىدا ئېغىر ئەمگەك، جاپا-مۇشەققەت، دەرت-ئەلەم ۋە ئاچ-زارلىق ئىچىدە ئۆتكۈزگەن. شۇنداق

مۇشەققەتلىك كۈنلەردىمۇ ئۇ رۇس تىلى ئۆگىنىشىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرغان. بۇ ئېغىر كۈنلەردە ئۇنىڭغا ئەمگەك بىلەن تەربىيەلەش ئورنىدا تونۇشقان دوستى ئابدۇكېرىم ئابدۇرېھىم كۆپ يار-يۆلەك بولغان. ئابدۇكېرىم ئابدۇرېھىم بىلەن ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئاتا-ئانىسى 1930-يىللاردا ئۈرۈمچىدىكى «سانايى نەفىسە»دە بىللە ئىشلىگەنىدى. 1961-يىلى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەمگەك بىلەن تەربىيەلەش ئورنىدىن قويۇۋېتىلگەندىن كېيىن 1962-يىلى ئانىسى ھەمراخانىم ئۇنى ئالغىلى بېشكەك (ئەينى چاغدا فرونزى دېيىلەتتى)تىن ئۈرۈمچىگە كەلگەن. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن شۇ چاغدا دادىسىنىڭ 1961-يىلى 11-ئايدا ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن تارىخى ھاسىراپ-ھۆمۈدەپ ئېغىر تىنىۋاتقان، ئىجتىمائىي ئەنسىزلىك، سىياسىي سولچىللىق شەخسنىڭ قىممىتىنى ئەرزىمەس نەرسىگە، كىشىلەر تەقدىرىنى ئويۇنچۇققا ئايلاندۇرۇپ قويۇۋاتقان ئاشۇ يىللاردا ئانىسىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ خاتىرجەم ھايات يولىنى تاللىماستىن، ئۆزىنىڭ ئىنسانىي تۇيغۇسىنى قەدىرلەشنى ھەممىدىن ئەلا بىلىپ، «كۈسەن قىزى» رەنا مەخسۇت بىلەن توي قىلىش مەقسىتىدە ئۈرۈمچىدە قېلىشنى قارار قىلغان. ئانىسى ئىلاجسىز 1962-يىلى 4-ئايدا بۇ «ئەنسىز يىللاردىكى ئاشىق-مەشۇق»لارنىڭ توينى قىلىپ قويۇپ، دۇنيالىقتىكى يالغۇز ئوغلىنى تەقدىرگە تاپشۇرۇپ، بېشكەككە قايتىپ كەتكەن ھەم ئىزچىل خەت ئالاقىسى قىلغان.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن 1966-يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغانغا قەدەر تۆت يىل جەريانىدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا نازارەت ئاستىدا ئىشلىگەن. ئۇ 1959-يىلى سابىق شىنجاڭ ئىنستىتۇتى ئەينى ۋاقىتتىكى ئەرگۈگدىن ھازىرقى ئۈچتاشقا يۆتكىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن چېچىلىپ تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەن مىليون پارچە كىتاب، ژۇرنال، گېزىتلەرنى باشقىلار بىلەن بىرلىكتە بىر-بىرلەپ رەتلەپ تۈرگە ئايرىپ، كارتوچكا تۇرغۇزۇپ، يۈرۈشلەشكەن كىتاب كاتولوگى ئىشلەپ چىققان. بۇ جەرياندا بۇ ئىلمخۇمار ئالىم جۇڭگونىڭ مەشھۇر كىلاسسىك ئەسەرلىرى بولغان «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۆرنەكلىرى»نى، «24 تارىخ»نى، ئەنگلىيە دراماتورگى شېكسپىرنىڭ 36 سەھنە ئەسىرىنى، ھىندىستاننىڭ «رامايانا»، «ماخاپىراتا» داستانلىرىنى، سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنغان 15 توملۇق (32 كىتاب) «دۇنيا تارىخى»نى، «ئومومىي تاڭ نەزمىلىرى»نى، بايروننىڭ «دون جۇئان» داستانىنى، ھومېرنىڭ «ئېلىلادا» ۋە «ئودېيسا»

داستانلىرىنى، يۇنان ۋە رىمنىڭ ئەپسانە-رىۋايەتلىرىنى، «قۇرئان كەرىم»، «ئىنجىل» ۋە «تەۋرات»نىڭ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىلىرىنى، ئەپلاتون، ئارىستوتېل ئەسەرلىرىنى، دانتىنىڭ «تەڭرى كومېدىيەسى» داستانىنى، گومورۇ ۋە تيەنخەننىڭ تارىخىي دراملىرىنى، ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرىنى، نەۋائى، بابۇر، مەشرەپ شېئىرلىرىنى ئوقۇغان ۋە ئۆگەنگەن. بۇ جەرياندا 30 نەچچە خاتىرە دەپتەرنى ئۆگىنىش خاتىرىسى بىلەن تولدۇرغان.

ئۇ مۇشۇ يىللاردا «قارلىق تاغ شەجەرىسى» ناملىق داستان ۋە «سۇمۇرغلار قوشىقى»، «قەدىمكى يىپەك يولى»، «خەن ئوردىسىدا باھار»، «مەلىكە خۇاروڭ»، «تەڭرىتاغ ناخشىسى»، «دات باسماس قىلىچ»، «پىلە مەلىكىسى» قاتارلىق يەتتە پارچە تارىخىي دراما يېزىپ چىققان. «جاۋاھىرۇل ھاقايىق» دېگەن نىقابىي ماۋزۇدا «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا» (بۇ كىتاب 1995-يىلىنىڭ بېشىدا 4-قېتىم تۈزىتىلگەندە ئالىم «قەدىمكى تۇران تارىخى» دەپ ئاتىغان) ناملىق كىتابىنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنى قولدىن چىقارغان. يەنە بارماق ۋەزنىلىك بىر تۈركۈم مۇھەببەت لىرىكىلىرىنى يېزىپ چىققان. ئەنۋەر، ئەكبەر ئىسىملىك ئىككى ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەن.

1966-يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ باشلىنىشى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننى قايتىدىن تېخىمۇ ئېغىر جاپا-مۇشەققەتنىڭ، خورلۇق ۋە كەمسىتىشنىڭ، تۈگىمەس سىياسىي كۈرەشنىڭ قۇچىقىغا تاشلىغان. «چەت ئەلنىڭ قېقىپ قويغان مىخى» دەپ قارىلىپ، ئۆيى كۆپ قېتىم ئاختۇرۇلغان، ئۆزى كۆپ قېتىم كۈرەش ۋە سازايى قىلىنغان. ئۇلانبايدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا ئاي-ئايلاپ سۇ تارتقان، يىل-يىللاپ كاتولدا ئىشلەپ ماھىر رېمونتچى، كاتول تازىلىغۇچى ۋە ئوت قالىغۇچى بولۇپ قالغان. مەكتەپ قورۇسىدا تامچىلىق، سۇۋاقچىلىق، ياغاچچىلىق ئىشلىرىنى قىلغان. 1969-يىلى ئۈچىنچى ئوغلى ئەسقەر، 1974-يىلى تۆتىنچى ئوغلى فەرۇخ دۇنياغا كەلگەن. 1975-يىلى ئانىسىنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى ھەققىدىكى تېلېگراممىنى تاپشۇرۇپ ئالغان. ئانىسىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىغا قاتتىق تەسىر قىلغان. مۇشۇ ئاپەتلىك يىللاردا ئايالى رەنا مەخسۇت «ئوڭچى» ئېرى تۈپەيلىدىن كېلىۋاتقان ھەرخىل بېسىملارغا قانچە ئۇچرىسىمۇ، تۇرمۇشنىڭ مۇشەققىتىنى ھەرقانچە تارتسىمۇ، تۆت ئوغلىنى كۆڭۈل قويۇپ تەربىيەلەپ ئۆستۈرگەن.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدە ئىزدىنىش ۋە ئىجاد قىلىش روھى كۈچلۈك بۇ ئالىم ئاق تېرورلۇق قاپلىغان ئاشۇ ئەنسىز

يىللاردا پارچە-پارچە يازغان 500 پارچىدىن ئارتۇق رۇبائىيسىنى رەتلىگەن. «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» (بوگۇنكى زامان ئەدەبىيات تارىخىمىزدىكى تۇنجى نەسرلەر توپلىمى) ناملىق لىرىك نەسرلەر توپلىمىنى تولۇق تاماملىغان. ئانىسىنىڭ ئۆزگە ئەۋەتكەن خەتلىرى ۋە خەتلەرگە قوشۇپ ئەۋەتكەن ھىجران دەردىدىكى غەزەللىرىنى رەتلەپ، بېيىتىپ، ئاۋۇتۇپ، تولۇقلاپ، «ھەمرايى» تەخەللۇسىدا «ھەمرانى غەزەللىرى»نى تاماملىغان. «ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە»، «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا-ئۇسسۇل سەنئىتى» ناملىق خاس تەتقىقات كىتابلىرىنى پۈتتۈرگەن.

1978-يىلى پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن سىياسىي جەھەتتە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ھەم خاتا «ئوڭچى» قىلىنغان دېگەن خۇلاسە بىلەن ئاقلانغان. 20 يىللاپ داۋاملاشقان خورلۇق، 20 يىللاپ تارتقان دەرت-ئەلەم، 20 يىللاپ تۆلەنگەن بىھۇدە بەدەل ئاخىرلىشىپ مائاشى، خىزمىتى، پارتىيەلىكى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. يېڭى ھاياتقا ئېرىشكەن بۇ ئالىم سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن تەگكەن پۇلغا ئالدى بىلەن بىر داس، ئىككى چېلەك سېتىۋالغان.

ئوقۇتۇش مۇنبىرىدىن، ئىلمىي تەتقىقات ساھەسىدىن توپ-توغرا 20 يىل ئايرىۋېتىلگەن بۇ ئالىم 45 ياشقا تولغاندا ئوقۇتۇش مۇنبىرىگە قايتا چىقىپ دەرس ئۆتۈش، ئىلمىي تەتقىقات، بەدىئىي ئىجادىيەت ئىشلىرىنى ئاشكارا ئېلىپ بېرىش بەختىگە مۇيەسسەر بولغان.

1980-يىل ئۇ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا يۆتكىلىپ، «ئومۇمىي ئېستېتىكا» دەرسىنى تەسىس قىلىپ ئۆتۈشكە كىرىشكەن. ئۇنىڭ كىتاب، ماقالە، رۇبائىي ۋە شېئىر-غەزەللىرى ئارقا-ئارقىدىن ئېلان قىلىنىپ زىيالىيلار ۋە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدا «ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن قىزغىنلىقى»نى قوزغىغان. ئىلىم ساھەسى، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۇنىڭ ئارقىمۇ-ئارقا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلىرىنى سۆيۈنۈپ تۇرۇپ ئوقۇپ ئۆگەنگەن. 1983-يىلى ئۇ ئايالى بىلەن بىرگە ئاتا-ئانىسىنىڭ قەبرىسىنى يوقلاش مۇناسىۋىتى بىلەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ ئۈچ ئاي ساياھەتتە بولغان. 1986-يىلى ئۇ ياپونىيەدە ئىلمىي زىيارەتتە بولۇپ «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ يېتۈك قامۇسى — «قۇتادغۇبىلىك»» دېگەن تېمىدا لېكسىيە سۆزلىگەن. 1991-يىلى يازدا چوڭ ئوغلى ئەنۋەرنىڭ توينى قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن تاشكەنتكە

چىقىپ ئۈچ ئاي تۇرغان. ئالىم ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىگە قىلغان ئاشۇ ئىككى قېتىملىق سەپىرىدە، ئوخشاشلا پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ۋاقتىنىڭ كۆپ قىسمىنى كۇتۇپخانىلار، كىتابخانىلار، موزېيلار ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزنالىرى قاتارلىق جايلاردا ئۆتكۈزۈپ، كۆپ ئىزدىنىپ ئۆز بىلىمىنى يەنىمۇ تولۇقلىغان ھەمدە كېيىنكى تەتقىقات ئىشلىرى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك ماتېرىياللارنى توپلىغان. 1980–يىللاردا ئۇنىڭ 200پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىسى، «ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە»، «شىنجاڭنىڭ تاش دەۋرىدىكى ناخشا–ئۇسسۇل سەنئىتى»، «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى»، «ئومومىي ئېستېتىكا»، «چوغلۇق»، «رۇبائىيات–1»، «رۇبائىيات –2»، «قارلىق تاغ شەجەرىسى» قاتارلىق كىتابلىرى نەشر قىلىنغان.

1988–1991–يىللار ئارىلىقىدا ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ دۇنيا قارىشىغا، قىممەت قارىشىغا، خىزمىتىگە، تۇرمۇشىغا، كىشىلىك مۇناسىۋىتىگە داۋالغۇش ۋە ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلگەن بىر قاتار چوڭ–كىچىك ئىشلار يۈز بەردى. ئۇ گاڭگىرىدى، تېڭىرقىدى، ئويلاندى، ئىزدەندى. ئۆزىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدىكى بىر قۇرغاقچىلىقنى ھېس قىلدى، كرىزىس تۇيغۇسى ئۇنى چىرمىۋالدى. بۇ جەريان 3–4 يىل داۋام قىلدى. مۇشۇ جەرياندا يازغان، ئېلان قىلغان ئەسەرلىرىدە بۇ ئەھۋال روشەن ئەكس ئەتتى. 1990–يىللارنىڭ بېشىدىن باشلاپ «قاسىراق» تاشلىغان، ئوتتۇز–قىرىق يىللىق ئىزىقىشلاردىن قۇتۇلۇشقا يۈزلەنگەن، دۇنيا قاراش ۋە قىممەت قارىشى جەھەتتە بۇرۇلۇش ياسىغان مىللىي ئۆزلۈك ئىگىسى ئىگە يېڭى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن كىتابخانلار ئالدىدا نامايەن بولۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ تەتقىقات، ئىجادىيەت ئىشلىرى يېڭىباشتىن جانلىنىپ، ماقالە–ئەسەرلىرى ئارقىمۇئارقىدىن ئېلان قىلىندى. خۇددى، 60 ياشقا تولغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆزىنىڭ مەنىۋى مۇساپىلىرى ۋە ئىلمىي تەتقىقات ھاياتىنى سەممىمىي رەۋىشتە خۇلاسىلەپ يازغان «ئۆمۈر تەلقىنلىرى» ناملىق ئېسىل ماقالىسىدە كۆرسەتكىنىدەك، بۇ يىللاردىكى ئىجادىيىتىدە «بىر چاغلاردا تۇتىيا بىلىپ قاتتىق چاڭگاللىۋالغان نەرسىلەرنى پىرقىرىتىپ تاشلاشقا، پەيداكارلىق قىلغان ئەقىدىلىرىدىن قاقاقلاپ كۈلۈشكە» باشلىدى.

ئۇنىڭ بۇ يىللاردا ئېلان قىلغان «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى»، «ھەسەتخورلۇق ھەققىدە ھەسرەتلىك خىياللار»، «ئارىفنامە»، «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت»، «يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت»

قاتارلىق ئېسىل ماقالىلىرى ۋە «سىكتاي–ساك–ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم–كېچەك مەدەنىيىتىدىكى ئەنئەنىۋى ئىزچىللىق»، «ئۇيغۇر ئەجدادلىرىدا مەي مەدەنىيىتى»، «ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى غەربىي يۇرت ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ تارىخىي ئۇچۇرى»، «ئەلىشىر نەۋائىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئورنى»، «ئون ئىككى مۇقام ۋە نەۋائىخانلىق ئەنئەنىسى»، «نورۇز بايرىمى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي قاتلىمى توغرىسىدا»، «ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدىنىش ھەققىي تەتقىقاتچىنىڭ بۇرچى» قاتارلىق كۆپلىگەن ئىجتىمائىي مۇلاھىزە ۋە تەتقىقات ماقالىلىرى ئىجتىمائىي ھاياتىمىزنى چۈشىنىشتە ۋە مەدەنىيەت تارىخىمىزنى تەتقىق قىلىشتا يېڭى يول ئېچىپ بەردى. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى بۇ يىللاردا نەشرىيات ئورۇنلىرى ئالىمنىڭ كىتابلىرىنى نەشر قىلىشقا يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرەلمىدى. شۇڭا، ئۇ بىر قىسىم ماقالىلىرىدە بۇ جەھەتتىكى نارازىلىقىنى تىلغا ئالدى. ھەقىقەتەنمۇ بۇ مۇنەۋۋەر ئالىمنىڭ ئاشۇ يىللاردا يازغان ۋە تۈزەتكەن «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى»، «‹قۇتادغۇبىلىك› خەزىنىسى»، «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، «سەۋدالىق تەئەججۈپنامىسى» قاتارلىق كاتتا ئەسەرلىرى ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن بىر–بىرلەپ نەشر قىلىندى. «بالاساغۇنىنىڭ ئورنى مەسىلىسى ھەققىدە»، «يىپەك يولىدا قايتا ئويلىنىش»، «سوغدىلار ۋە ئۇنىڭ ئېتنىك ۋارىسلىرى توغرىسىدا»، «چىن ۋە ماچىنىنىڭ جۇغراپىيەلىك ئۇقۇم دائىرىسى» قاتارلىق نەچچە ئون پارچە ئىلمىي ماقالىسىمۇ گېزىت–ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. بۇ ئەسەرلەر ئۇيغۇر تارىخى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى تەتقىقاتىغا يېپيېڭى تۆس قوشتى. كىشلەر ئەنە شۇنىڭدىن كېيىنلا چوڭقۇر سېغىنىش ھېسسىياتى بىلەن بۇ ئەزىمەت ئالىمنىڭ ئۆز خەلقى ئۈچۈن قانچىلىك زور ئىلمىي ئەمگەك قىلغانلىقىنى ھەققىي چۈشىنىپ يېتىشتى. سانىساق بارماق تۇشقۇدەك ئالىمى بولمىغان ئۇيغۇرلا ئەنە شۇ چاغدىلا ئەرەبلەرنىڭ «بىر ئالىمنىڭ قازا تېپىشى، بىر كۇتۇپخانىنىڭ كۆيدۈرۈلگىنى بىلەن باراۋەر!» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزىنىڭ مەنىسىنى ھەققىي ھېس قىلىشتى.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق ئۆتمۈشتىن بۇيانقى بارلىق مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى، جۈملىدىن تۈركىي مىللەتلەر مەدەنىيىتى تارىخىدا تۇتقان نەمۇنىلىك، يادرولۇق ئورنىنى ھەم يېتەكچىلىك ئورنىنى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆرسەتكەن ئىجابىي تەسىرىنى ئەمەلىي پاكىت ۋە نەزەرىيەۋى ئاساسلار بىلەن يورۇتۇپ بېرىشنى ئۆز تەتقىقاتىنىڭ ئاساسىي نىشانى ۋە تۈپ

ۋەزىپىسى قىلدى. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتىنىڭ چېتىلىش دائىرىسى تولىمۇ كەڭ، مەزمۇنى ناھايىتى مول بولۇپ، ئەدەبىيات، پەلسەپە، تارىخ، مۇقام، سەنئەت، ئېستېتىكا، فولكلور، دىن، مائارىپ، تېبابەتچىلىك، تىل، ئارخېئولوگىيە قاتارلىق كۆپ تەرەپلىمىلىك ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇنداق زور ئەمگەك ئۇنىڭ پۈتۈن ئۆمۈر سەرپىياتىنىڭ تىنىم تاپماي ئۆگىنىش، ئىزدىنىش، پىكىر قىلىش، يېزىش ھالىتىدە تۇرۇۋشىنى تەلەپ قىلاتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ شۇنداق ياشىدى ۋە ھەم شۇنداق ئۆزگىچە خاراكتېرنى شەكىللەندۈردى. ئۇنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىشتىكى كۆچلۈك خاراكتېرى، ھاردىم-تالدىم دېمەي ئىزدىنىش روھى، مىللىي مەدەنىيەتنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن بارلىقنى بېغىشلاشتەك پىداكارانە خىسلىتى ۋە ئۆتكۈر زېھنىي قۇۋۋىتى ئۇنى ئۆز مىللىتى ئىچىدىكى زامانداشلىرىنىڭكىدىن سان ۋە سۈپەت جەھەتتە كۆپ ئارتۇق بولغان زور بىر تۈركۈم ئىلمىي ۋە بەدىئىي ئەسەرلەرنى يارىتىش ئىمكانىيىتىگە ۋە «ئىزچى» (يول ئاچقۇچى) ئالىم بولۇش سالاھىيىتىگە ئىگە قىلدى.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر ئالىمى، تالانتلىق ئەدىبى، تۆھپىكار باغۋىنى، مول مېۋىلىك پىروفېسسورى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۆزىنىڭ بىر تالاي يازمىلىرىنى، گۈزەل ئارزۇ-ئارمانلىرىنى خەلقىگە قالدۇرۇپ، 1995-يىلى 2-ئاينىڭ 27-كۈنى زىققا كېسەللىك تۇيۇقسىز قوزغىلىش سەۋەبى بىلەن 62 يېشىدا بۇ ئالەم بىلەن خەيرلەشتى. بۇ جۇدالىقنىڭ ھەققىي مەنىسىنى خەلقىمىز يىللار ئۆتكەنسېرى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلماقتا.

2001-يىل. ئىيۇل

# روھنى ساغلاملاشتۇرۇش-مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى

ھەسەتخورلۇق – مىللەتنى خارابلاشتۇرىدىغان خەتەرلىك ئىللەت نادانلىقتىن ئۆچ بىخ ئۈسۈپ چىققان، ئۇلار: قارا نىيەت، ساختا شۆھرەت ۋە ھاكاۋۇرلۇق.

- شۇپىنخاۋېر

نادانلىقنىڭ مەرپەتكە زىتلىقى ھەممىگە ئايان. نادانلىقنىڭ ئىككى خىل تارىخىي شەكلى مەۋجۇت: بۇنىڭ بىرى، مەرپەت ( سىۋىلىزاتسىيە) تىن ئىلگىرىكى نادانلىق ( ۋارۋارلىق ) ،ئىپتىدائىي ئىنسان گۇرۇھىدىكى نادانلىق ۋە قىپيالىڭاچ نادانلىق . بۇنىڭ ئىككىنچىسى ،بېكىنمە ھالەتتىكى جەمئىيەت چەمبىرىكىدىكى نادانلىق ،ساختا شۆھرەت بىلەن كىيىندۈرۈلگەن نادانلىق ، ھەسەتخورلۇق ۋەسۋەسىسى بىلەن تولغان نادانلىق .

ئەقىلنى رەت قىلىش (ئىراتسىئونالىلىق) بۇ ئىككى خىل نادانلىقنىڭ تۈپ خۇسۇسىيىتى. ۋەھالەنكى، ئەقىل، پەقەتلا ئەقىل ئىنساننىڭ غەيرى ھايۋانىي ئەۋزەللىكى ۋە ئىنسانىي تاكامۇللىشىش مۇمكىنلىكىنى تەشكىل قىلغان. ئەقىلنى رەت قىلغان ،نادانلىقتا چۆكۈپ كېتىۋەرگەن مىللەتنىڭ ئارقىدا قېلىش،پارچىلىنىش، تۈزۈپ كېتىشتىن ئىبارەت «ھالاكەت تىرىلوگىيىسى»نىڭ ھەر بىر باسقۇچىغا ھەسەتخورلۇقتىن ئىبارەت روھىي كېسەللىك سىڭگەن.

ھەسەتخورلۇقنىڭ بىر تۈنۈپ يەتكەن «كۆرۈنۈش» لىرى مۇنداق:

بىرىنچى، قارانىيەتلىك ۋە قولى يەتمەسلىك-ھەسەتخورلۇقنىڭ باشلىنىشىدىن ئىبارەت. ئومۇمەن، بىلىمنى پەزىلەت كۆرىسى ۋە كامالەت كۆرىسىغا يەتكۈزمىگەن ئاتالمىش «ئۆلىما-زىيالى»لار ئۆز مىللىتىدىن ھەققى تەپەككۇر ۋە بىلىم ئىگىلىرىنىڭ چىقىشىنى كۆرەلمەيدۇ .

ئابدۇقادىر بىدىل ھەسەتخورلۇقنىڭ قارانىيەتلىك بولىدىغانلىقىنى مۇنداق سۆككەن:

دىلى ھەسەتكە تولغان ئىچى قارا،
دا'ئىم پاك ئادەمگە چاپلايدۇ يالا.
تورۇسقا ئېسىپ كۆر ئاپئاق پاختىنى،
جىمى ئىس چاپلىشار شۇ ئاق پاختىغا.

سە'ئىدى شىرازى ھەسەتخورلۇقتىكى قارانىيەتنىڭ قولى قىسقا ،تىرىشماس ،قابىلىيەتسىز ،نامەرت ئادەملەر قەلبىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى مۇنداق پاش قىلغان:

قولى قىسقا ھەسەتخور قىلار غەيۋەت، يوق ئامال،
ئەگەر ئۇدۇل يۇلۇقساڭ بولۇر تىلى كالۋا-لال.

ھەم قولى قىسقا-ناقابىل ،ھەم قارانىيەت-غەيۋەتخور بولۇش بىر خىل زىدىيەتچان روھىي كېسەللىك بولۇپ ،ئىبلىس تەسۋىرىگە ئوخشايدۇ .ناقابىل بولغان ئىكەن قابىل بولۇشقا تىرىشىشى ،قابىل بولالمىسا ،قابىللارنى قوللىشى لازىم بولغان نورمال روھىي ھالەتنىڭ زىدىيەتچان روھىي كېسەللىككە ئايلانغانلىقىنى ھەسەتخور قەلبىنىڭ ئىبلىسلىقى ئەمەسمۇ؟
ئىككىنچى، ئۆزگىنى كەسلەپ ،ئۆز شېخىنى كۆتۈرۈش ھەسەتخورلۇقنىڭ مۇھىم ئالامىتىدىن ئىبارەت .مىللەتنىڭ نادان ھەسەتخورلىرى دۇنيادا قانداق يېڭىلىقلارنىڭ بولغانلىقى، قانداق كىتاپلارنىڭ يېزىلغانلىقى، قانداق كەشپىياتلارنىڭ مەيدانغا چىققانلىقى بىلەن كارى بولماي، ئۆز مىللىتىدە بىر يېڭىلىق باش كۆتۈرسىلا «يۈرىكى يارا ، يۈزى قارا» بولۇپ كېتىشىدۇ .
ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆزىنىڭ «باردۇر» ناملىق غەزىلىدە مىللىتىمىزدىكى بۇ ئىللەتنى مۇنداق سۆككەن:

تە'ئاۋۇنۇ- تەناسۇر ئورنىغا بىزلەردە بىر ئادەت،
يېڭى باشنى كۆتەرگەننى ئۇرۇپ يېقىتقانىمىز باردۇر.

قىزىل كۆزلۈك ،كۆرەلمەسلىك ۋەيا ئۆزى قىلالماسلىق،

قىلاي دەپ باغلىسا بەلنى تۇمەن بوھتانىمىز باردۇر.

ھەسەتخورلۇقنىڭ شۇنداق بىر تىپى باركى ،ئۇلار ئۆزلىرى ئۇچىرىغان بەختسىزلىكنى «ئەڭ ياخشى ئالى مەكتەپ» (بىلىنىسكىي) دەپ بىلىپ ،ئۇنىڭدىن ئەقلىي ۋە ۋىجدانىي خۇلاسە چىقارماستىن، «سۇنغان ئاقسۇڭەكلەر» چە ئەسەبىي قىساسكارلىق پىسخىك كېسەللىگى بىلەن ئالدىن كەتكەنلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ، ئۇرا كولاپ، شىخىنى كېسىپ، ئاسان يول بىلەن « قەھرىمان» لىق مۇنبىرىگە چىقىشنى قەستلەيدۇ .بۇنداق كىشلەرنىڭ ھەسەتخورلۇقى ۋاستە تاللاپ ئولتۇرمايدىغان تەرسالىق بىلەن تەنھا ياكى تۈركۈم بۇيىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ.بۇنى « قىساسكارلارچە ھەسەتخورلۇق» دىگەن نام ئاستىدا ئەيىبلەش لازىم .

كامالىدىن بىنايى مۇنداق يازسا:

ھەسەت ھەممە ئىللەت-نوقساندىن يامان،
ھسەت ئەھلى بارچە ياماندىن يامان.

ناسىر خۇسراۋ مۇنداق يازغانىدى:

بېرىلمىگەيسەن ھەسەتكە زىنھار،
ھەسەتنىڭ چېكى يوق، تۈگەنچى مىقدار.

ئۇچىنجى، پىتنە تۇغدۇرۇپ ،تۆھمەت قىلىش ھەسەتخورلۇقنىڭ ئاسان چېلىقىدىغان شەكلىدىن ئىبارەت. ھەسەتخورلۇقنىڭ قورالى پىتنە بىلەن تۆھمەت ئىكەنلىكى شۈبھىسىز، بۇنى ئۇلار «سىيستىش» دەپ ئاتىشىدۇ. تۇرمۇشنى ئالدىغلى، خەلقنى پۈتۈن بىر تارىخى جەرياندا قايمۇقتۇرغىلى بولمايدۇ. قەيسەر ئىرادىلىك كىشىلەر ئۆز ئەجرى بىلەن ھەمىشە ياشناپ تۇرۇۋېرىدۇ. «سىيستقۇچىلارنىڭ سىيسىپ كېتىشى» مانا بۇ پاك ۋە ناپاكلىق كۈرىشىدىكى بىر ھەقىقەت. مانا بۇ تارىخنىڭ نۇرانە يۆنىلىشى. ئەگەر مۇنداق بولمىغاندا تەڭرىمۇ بولمىغان، ھەقىقەتمۇ بولمىغان، تارىخمۇ بولمىغان ،ئىستىقبالمۇ بولمىغان ،ئىشەنچ ۋە ئالىي ھىممەتمۇ بولمىغان بولاتتى!

بىزنىڭ ھەسەتخور پىتنە-تۆھمەتچىلىرىمىز «ئاقنى قارا قىلىش»، «ئۆزى گۇناھ قىلىپ ،باشقىنى گۇناھكار كۆرسىتىش»، «ئوغرى ئوغرىنى تۇت دەپ ۋارقىراش»، «باشقىلار نامىدا قارا خەت يېزىش»، «بىر ئادەمگە ئىككى خىل تون كەيگۈزۈش»، «كېچىسى ئادەم ئۆلتۈرۈپ، كۈندۈزى ھازىدار بولۇش» قاتارلىقلار بىلەن شۇغۇللىنىۋېرىدۇ .باشقىلار نامىدا خەت يازغانلەر ئىچىدە ئايال كىشى سۈرىتىگە كىرىۋېلىپ خەت يېزىش ،تۆۋەننى قۇترىتىپ قويۇپ ئۆزى قازى بولۇۋېلىش ،ئولتۇرۇش-سورۇنلاردا ئاشكارە پىتنە-ئىغۋا تارقىتىش ،پىتنە-ئىغۋانى چەت ئەلگە كېڭەيتىش قاتارلىق ھادىسىلەرنى كۆرۈپ مىللىتىمىز ئىچىدە بۇ جەھەتتىكى «ماھارەت» نىڭ دۇنياۋى سەۋىيە ياراتقانلىقىدىن ئەپسۇسلانماي تۇرالمىدىم .

تۆتىنجى ،گۇروھۋازلىق قىلىپ ،باشقىلارنى چەتكە قېقىش ھەسەتخورلۇقنىڭ تۈركۈملەشكەن شەكلىدىن ئىبارەت .ھەسەتخورلۇق ئەسلىدە زەھەرلىك چاياندەك نەرسە بولسىمۇ ،ئۆزىنىمۇ كۆيدۈرىدىغان ،باشقىلارنىمۇ كۆيدۈرىدىغان خۇسۇمەتلىك ئوت بولسىمۇ ،ھەسەتخورلار تۈركۈملىشىپ ،چاياندىن پىل پەيدا قىلىشقا ماقۇل بولۇشىدۇ .ئۇلار مەلۇم ھوقۇق ياكى تەسىر كۈچى بولمىسا ،بىر ئىشنى باشقا ئىلىپ چىققىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلگەنلىكتىن تۈركۈملىشىدىغان بولدى .ئەمما بۇ تۈركۈمنىڭ ھەر بىر ھەسەتخور ئەزاسى ھەمىشە ئۆز تۈركۈمىدىن يۈز ئۆرۈشكە تەييار ،بىۋاپا كىشىلەردىن ئىبارەت .ھەسەتخورلۇق گۇرۇھلىرى ئىككى شەر ئاستىدا، يەنى قۇدرەتلىك مۇخالىپلىرىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ،قۇللارچە دەرىجىلىك بويسۇنۇش مۇناسىۋەت تەرتىپى بويىچىلا ساقلىنىپ تۇرۇشى مۇمكىن.

ھاپىز شىرازى مۇنداق دىگەنىدى:

كەت يامانلار سۆھبىتىدىن، ئىزدىسەڭ گەر ياخشى نام،
بەدنىيەتلىك ئول ئەقلىسىزلىقتا ئىسپاتتۇر تامام.

بەشىنجى ،خەلقنى پارچىلاش،مىللەتنى خانىۋەيران قىلىش- ھەسەتخورلۇقنىڭ ھەرىكەت نىشانىسى ۋە تارىخى جىنايىتىدىن ئىبارەت. ھەسەتخورلۇق شۇنداق كىسەلكى:

بىرىنجىدىن، ئۆزىنى ھالاك قىلىدۇ؛

ئىككىنجىدىن، يۇقتۇرۇۋالغان كىشىلەرنى ھلاك قىلىدۇ؛

ئۈچىنجىدىن، مىللەتنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى تارقاقلاشتۇرۇپ، روھىي

ئۇيۇشتۇرغۇچى ئاقىل كىشىلەرنىڭ ئابروي -نوپۇزىنى داۋاملىق قىرقىپ، مىللەتنى ھالاك قىلىشنىڭ جەريانىنى تېزلەشتۈرىدۇ.

ھەسەتخورنىڭ تەپەككۇرى، ھېسسىياتى، تىلى، قەلىمى خۇنۇكلۇك بىلەن تولغاچقا، تىننىقى ۋە يۈرەك سوقۇشى ھەمىشە ھەسەت زەھىرى، بوھتان ئوتى ۋە قورقۇش تەشۋىشىدە تۇرىدۇ ،ئۇنىڭ پىسخىك كېسلى جىسمانىي ئاجىزلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ھەسەتخورلۇقنى يۇقتۇرغان كىشى ئۆزىگە يارىشا «جەڭگاھ» ئېچىۋالغان يەنە بىر ھەسەتخوردۇر.

ھەسەتخورلۇق تەرىپىدىن چىرمىۋېلىنغان مىللەت گەرچە تىل بىرلىكى بىلەن بىرلىشىپ تۇرسىمۇ ،قەلبى پارچىلانغان مىللەتتىن ئىبارەت.

قەلبى پارچىلانغان مىللەتنىڭ تىلى بۇ قەلبىنى پارچىلاشقا خىزمەت قىلىشتىن باشلاپ ،بۇ مىللەتنى ھالاك قىلىش بىلەن ئۆزىنىمۇ ھالاك قىلىدىغان تىل بولماي نىمە؟

روشەنكى، تىلنى تاشقى پوست، قەلبنى ئىچكى ئۆزەك قىلغان مىللى ئۇيۇشمىنىڭ ھەسەتخورلۇق ئىچىدە تەمتىرىشى ھالاكەت ھالقىسىنىڭ ئالامىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ ، خالاس .

گۈللەنگەن مىللەتنىڭ ھايات يولى ئىسپاتلىدىكى ،مىللەتكە يېمەك-ئىچمەك ،ئۆي-ماكاندىن باشقا مۇھىمى مىللى روھىيەت لازىم .

بۇ مىللەتنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچ مەنبەسى بولغان ئېتىقاد، مىللى ئەنەنە ،يېڭىلىققا ئىنتىلىش ،مەنىۋى يېتەكچىلىك نوپۇزىقاتارلىقلاردىن ئىبارەت .

مۇنداق بىناكارلىقنى بۇزۇشتىن ھالاكەت ،تۈزەشتىن گۈللىنىش كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى ئاددى ، ئەمما بىزدە ئەستىن چىقىرىلغان ھەقىقەت .

مەنىۋى قەھرىمانلىق ۋە غايىۋى يولباشچىلىق لېگىندىلىرىنى ياراتقان خەلقنىڭ بىردىنلا ھەسەتخورلۇق ئۇچقۇنلىرى بىلەن بەنىت بولۇشىنىڭ تەكتىدە تارىخ نېمىنى پىچىرلاۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرىش مۇشكۇل ئەمەسمۇ!

گېرتسىن: «ھەقىقەتكە ھۆرمەت قىلىش زېرەكلىكنىڭ ۋە دانىشمەنلىكنىڭ باشلىنىشىدۇر» دېگەنىدى. ھەقىقەتنى سۆيىدىغان قەلب نۇرانە قەلب، خەلقىمىزنىڭ تارىخي ئىستىقبالىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان قەلب، مۇنداق قەلب ھەقىقەتنى ھۆرمەت قىلىدۇ ،ئۇنىڭغا جان پىيدا قىلىدۇ.

ھەسەتخورلۇقنىڭ قاتتىق زەربىسىگە ئۇچرىغانلارغا كەلگەندە شۇنى ئېيتىش كېرەككى، بۇ ئۇلار ئۇچۇن ئېغىر قىسمەت ،ئۆزىنى ئىسپاتلايدىغان پۇرسەت،ئىستىقبالغا قاراپ ئىلگىرىلەيدىغان پەللە سۈپىتىدە يېتىشتۈرىدىغان شۇئارغان سىنىقى!

ھېراكلىت توغرا ئېيتىدۇ :«ساڭا شۇنىڭ ئۈچۈن رەشك قىلىشىدۇكى، سېنىڭ زوقلانغۇچىلىرىڭ ھەققەتەن تولىمۇ نۇرغۇن!»

1989-يىل 22-فېۋرال.

# ھەسەتخورلۇق ھەققىدە ھەسرەتلىك خىياللار

بۇ يىل (1989-يىل) 6-ئايدا مەن تەتقىقاتچى ئىشداشلىرىم بىلەن تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي ئېتىكىدىكى قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرىنى بىر قەدەر سىستېمىلىق قايتا كۆزىتىش ئۈچۈن يولغا چىققانىدىم. تۇرپاندا بىر قاتار خارابىلەرنى زىيارەت قىلىش جەريانىدا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قەبرىگاھى ئالدىدا سۈكۈتتە بولدۇم. بىر قانچە يىل مۇقەددەم بۇ قەبرە بىر دۆۋە تۇپراق ۋە سارغىيىپ قالغان بىر توپ يانتاق ھالىتىدە زاھىر بولۇپ تۇرغاندا، مەن ئۇنىڭغا بېغىشلاپ «يېشىل ئابىدە» دېگەن قىسقىغىنە شېئىر يازغانىدىم. بۇ قېتىم تۆتلىكنى ئۇنىڭغا بېغىشلىدىم:

ييلسىرى بىلمەكتىمەن قەدرىڭنى خالىق ئۇيغۇرى،
يادىكار ئەشئارلىرىڭدىن يورىدى قەلبىم نۇرى.
چاپسىمۇ جاللات سېنى، جاللاتقا يەم قىلغان سېنى،
سەن بىزار بولغان ئاشۇ ھەسەت-خۇسۇمەتنىڭ شورى!

بۇ شېئىرنى خېلىلا ئۇنۇلۇك ئوقۇۋساممۇ، لەھەتتىن چىققان سادانى ئاڭلىيالمىغانىدىم. شەھەرگە قايتقىنىمىزدا باج ئىدارىسىنىڭ كادىرى ئىسرائىل بىزنى ئۆز خانىسىدا بىر پىيالە چاي ئىچىپ كېتىشكە شۇنچە قاتتىق تۇتتىكى، ھەممىدىن بۇرۇن مەن ئاڭا ماقۇل بولدۇم. ئۆي ئەسقەر ھاجى كارىز يېنىدا بولۇپ، ئالدى كەڭ پىشايۋانلىق سەينا ئىدى. باشقا ھەمراھلىرىمىز ئۆرۈكلۈك باغقا كىرىپ كەتتى، مېنى پىشايۋان ئوتتۇرىسىدىكى سېمونت تۈۋرۈك ئۆزگە مەھلىيا قىلىۋالدى. بۇ بىر مېتىر كەڭلىكتىكى شۇنداق تۈۋرۈك ئىدىكى، ئۇنى «شېئىرى لەۋھە» دېگەن تۈزۈك ئىدى. تۈۋرۈكنىڭ بىر يۈزىگە ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ «باردۇر» ناملىق شېئىرى، ئىككىنچى يۈزىگە باشقا شېئىرى مىسرالىرى ھۆسنخەت بىلەن چېكىلگەنىدى. مېنى بىر ئىلاھىي كۈچ ئىلكىگە ئېلىۋالغانىدەك بولدى. ئۈن-تىنسىز ياتقان لەھەت بۇ «شېئىرىي لەۋھە»دە ئاۋازغا كەلگەنىدەك تۇيغۇ بېغىشلىدى. «شېئىرىي لەۋھە»دىن كۆزۈمگە مۇنداق مىسرالار چاقناشقا باشلىدى:

جاھالەت سەمەرەسىدىن بىزگە كۆپ كۆپ جاپا باردۇر،
ئېيتىشقىزچۇ، بۇگۈنكى ھالىمىزنىڭ قايسى بىرىدە ساپا باردۇر.
تەئاۋۇنۇ-تاناسۇر ئورنىغا بىزلەردە بىر ئادەت،
يېڭى باشنى كۆتۈرگەننى ئۇرۇپ يىقىتقانىمىز باردۇر.
ئومۇمنىڭ پايدىسىغا يۈز يىلدا ھەم ئەسلا چۈشەنمەيمىز،
زىيان قىلماق ئۈچۈن بولسا ئەجەپ چاققانىمىز باردۇر.
بىرى بىر ياخشىلىق قىلسا، ئۇنى يادىنى قىلماق يوق،
ئېپى كەلسە بىرىپ ئەۋرەتلىرىدىن ئاچقانىمىز باردۇر.
خۇشامەت بابىدا بىزدىن بۆلەك ئۇستاسى ھەم يوقتۇر،
قۇۋلۇقى شۇملۇق بىلەن رەڭمۇ-رەڭ يالغانىمىز باردۇر.
ئىلىم-پەنگە يۈرۈش قىلغان ئۈچار كۆكتە، ئۈزەر سۇدا،
مىنىشكە يوق قوتۇر ئېشەك، ياياق قالغانىمىز باردۇر.
قىزىل كۆزلۈك، كۆرەلمەسلىك ۋەيا ئۆزى قىلالماسلىق،
قىلاي دەپ باغلىسا بەلنى تۈمەن بۆھتانىمىز باردۇر.

***

پەنگە قارشى كاپشىماق، خۇددى ئىتتەك ھاۋشىماق،
خارۇ-زەبۇن ياشىماق، تەرسا-تەتۈر نادانىڭكى.

***

ئاتا-بوۋامدىن مىراس كونا كېسەلنىڭ دەردىدە،
گاھ ئۆلۈپ، گاھ تىرىلىپ، كۆپتىن بىرى ئاۋارىمەن.
باشقىلار كۆكتە ئۇچۇپ، سۇدا ئۈزۈپ كەتتى يىراق،
مەن مىسال يالاڭ ئاياغ، دەسسەپ تىكەن ماڭارىمەن.

كۆزۈمنى بىدىن «شېئىرىي لەۋھە»نىڭ بېشىغا يۆتكىسەم، شېئىر ماۋزۇلىرى ماڭا

خۇددى «ئۇيغۇرۇم» بۇ ئىللەتلەر ھېلىمۇ بىزدە «باردۇر!» دېگەنـدەك كۆرۈنـۈپ كەتتـى... مەن بۇ «شېئىرىي لەۋھە» يېنىدا تۇرۇپ رەسىمگە چۈشتۈم.

2

ئىش بۇنىڭ بىلەن ئاياقلاشمىدى! قۇمۇل، بـارىكۆل، جىمسـار سـەپىرىدە خىيـالىمنى يېقىنقى يىللاردىكى پاجىئەلىك بىـر قاتـار ھادىسىلەر چۇلغىۋالـدى. ئاجايىـپ- غارايىـپ، باش-ئايىغى يوق چەكسىز پىتنە-بۆھتانلارنى ئويدۇرۇپ ئىلىم ۋە ئىجادىيەت بېغىمىزنىـڭ ۋايىغا يېتىشۋاتقان سـەرخىل مـۇئەللىرگە شـۇئېرغان ھەيۋىسـىنى پىلانلاۋاتقـان زادى قايسـى قاباھەتلىك قارا سايە؟ بۇ زادى كىم ؟؟؟

چەكسـىز دەشــت-باياۋانــدا، بەھەيــۋەت تــاغۇ-تاشــلار ئارىســىدا خــۇددى ۋابــا ئالغۇاستىلىرىغا قارشى ئاتلانغـان قەھرىمـان چىستانى ئىلكىبەگنىـڭ ئاۋازىـدەك «بـۇ زادى كىــم ؟؟؟» دېــگەن نەرە، گۈلـدۈرمامىغا ئايلىنىــپ تەكرارلانغانــدەك بولــدى. كــۆزۈمگە ھەرخىل ئوبرازلار كۆرۈندى! ئەمما بـۇ ئوبرازلارنىڭمـۇ ئـۆز ئۆمۈرلىرىـدە يەنىلا باشـقا بىـر پاجىئەلىــك ئــاقىۋەتكە گىرىپتــار بولغــانلىقلىرىنى ئــويلىغىنىمىزدا، ئۇلارنىــڭ نــادانلىق ۋە ھەسەتخورلۇقتىن ئىبارەت «ماخاۋ» كېسـەللىكىگە گىرىپتـار بولغـانلىقىنى ھـېس قىلـدىم. تولىمـۇ دەبـدەبە بىـلەن ۋە توختىمـاي ۋايسـاش بىـلەن باشـلانغان بـۇ كېسـەللىك قـانچە مىڭلىغان ھەسەتخورلارنى ۋە ئۇنىڭ بىگۇناھ قۇربانلىرىنى ئوخشاشمىغان ئاچچىق ئارمـان بىلەن يورۇق دۇنيادىن قاراڭغۇ لەھەت دىيارىغا سۆرەپ كەتكەندۇ؟!

مۇشـۇ ھەسـرەتلىك خىيـاللار بىـلەن تەگرىتاغنىـڭ شـەرقىي قـانىتىنى بىـر ئايلىنىـپ ئۆتـۈپ، ئۇنىـڭ غەربـى قـانىتىنى بـويلاپ قەدىمكـى قاراخـانىيلار خـارابىلىرىنى كـۆزدىن كۆچۈرۈش ئۈچۈن قىزىلسۇ ۋە قەشقەر تەرەپكە يولغا چىقتىم. خىيـالىم بـىردىن قەدىمكـى دۇنياغـا يۆتكەلـدى. ھەتتـا ماڭـا: «تەكلىماكـان، ئـۇ ئەسـلى تەھتـى ماكـان» دېـگەن شـېئىرىمۇ، «قىزىـل يۇلغـۇن ئەجـدادىمىز قـانلىرى»دېگەنـدەك شـېئىرلارمۇ ھەسـرەتلىك تۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئاتۇش قۇمساڭىردىكى قارىخانىيلاردىن ئىلگىرى خـانلار قەبرىگـاھى جايلاشقان سالافلار يارلىقىـدا قاتـار ئېچىلىپ قالغـان مىـڭ يىلـدىن ئىلگىرىكى جەسـەت سۆڭەكلىرىمۇ نوقۇل ئارخېئولوگىيىلىك ئوبيېكت بولماستىن، يەنە مەنىۋى شـەجەرىلىك ئوبيېكـت بولـۇپ كۆرۈنـدى. كـارتون قەغەزدەك نېپىزلـەپ كەتـكەن بـۇنچە نۇرغـۇن كـاللا سۆڭەكلىرىنىڭ قايسىلىرى ھەسـەتخورلۇقنىڭ زەھەر كوزىسـى، ئاتەشدانى ۋە قايسـىلىرى

ھەسەت ھەم پىتنە ئۇۋالى بىلەن ھەسرەتلەنگەن ئەقىل كاسسى بولغان بولغىيتتى! قېنى «غالىپ»نىڭ ئەسىرلىك شۆھرەت لەۋھەسى؟ زادى قېنى؟!

مانا بىز بۈگۈن تېپىۋالغان ئاقچا بۇللار، سىلىق ئىشلەنگەن قىمار تۇت ھوشۇقى، زىبۇزىننەت پارچىلىرى... قانچە، قانچە رەشكى-ھەسەت، پىتنە-ئىغۋا پەيدا قىلغان ۋە «غالىپ» قولىدىمۇ تۇرمىغان!

بىز خالتا كوچىدەك بۇ ئۆستىخانلىق يارلىقتىن تولىمۇ تەسلىكتە چىقىپ كېتىۋاتقىنىمىزدا، ئىككى مېتىر تۇپراق تېگىدە قاتار كەتكەن بوتكىلاردەك بېشىنى چىقىرىپ ياتقان ئاپئاق ئادەم سۆڭەكلىرى ھەسرەتلىك خور ئوقۇغاندەك قىلدى. ئۇلار ئاۋاز چىقارماي ياتاتتى، مېنىڭ قەلبىمدە بولسا مۇشۇ كۆرۈنۈشلەردىن خۇددى ئەكس سادادەك شەيخ سەئدىنىڭ مۇنۇ شېئىرى جاراڭلاشقا باشلىدى:

ھەسەتخورغا ھاجەتسىز تىلىمەك بالا،
چۈنكى بۇ شۇم تەلەي ئۇنىڭ ئىلكىدە!
شەرت ئەمەس ئاداۋەت تۇتماقلىق ئاڭا،
ھەسەت ئۆز رەقىبى يۈرگەن كەينىدە!

بەزى سۆڭەكلەردىن: «ھەسەت ۋە كۆرەلمەسلىكتىن خالىي بولغانلىقىم ئۈچۈن، نەۋرەمنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىگىچە ياشىدىم!» دېگەن سۆزلەر ئاڭلانغاندەك بولدى.

3

قولۇمدىن ئۆستەڭگە دومىلاپ چۈشۈپ كەتكەن، ئوخشىمىغان ئىككى دەۋردە ئۆستەڭگە تامغا سوقۇپ ياسالغان ئىككى دانە مىس پۇلنى قۇملار ئارىسىدىن سۈزۈۋېلىپ، قول ياغلىقىمدا ئېرتىۋېتىپ، ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن قاراخانىلار خانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولۇشىدا رەشكى-ھەسەت، پىتنە-ئىغۋا ۋە ساتقۇنلۇقنىڭ ئوينىغان جىنايى رولى ھەققىدە ئويلاندىم. تۇرقى- سىياقى قىياسەن بولسىمۇ رەزىللىكى مۇئەييەن بولغان شەخسلەر كۆز ئالدىمغا كېلىشكە باشلىدى...

ئىركىن، بوسات، تۇمەن قاغانلاردىن باشلانغان، تەڭرى قاغان، مۇيۇنچۇر قاغان زامانىدا روناق تاپقان ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقى (745- 840) ۋەزىر قاراقۇۋۇ بىلەن

سانغۇن كۆلۈگ باغا ئوتتۇرىسىدىكى ھەسەتچىلىك تۈپەيلى، قاراقۇۋۇنىڭ قاغانلىققا كۆتۈرۈلۈشىگە چىدالمىغان سەركەردە كۆلۈگ باغانىڭ تەپتارتماستىن، تۈركەش قىزىدىن تۇغۇلغان ۋە تۈبۈت مەلىكىسىگە ئۆيلەنگەن سايان ئالتاي قىرغىز خانى ئاجۇسىنىڭ يۈزمىڭ ئاتلىق قوشۇنىنى ئوردىغا باشلاپ كىلىشى بىلەن بىتچىت بولغانىدى!

ھېلىمۇ شۇ تارىخنى ئوقۇغان چېغىمدا خۇددى بىر پاجىئەلىك كۆپ قىسىملىق فىلىم كۆرگەندەك ھەسرەتلىنىمەن. ئۇيغۇر مۆتىۋەرلىرى باشلىغان قارشىلىق ۋە ئىسيان قاتتىق باستۇرۇلدى. ئاجۇسۇ قارابالغاسۇن ئالدىغا كېلىپ شەھەرنى تۇتقۇن قىلىش، بۇلاش، كۆيدۈرۈش ئالدىدا مۇنداق غۇرۇرلانىدى: «سېنىڭ تەقدىرىڭ پۈتتى! سېنىڭ ئالتۇن ئورداڭنى تېز ئىگىلەيمەن، ئۇنىڭ قاپقىسى ئالدىغا ئېتىمنى باغلايمەن، ئۇستىگە تۇغۇمنى سانچىيمەن! ئەگەر مەن بىلەن جەڭ قىلىشقا چىدىساڭ تېز كەل، چىدىمىساڭ تېز قاچ!» («قىرغىز س س ر تارىخى» 1973-يىلى فرونزى نەشرى، 132-بېتىگە، ياكى ل. گونىلىۋ يازغان «قەدىمكى تۈركلەر» ناملىق كىتاپنىڭ 1967-يىل، موسكۋا نەشرى. 429-بەتكە قارالسۇن) غالىپ ئۆزىگە سېتىلغان سەركەردىنىڭ بېشىنى ئامان قويمىدى. قار-بوران، ۋابا ئاپىتى، ئاچارچىلىق بىلەن سەرسانلىق- سەرگەردانلىق دالاسىغا تاشلانغان بىر پۈتۈن ئەل- جامائەت ھەر تەرەپكە پىتراشتى. ئۆكەتېگىن ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى ئۇمۇس، چىسسىن، ناسىچور، ئېنان قاتارلىقلار باشلىغان قەبىلىلەر مۇڭغۇل يايلىقى، ئوردۇس ۋادىسى، مانجۇرىيە دىيارىدا ھېچقانداق مەرھەمەت ۋە پاناھقا ئېرىشەلمەي جەڭ ۋە ئاپەت ئىچىدە يەتتە يىل تەمتىرەپ ھالاك بولۇشتى. سوۋېت ئىنتىپاقى تارىخچىسى گونىلىۋ «قەدىمكى تۈركلەر» ناملىق كىتابىدا ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولۇش جەريانلىرىنى يازغاندا «تولىمۇ پاجىئەلىك، تولىمۇ ئېچىنىشلىق» بۇ تارىخىي ھادىسە «نوقۇل ھەربىي-سىياسى سەۋەپلەردىن بولغان ئەمەس» دەپ تەكىتلىدى. ئۇ قارا بالغاسۇن پاجىئەسىنىڭ ئۆكەتېكىن قەبىلىلىرى بېسىپ ئۆتكەن يەتتە يىللىق خار-زارلىقتىكى نادامىتىنى قايتا ئەسلەتتى. مۇشۇ خىلدىكى ھەسەت ۋە نادانلىق تۇغرۇلۇق ئۇرخۇن مەڭگۈ تاشلىرىغا ھەسرەتلىك خىتابەتلەر چېكىلگىنىدى.

كۆل بىلگە قېدىرخان، سۇلتان ساتۇق بۇغراخاندىن باشلانغان ۋە گۈللىنىشكە يۈزلەنگەن ئۇيغۇر قاراخانلار خانلىقى (840- 1123) رەسكى-ھەسەت ۋە ئىچكى نىزا بىلەن خىللا ئاجىزلىدى. ھەسەت بەزىدە خانلىق تەۋەسىدىكى قەبىلىلەرنى پارچىلىنىشقا قىزىقتۇرسا، بەزىدە ئۆز ئورنىنى كۆتۈرۈش يولىدا ۋەتەن سېتىپ، چەتنىڭ قوشۇنىنى سەلتەنەتكە باشلاپ كىرىشكە ۋەسۋەسە سالدى. مەھمۇدخان سالجۇق سۇلتانىدىن ياردەم

سورىسا، قارلۇقلار ياغمىلارغا قارشى قارىقتان شاھى گۆرخان قوشۇنلىرىنى خاندانلىققا باشلاپ كەلدى.

مۇشۇ خىلدىكى ھەسەت ۋە نادانلىق ھەققىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ 6601-، 5878-، 3416-، 3418-، 3422-بېيىتلىرىدە ھەم ھەسرەتلىك، ھەم شىجائەتلىك پىكىر يۈرگۈزىدۇ:

چاياندەك چاقۇرلەر، چىۋىندەك شورارلەر،
ئىتتەك قاۋارلەر، قايسىسىنى ئۇراي مەن.

***

بۇ يالغانچى بىلەن بۇزۇلۇر ئاجۇن،
دۇرۇش چىن كىشى تۇت، ئى قولى ئۇزۇن.

***

كىم ئېسىل بولۇركەن پەزىل- نەسەپتە،
دۈشمىنى كۆپ بولۇر تەرەپ-تەرەپتە.

***

قايۇ ئەركە دۈشمەن يىغىلسا تولۇپ،
بىلىڭكىم، ئۇ ئەرنىڭ پەزىلىتى كۆپ.

***

كۆر، ئىتتىن قاچقان ئۇ بۆرى بولۇرمۇ،
ئاڭلانسا كەينىدىن مىڭ ئىتنىڭ ئۈنى.

بۇنىداق رەشكى-ھەسەت يەكەن سەئىدىيە خانلىقى بىلەن ئەرشى سۇلتانلىقىنى پاجىئە دەرياسىغا غەرق قىلىۋەتتى.

سۇلتان سەئىدخاندىن باشلانغان ۋە ئابدۇرەشىتخان ۋە ئابدۇكېرىمخان زامانىدا گۈللىنىش مەنسىزىرىسىگە قەدەم قويغان يەكەن سەئىدىيە خانلىقى (1510- 1687) نەمەنگانلىق ئىشان مەخدۇم ئەزەم ئەۋلاتلىرى باشلىغان غايەت زور مىللىي ئىجتىمائىي تەپرىقچىلىق- «ئاقتاغلىق»، «قاراتاغلىق» ماجرالىرى ئىچىدە «ئاقتاغلىق» ھىدايىتۇللا ئىشان ئاپاق خوجا ساتقۇنلىقى بىلەن مۇنقەرز بولدى! غەلىتىلىكى شۇ ئىدىكى، سۇلتان ساتۇق بۇغراخان ۋەخپىلىرىنى تەسەررۇپ قىلىدىغان تەييارتاپ «ئاقتاغلىق» شەيخلەر قەشقەردىكى ھىدايىتۇللا ئاپاق خوجا مازىرىنى تاۋاپ قىلاتتى. يەكەن يېڭىسار ئەتراپىدىكى «قاراتاغلىق» شەيخ ۋە مۇرتلار سۇلتان ساتۇق بۇغراخان ئەۋلاتلىرىدىن مەۋلانە سەئىد قەشقەرى قىزى بىبىچەدىن تۇغۇلغان ئىسھاق ۋەلى بۇ مەزھەپ باشلىقى بولغانلىقى تۈپەيلى، ئاتۇشتىكى سۇلتان ساتۇق بۇغراخان مازىرىنى تاۋاپ قىلاتتى.

ئاپاق خوجا ۋە خېنىم پاشا قاتارلىقلارنىڭ ئىشانچىلىق تۇسىگە كىرگەن ھەسەتچىلىك ئوتلىرى مىڭلىغان -ئون مىڭلىغان خەلق بېشىغا چىققان ھەم ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ بىرىنىمە ھالەتتىكى نادانلىق، ئىتتىپاقسىزلىق جاھالىتىنىڭ ئىس-تۈتەكلىرىنى پەلەكە يەتكۈزگەن. «كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىر پاجىئەسى» دەپ ئاتالغان بۇ بالا- قازادا ئۇيغۇر ھەسەتچىلىكى مىسلىسىز بەدبەشىرە «جاھالەت دېۋە- پىرلىرى» يارىتالايدىغان شورى قۇرىغان يېگى مۇمكىنلىكلىرى بىلەن ئىلغار ئىنسانىيەتتىن بارغانسېرى ئايرىلىپ قالدى! يېپەك يولىنىڭ خارابىلىشىشى نادانلىق ۋە تەپرىقچىلىققا تېخىمۇ ئەشەددى ۋە ئەسەبىي «كامالەت» شەرتى ھازىرلاپ بەردى.

دانىيال خوجا (؟- 1730) دىن باشلاپ خوجا ياقۇپ ئەرشى (1685- 1755) زامانىدىن «ھۆسەيىن بايقارا دەۋرىدەك گۈللەنگەن» (مۇھەممەد سادىق قەشقەرى سۆزى) ئالتە شەھەر سۇلتانلىقى (1700- 1755)نى ئاپاق خوجىنىڭ نەۋرىسى بۇرھانىدىن خوجا باشلىغان جۇڭغار قوشۇنلىرى «ئاداۋەت مىراسى» تۈپەيلى قانغا غەرق قىلدى! ئەرشىنى، ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىنى ھەم ھەمراھلىرىنى ساتقۇن قۇبات مىرزا قولى بىلەن ۋەھشىلەرچە ئۆلتۈردى! ئۇيغۇر خەلقى تارىختىكى يىرىم ئەسىر داۋام قىلغان ئاخىرقى بىر ئاسايىشلىق خانلىقىنىڭ چىرىغى ئۆچۈرۈلدى!

بۇنىداق رەشكى- ھەسەت ئۇچقۇنىدىن تارالغان پاجىئەلىك يانغىن ھەققىدە توختالغاندا، موللا مۇسا سايرامى «ئىككى تىللىق قەلەم ۋە ئەقىل ئاجىزلىق قىلىدۇ»

دېسە، مۇھەممەد سادىق قەشقەرى چەكسىز غەزەپ بىلەن:

تائەتى ئانىڭ ئوغرىلىق ھەم قاراقچىلىق ھۈنەر،
ھەم ھارامخورلۇق پەزىلەت مۇخلىسى سۇلتانىغا.
ئاشناسى دۈشمەنىدۇر، مېھرىبانى قاتىلى،
ھەممىنى تاراج ئېتىپ، زەخمەت بېرۇر سۇلتانىغا،
ھېچ قەۋمى، سادىقا، ئۇشبۇ سىفەتلىك بارمىدۇر،
دېۋە، ھايۋان ئار ئېتەر، بۇ شۇمنىكى ھەر كارىغا.

دەپ يازدى. بۇ پاجىئە بىلەن ھەسرەتتە جان ئۈزگەن لىرىك شائىر، دىيانەتلىك سۇلتان ئەرشى مۇنداق نىدا قىلغان؛

يەر يۈزىنى لالەزار ئەتكەي تۆكۈلگەن قانىمىز،
بارچە يارى مۇئتەقىدلەر كۆيلىگەي ئارمانىمىز!

زىيائىنىڭ «مەھزۇنىل ۋائىزىن» (قايغۇلۇق نۇتۇقلار)، ئابدۇقادىر داموللامىنىڭ «نەسىھەتى ئاممە»، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ «ئوقۇدى، ئاشتى»، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ «ئويغان»، «باردۇر» قاتارلىق ئەسەرلىرى مۇشۇ تۆكۈلگەن قان، مۇشۇ كۆيلىنىدىغان ئارماننى ئاقلىلارچە دىت بىلەن تونۇپ يېتىش ئاساسىدا يېزىلغان!

ئۇيغۇر خانلىقلىرىنى ھالاكەت دېڭىزىغا غەرق قىلغان ئاشۇ «ئەزىمەت»لەر ئۆز ئىشىنى «مىللەت» تۇغى ۋە «مىنىڭ بەرھەق» يېپىنچىسى بىلەن ئېلىپ بېرىشىمىغانمىدى؟ لۇشۇن ئەپەندى «جۇڭگو تارىخىنى ئاختۇرۇپ ئىككى بەھەيۋەت خەتنى تاپتىم. ئۇ بولسىمۇ: ئادەم يېيىش!» دېگەنىدى. ئاڭلىق ھەم ئىجتىھاتلىق، جانلىق ھەم ھەسرەتلىك تەپەككۇر تۆرىدە تۇرۇپ، ئۇيغۇر تارىخىغا نەزەر تاشلىنىمىزغا، بىزقايسى بەھەيۋەت خەتنى تېپىپ چىقىشىمىز مۇمكىن؟؟

4

قولۇمدىكى مىس ئاقچىلار ئەلۋەتتە ئۇيغۇر خانلىقلىرى دەۋرىنىڭ يادنامىسى. ئۇ

خانلىقلار كەلمەسكە كەتكەن! ھازىر قالغىنى پەقەت پۇقرا- ئۇيغۇر خەلقى، بارى يوقى پەقەت مۇشۇ مىللىي ئىجتىمائىي گەۋدە. يېقىنقى زامان ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ بىۋاستە ئەمەلىي تەپەككۇرىدا جاھالەت ۋە ھەسەت شۇنداق ئەندىشىلىك ئورۇنغا كۆتۈرۈلگەنكى، «ئەگەر يوق بولسا ھازىرلىق بۇ مىللەت ھەم يوقالغايمۇ؟» دېگەن ئادا- جۇدالىق دەرىجىسىگە يەتكەن! بۇ ھازىرلىق- مىللەتنى ئەقلىي مىللەتكە، زامانىۋى ئاڭدىكى بىلىملىك مىللەتكە، جۇملىدىن مىلەتنى ھەسەتكە نەپرەت ۋە لەنەت ياغدۇرىدىغان مىللەتكە، ئىچكى ئۇيۇشۇش كۈچىنى قىلچە زەخىملەندۈرىدىغان ھەرقانداق سۆز- ھەركەتكە شەرتسىز ھەم رەھىمسىز قارشى تۇرۇپ، ھەسەت ئالۋاستىلىرىنى مىللەت ئەمجۇمەنىدىن لەنەت جەزىرىسىگە ئىرغىتىپ تاشلايدىغان مىللەتكە ئايلاندۇرۇش ھازىرلىقىدىن ئىبارەت! چۈنكى، ئەمدىلىكتە مىللەتنى سۆيۈش قانداقتۇ ئۆتكەن خانلىقلار ھەققىدە خامۇش لاپ ئۇرۇش بىلەن ئەمەس ياكى قانداقتۇ ئاغزى- ئاغزىغا تەگمەيدىغان پىتنە- پاسات ۋە يالا- تۆھمەت بىلەن ئەمەس، قانداقتۇ مۇشۇكياپىلاقتەك جىمغۇر بولۇۋېلىپ، سوغۇق قول سېلىپ قىرقىپ تاشلاش بىلەن ئەمەس، دەل بۇلارنىڭ ئەكسىچە، بىلىم ۋە ئىناقلىقتىن ئىبارەت مۇشۇ ئىككى ھاياتىي كۈچ ئۈستىدە ۋىجدانىي باش قاتۇرۇش ۋە ئىشلەش بىلەن ئۆلچىنىدىغان بولدى! مۇشۇ نوقتىدىن ئەشەددىي ھەسەتخورلارنى مىللەتنى ھالاكەتكە ئىتتەرگۈچىلەر دەپ ئەيىپلىشىمىز مۇمكىن. ئۇلارنى تارىخىمىزنىڭ سەلتەنەت دۆردانلىرىنى ھالاكەت دېڭىزىغا غەرق قىلىدىغان ئاشۇ ئەسەبىي جىنايەتكار ئەرۋاھىنىڭ بۈگۈنكى ۋارىسلىرى، دەپ ئاتاشقا ھەقلىق ئەمەسمىزمۇ؟

بەزىلەر: «ھەسەت شەخسكە قارىتىلغان، مىللەتكە، دۆلەتكە قارىتىلغان ھەسەت بولمايدۇ» دېيىشى مۇمكىن. بۇ دەل شەخسكە قاراتقان ھەسەتنىڭ «مىللەت» تۇغىنى كۆتۈرۈۋېلىشىدىكى بىر باھانىسى، خالاس! ھەسەت شەخسكە قارىتىلغان شەكىلدە باشلىنىپ، مىللەتنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى پارچىلاپ، مىللەتنى، دۆلەتنى خانىۋەيران قىلىدىغانلىقىنى مەن «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى» ناملىق ماقالەمنىڭ تۈنجى تېمىسى- «ھەسەتخورلۇق مىللەتنى خاراپلاشتۇرىدىغان خەتەرلىك روھى ئىللەت» تە بەش قاتلاملىق نوقتا بىلەن شەرھلەپ ئۆتكەنىدىم. بۇ تارىخ تەكرار ئىسپاتلىغان ھەقىقەت! ئۇنى قايتا ئىسپاتلاپ كۆرسىتىشتەك قىيامەت خورلىقىدىن خۇدا ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن!

خوجا مەھمۇد پوچى بايانداي جەڭلىرىدە ياغاچتىن «پو» ياساپ ئىلى

قوزغىلاڭچىلىرى قاتارىغا سوقۇنۇپ كىرىۋالغانىدى. ئۇ كېيىن مەزمۇت سۇلتانىنىڭ قولتۇقىغا كىرىۋېلىپ، ئىلى سۇلتانلىقىدىكى باش سەركەردە ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ سۈيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلۈش پاجىئەسىنى پەيدا قىلدى. بۇ «شەخسكە قارىتىلغان ھەسەت» ئەمەسمۇ؟

ئەلشىر ناۋائىنىڭ سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا بىلەن بولغان بۇرادەرلىكى تۆپىيلى رەشك- ھەسەتكە چۆككەن مەجىددىن مۇھەممەد ئەينى زاماندا ۋەزىر نىزامۇل مۇلۈككە سۈيىقەست ئىشلىتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ۋەزىر بولغانىدى. مەجىددىن مۇھەممەد ۋەزىرلىككە چىقىپ، گەرچە «دۆلەت خەزىنىسى مەنپەئەتى ئۈچۈن» نىزامۇل مۇلۈك ۋاقتىدىكى ئىككى تۈمەن پۇللۇق كىرىمنى بىردىنلا ئىككى مىڭ تۈمەن پۇللۇق غايەت زور كىرىمگە كۆتۈرگەن بولسىمۇ، ئۇ ئۆز ماھىيىتىنى ئاشكارىلاپ ساددا مەنپەئەت تېشى بىلەن ئەقىل ۋە ئەخلاق دۇردانىلىرىنى سۇندۇرۇشقا باشلىغانىدى. ئۇنىڭ ئەلشىر ناۋائىنى پايتەختتىن چەتلەشتۈرۈشى بەلخ ھاكىمى دەرۋىش ئەلى باشلىغان ئىسيانى كەلتۈرۈپ چىقاردى. نەتىجىدە، مەجىددىن مۇھەممەد ئۆز ئورنىنى يەنە نىزامۇل مۇلۈككە ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە ۋە پايتەختتە تەنتەنە بىلەن كۈتۈۋېلىنغان ئەلشىر ناۋائىنىڭ نەپرىتىگە دۇچار بولۇشقا مەجبۇر بولدى. بۇنداق ھەسەتخورلۇققا ئىبنىسىنا (رەقىبى تاجۇلمۇلۇك)، ئۇلۇغبېك (رەقىبى خوجا ئەبەيدۇللا ئەھرار) ھەم دۇچ كەلگەن.

ئۇلۇغبېك ئۆزىنىڭ ئەقلىيەرۋەرلىكى، ئىلىم-پەن، شېئىرىيەت ۋە سەنئەت ساھەسىدىكى نەتىجىلىرى تۈپەيلى خوجا ئەھرارنى روھى تىرەك قىلغان مۇتەئەسسىپ كۈچلەر تەرىپىدىن ھەسەت دېڭىزىغا تاشلاندى. مۇشۇ مۇتەئەسسىپ كۈچلەر «دىنىي ئەنئەنىنى قوغداش» نىقابىدا ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇلەتىپنى ھاياجانلاندۇرۇپتى. مۇتەئەسسىپ روھىيەت نوپۇزلۇقلىرى تەرىپىدىن ئالدانغان ئابدۇلەتىپ 1449-يىلى 27-ئەكتەبىر كۈنى دادىسى ئۇلۇغبەكنى قەتل قىلىۋەتتى!

ھەممىگە مەلۇم، شائىرە ئامانىسا خېنىمنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىك ۋە سەنئەتپەرۋەرلىك پائالىيەتلىرى ئوردا ئىچى ۋە سىرتىدىكى رەشكچىلەرنىڭ پىتنە-بوھتانلىرىدىن خالىي بولالمىغان، نەتىجىدە، ئاتالمىش «شەخسكە قارىتىلغان ھەسەت» ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ھالاكىتى قانۇنىيەتلىرى بويىچە مىللەتكە زەبۇنلۇق لاتقىلىرى تاشلىغان!

ئەلشىر ناۋائى نامەرد ھەسەتخورلۇققا مەردانە تاقابىللىق تۇغرىسىدا مۇنداق يازغان:

مەرد كىشىدۇر خىزمەتىدىن قايتۇرمىغان باش،
گەر ئاسماندىن باشىگە ياغسە ھەم تاش.
گەر ئول تاشلار بىلەن باشىڭ يارىلغاي،
سەئادەت بەلگۈسى ئول ئورنى قالغاي.

مۇھەممەد سىددىق زەلىلى ھەسەتخورلۇقنىڭ ئىجتىمائىي ئاقىۋىتى ئۈستىدە مۇنداق يازغان:

ئەگرىلىكتىن جەمەن ئىچرە تىكەن،
خار تۇرۇر گەر گۈل ئىچرە ۋەتەن.

***

بۇ پىشە سەر ھەددىدە ھەر تەرەف يۈز شىرۇ ئەجدەرھا،
خەلايىقنىڭ كۆزىدە پەردە غەفلەت، نۇر ئەيان بولماس.

مۇھەممەد ئابدۇللا خاراباتى پىتنە- ھەسەتنى مىللىي ئاپەتنىڭ ئۇرۇقى سۈپىتىدە مۇنداق ئەيىپلەيدۇ:

فىتنى قىلماق خۇنى ناھەقتىن يامان،
فىتنىچى قالماس جەھەننەمدىن ئەمان.

***

خۇنى ناھەق فىتنەدىن پەيدا بولۇر،
فىتنەدىن ئالەمدە كۆپ غەۋغا بولۇر.

***

ئۇشبۇ ئالەم فىتنەدىن بولغاي خەراب،
فىتنەدىن كۆپرەك كىشى كۆرگەي ئەزاب.

مۇتۇپەككۇر ئەجداتلىرىمىز پىتنە-ھەسەتنىڭ ئىجتىمائىي ئاقىۋىتىنى قانداق روشەن كۆزەتكەن- ھە!

5

بالاساغۇن كونا خارابىسى ۋە يوقالغان قارا ئارچا ـ «ئارتۇچ» قالدۇقلىرىنى ئىزدەش جەريانىدا ئابدۇقادىر داموللامنىڭ جىيەنى، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ سىڭلىسى ھەلىمىخاننىڭ ئوغلى مەشھۇر ئۆلىما زەينۇل ئابىددىن مەۋلەۋى داموللا ھاجىم بىلەن ئۇچراشتىم، بىز بىلەن مەھەللىداش بۇ كىشى ماڭا خوجا- ئىشان ئەۋلاتلىرىدىن ئاتۇشتىكى بىردىنبىر خانىقا ئىگىسى بولمىش () بىلەن ئابدۇقادىر داموللامنىڭ بىر قېتىملىق سۆھبىتىنى سۆزلەپ بەردى.

ئىشان: «ئىبلىسنىڭ بەدبەشرە سەيتانغا ئايلىنىشىدىكى سەۋەپ نىمىدىن؟» دەپ سۇئال قويغان.

داموللام: ئاللاھ ياراتقان ۋە ھەممىنى بىلەرلىكى بىلەن مالائىكىلەرنى ھەيرەتتە قالدۇرغان ئادەمگە كىبىر- ھەسەت تۇتقانلىقى، شۇڭىدەك مالائىكىلەر ئارىسىدا تەپرىق پەيدا قىلىدىغان بۆھتان بىلەن شۇغۇللانغىنى ۋەجىدىن» دەپ جاۋاپ بەرگەن.

ئىشان: «شۇ شەيتاننىڭ بىشارىتى نىمە بولغاي؟» دەپ سۇئال قويغان.

داموللام: «نادانلىقتا ياتقان خەلقتىن چىققان نادان ئىشاننىڭ نادانلىقىنى تەرغىپ قىلىشىدىن ئىبارەت» دەپ جاۋاپ بەرگەن. ئىشان دۇدۇقلىغىنىچە بۇ سورۇندىن چىقىپ كەتكەن.

ئابدۇقادىر داموللام بىننى ئابدۇۋارىس 20- ئەسىر مۇقەددىمىسىدىكى مەشھۇر ۋەتەنپەرۋەر دىنىي ئالىم، جەدىتىزىمچى مۇتەپەككۇر ۋە تالانتلىق شائىر ئىدى. ئۇنى رەشكچى بايلار بىلەن ھەسەتخور ئۆلىما- زىيالىلار شىۋىت مىسسىئونېرلىرى ۋە نادان ئەمەلدارلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ 1924-يىلى ھېلىم (تاز) مەزىننىڭ قولىدا قولىدا قەتىل قىلىۋېتىشتى. بۇ سۇيقەستكە ئەينى زامان ۋە ئىلگىرىكى زاماننىڭ بەدنىيەت جاسۇسلىرىدىن تەركىپ تاپقان بىر گۇرۇھ ـــ «مىللەتپەرۋەر ئۆلىما» قىياپىتىگە كىرىۋالغان كەسپىي تۆھمەتخورلارمۇ پائال قاتناشتى. بۇ رەشك- ھەسەت پاجىئەسىدىن زارلانغان خەلق:

داموللام شېھىت بولدى،
ياتار جايى بېھىش بولدى.
داموللامغا قەشقەرلىق،
كۆپ يىغلاپ بىھۇش بولدى.

دەپ قوشاق قاتتى. مانا بۇ ئەل قەلبىدىكى بېھىش ئىدى! ھۆسەيىنخان تەجەللى، مەمتىلى ئەپەندى (تەۋپىق)، قۇتلۇق شەۋقى قاتارلىق مەرىپەتپەرۋەر شائىرلار مەرسىيە يېزىپ، ئۇنى ھىدايەت كانى، ئالى ھىممەتلىك ئۇستاز، كەرەملىك دېگىز، خەلق غەمگۇزارى، ئالىي تەپەككۇر ئىگىسى، ھەقىقى ئىسلاھاتچى ئالىم دەپ تەرىپلەپ، ئۇنىڭ كۆز يۇمغانلىقىغا نادامەت قىلىشتى.

ئۇنىڭ سۆزلىرى مىللەتنىڭ روناق تېپىشى بىلەن نادانلىق ۋە ھەسەتخورلۇقنىڭ ئوت بىلەن سۇدەك زىددىيىتىنى ئېچىپ بەردى. ئۇ ئەقايىد زەرۇرىيە» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق يازغانىدى:

ـ ئىنسانىنىڭ خار ۋە زەبۇن بولمىقىغا سەۋەپ نېمەدۇر؟

ــ ئىككى نەرسىدۇر: بىرى جاھىللىق ۋە نادانلىق، ئىككىنچىسى، تەپرىق ۋە ئىختىلاپتۇر.

ـ ئىززەت- ھۆرمەت، كۈچ- قۇۋۋەت نىمە بىلەن ھاسىل بولۇر؟

ـ ئىلىم- مەرىپەت ھەم ئىتتىپاقلىق بىلەن ھاسىل بولۇر.

ئابدۇقادىر داموللام «قۇتادغۇبىلىك»، «ھىببەتۇل ھەقايىق» داستانلىرىدا تەكىتلەنگەن «بىلىگ» ــ ئىلىم-پەن قاراشلىرىغا يەنە مىللەتنىڭ ئويغۇشقاق كۈچى ــ بىرلىك، ھەمدەملىكتىماتىكىسىنى قوشتى! ئۇ شۇنداق قىلىپ پولاتتەك مۇستەھكەم ئەقىدىگە ئىگە مەدەنىيەتلىك مىلەت غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ قانۇنىيەتلىك زۆرۈرىيەتلىرىنى روشەنلەشتۈرۈپ بەردى. ئۇنىڭ قاتىلى تېگى –تەكتىدىن ئالغاندا، نادانلىق ۋە ھەسەتتىن ئىبارەت رېئال ئەللەتنىڭ پاجىئەلىك راۋاجلانغانلىقى بولدى!

ئابدۇقادىر داموللام «مۇخەممەس» ناملىق 120 كوپلېتتىن تەشكىل تاپقان مەشھۇر داستانىدا نادانلىق ۋە ھەسەتنىڭ ئەينى زامان ئۇيغۇر جەمئىيىتى قاتلام ۋە ساھەلىرىدىكى ئىپادىلىرىنى ئېچىپ تاشلىدى. بولۇپمۇ ئۇ قەلەم ۋە تىل بىلەن شۇغۇللىنىدىغان شائىر، ئەدىپ، تەرجىمان، مىرزىلار ئۈستىدە توختالغاندا ئۇلارنى

يارىماس قىلىق ۋە جىنايى پىتنە- بۆھتاندىن يىراق بولۇپ، خەلقنى ئىلىمگە ۋە بىرلىك – ئىتتىپاقلىققا ئىرىشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىككى نىشان خاراكتېرلىك خىزمەتنى ئاڭلىق ئىشلەشكە دەۋەت قىلدى. ئۇ:

قارانى ئاق ئەيلىمەك، ئاقنى قارا كارى قەلەم،
بۇ سەبەبدىن دائىما ئەكسەرلەگە يەتمىش ئەلەم.

***

ھەممىدىن بەتتەر قەلەمگىر بولسا گەر ئەھلى شەرەر،
ئەل ھەزەر، سۇممەل ھەزەر، سۇممەل ھەزەر، سۇممەل ھەزەر.

دەپ يازدى. ئۇ شائىر، ئەدىبلەرنىڭ ئىتتىپاقسىزلىق پەيدا قىلىدىغان مەسخىرىۋازلىق بىلەن شۇغۇللىنىش ئورنىغا دوستانىلىقنى ئۈستۈرىدىغان ۋەسفى بايان بىلەن شۇغۇللىنىشنى تەۋسىيە قىلدى. ئۇ بۇ ھەقتە نەپسى شەيتان كەينىگە كىرمەي، ئەقىل بىلەن ئىش تۇتۇشنى تەلەپ قىلدى.

ئابدۇقادىر داموللام «مىۋىلەر مۇنازىرىسى» ناملىق يەنە بىر داستانىدا ئۆلىما- زىيالىلار ئارىسىدىكى بىر-بىرىدىن ئۈستۈنلۈك تالىشىش ۋە رەشكى-ھەسەتچىلىكنى پاش قىلىپ، ئۇلارنىڭ خەلقنىڭ روھىيەت باغچىسىدا ئۆزىگە مۇناسىپ ئورۇن تۇتۇشى، بىر-بىرىن قوللىشى لازىملىقىنى تىلغا ئالدى. ئۇنىڭچە، بۇ باغ ھەرخىل مىۋىگە مۇھتاج. ئابدۇقادىر داموللام بىرمىللەتتە سۇلتان بولمىغاندىمۇ دانا پىر- ئۇستاز بولۇش لازىم، ئۇ قانچە كۆپ بولسا، شۇنچە ياخشى دەپ قارايتتى. بۇ خوجىلار دەۋرىدە ياشىغان ئابدۇللا خاراباتىنىڭ «مەسنەۋى خاراباتى»ناملىق ئەسىرىدە ئوخشاش رەۋىشتە مۇنداق تىلغا ئېلىنغان:

ئەھلى دانا مەشئەلى روھى زەمىن،
كىمدە مەشئەل بولسا تۈن خەۋفتىن ئەمىن.
ئەي بەرادەر، بولما داناسىز بۇ كۈن،
بولماغىل ھەرگىزمۇ مەشئەلسىز بۇ كۈن.
ھەر دىيارنىڭ چىراغى ئالىمى،

ھەر قارا تۈننىڭكى ماھى ئالىمى.

زەينۇل ئابىدىن مەۋلەۋى داموللا ھاجىم بىلەن بولغان سۆھبەتتىن كېيىن مەن ئۆيگە قايتتىم. نادانلىق ۋە رەشكى ھەسەتنىڭ يىقىنقى ۋە قەدىمكى پاجىئەلىرى ئۈستىدىكى ھەسرەتلىك ئەسلىمىلىرىمنى تەپەككۇر تەلقىنلىرىگە سىلىپ، تۈن نىسپىگىچە ئۇيقۇ ئارامىغا كىرەلمىدىم. كۆزۈمگە ھېلىمۇ تاز مەزىنلىكنى راۋا كۆرگۈچى تائىپە بىلەن ھەسەت پاجىئەسىنى پىلانلىغۇچى ئاتامانلارنىڭ خۇنۇك تەلەتى كۆرۈنگەندەك بولدى. ھەسرەتلىكى شۇكى، بۇ خىل پېرسوناجلار ئەينى زامانلاردا كىشىلەر كۆزىگە ئەسلى قىياپەتلىرىنىڭ دەل ئەكسىچە كۆزەل ۋە نەپىس قىياپەتلىك بولۇپ كۆرۈنىدۇ. پەقەت مۇقەددەس ۋاقىتلا ئۇلارنى كېيىنكى ئاۋلاتلار ئالدىغا ئەسلى قىياپىتى بويىچە يالىڭاچلاپ قويىدۇ. ۋاھالەنكى، بۇنداق يالىڭاچلاپ قويۇش ئېچىنىشلىق پاجىئەلەر بەدىلىگە ئورۇندىلىدۇ. خالاس!

6

بۇ يىل «خەلق تىياتىرى»دا كەچلىك كونسېرتقا قاتناشتىم. مەن ئويۇن باشلىنىپ قالغاندا زالغا كىرىپ ئورنۇمنى ئىپىۋالغاندىم. سەھنىدە ئاتاقلىق بىر ئايال ئۇسسۇلچى ئۇسسۇل ئويناۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۇسسۇلى مىنى خېلىلا مەھلىيا قىلغاندى. ئارقامدىكى قاتاردا ئولتۇرغان يەنە بىر ئاتاقلىق ئەر ئۇسسۇلچى يېنىدىكى ھەمراھلىرىغا قاراپ: «ئۇ قىزنى سەھنىدىن چۈشۈرىۋەتسۇن، بىلى قېتىپ ئىگىلەلمەي قاپتۇ...» دەپ سۆزلەپ كەتتى. بىز تونۇشاتتۇق، ئەمما قاراڭغۇدا ئۇ مىنى ئارقا تەرىپىمدىن تونالماي قالدى. مەن ھەيران بولدۇم، ئۇلار بىللە ئوقۇغان ساۋاقداشلاردىن ئىدى. تەرلەپ كەتتىم، تامچىغان تەرمۇنچاقلىرى بىلەن بۇ ھەسەتنىڭ ھۆرمىتى ئىلگىرىكى ئېگىزلىكتىن پەسكە دومىلاپ چۈشۈشكە باشلىدى. يادىمغا يەنىلا سەئىدىنىڭ مۇنۇ بېيىتى كەلدى:

رەھىمسىز ھەي ھەرە سۆزۈمنى ئاڭلا:
ھەسەل بەرمىسەڭمۇ، نەشتەر سانجىما!

كۆز ئالدىمدىن ھەسەتنىڭ ھەرخىل شەكىل نۇسخىلىرى ئۆتۈشكە باشلىدى. سايلام

ھەسـەتلىرى، مۇكاپـات ھەسـەتلىرى، ئەسـەر نەشـر قىلىـش ھەسـەتلىرى، ئىلمىـي مۇۋەپپەقىيەت ھەسـەتلىرى، ئۇنۋان باھالاش ھەسـەتلىرى، ئەمەل- دەرىـجە ئۆسـتۈرۈش ھەسـەتلىرى، تـوي-تۆكـۈن ھەسـەتلىرى، ئـۆلپەت ۋە مەشـرەپ ھەسـەتلىرى، يۇرتۋازلىـق ھەسـەتلىرى، قەددى- قـامەت ھەسـەتلىرى، بەختـۇ-ئـامەت ھەسـەتلىرى... قارىماققا، بـۇ خۇنۇك ئىللەتنىڭ رەڭگا رەڭ شەكىلگە خىلمۇخىل قىنىقارلىق دەرىجىدە باي ئىكەنمىز.

ھەيـران بـولىمەن. ئومـۇمەن خەلقىمىزنىـڭ مەدەنىـيەت ھايـاتىنى بېيىـتىش ۋە جانلاندۇرۇش، ئـۇزاق داۋام قىلغـان مەدەنىـي تـارىخىمىزنى ئۇزۇلـدۇرمەي راۋاجلانـدۇرۇش يولىنى بويلاپ ھالال ئەجرى ئەمگىگى بىلەن نەتىجە قازانغـانلارنى قوللاش بىـر پۈتـۈن مىللەت، مىللىي مەدەنىيەتنى سۆيۈدىغان ھەرقانداق ئاڭلىق كىشىدە بولۇشقا تېگىشلىك ئەقەللىـي ئېتىـخار، ئەقەللىـي ۋىجـدان بولۇشـى كېـرەك ئىـدى. ۋەھـالەنكى، بۇنىـڭ ئەكسىچە، خەلقىمىز، مىللىتىمىزدىن ئۆسـۈپ چىققـان مۇنـداق نـۇرانە ئـۆلگىلەرنى نـابۇت قىلىـش يولىـدىكى پىكىـر ۋە پائـالىيەتتە يۇرگۈچىلەرنىـڭ قىلمىـش ۋە ئەتمىشـلىرىدىن ئۇلارنى خەلقىمىزنىڭ ھەققىي پەرزەنتلىرى دېيىشكە كىمنىڭ رايى باردۇ؟ مەلۇم مەنىـدىن ئېيتقانـدا، مانـا مۇشـۇ خىـل ئىنسـان قىياپىتىـدىكى ئالۋاسـتى ۋە يالمـاۋۇزلار تـۈپەيلى خەلقىمىز نۇرغۇنلىغـان مەدەنىـيەت مەلەكىلىـرى ۋە مۇمكىنلىكلىرىـدىن مەھـرۇم قالغـان ئەمەسمىدى؟!

بەزى ساددا پىكىرلىك كىشىلەر: «قەلەم ئەھلى ئەزەلدىن شۇنداق، بىر-بىرىنىڭ پېيىدا يۇرىشىدۇ» دېيىدۇ. مەن مۇنداق قارىمايمەن.

دەرۋەقە، قەلەم ئـۇ بىـر كـۆپ باسـقۇچ، كـۆپ قـاتلاملىق مەلىكە-دەرىـجە، ئەگەر تەپەككـۇر ئالىمىنىـڭ بىـر قەدەر يۇكسـەك پەللىسـىگە كۆتـۈرۈلگەن قەلەم ئىگىسـى بولىدىكەن، ئۇ مۇنداق بولمىغۇر پىكىر تورزانلىرى بىلەن ئۆز قەلبىنـى خۇنۇكلەشتۈرمىگەن بولاتتى. چۈنكى ئالەم، قەلبى يورۇق كىشىلەر ئۈچۈن، تەپەككۇر ئەھلى ئۈچـۈن تەپەككـۇر پاكلىقى ۋە تەپەككۇر بايلىقىدىن قىممەتلىكرەك خەزىنە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

ئىلىم- سەنئەت تـارىخى شـۇنى تەكـرار ئىسـپاتلىدىكى، خۇنـۇك ۋە ناپـاك پىكىرنىـڭ ئەخلـەت تـوزانلىرى ئۇنىـڭ ئىگىلىرىنـى مەنـۋى مەدەنىـيەت كۆكىـدە يۇقـۇرى ئـۆرلەش، پۈتكـۈل ئىنسـانىيەتكە يـۈزلىنىش ئىمكانىيىتىـدىن مەھـرۇم قىلغـان. ئـۇ خـۇددى ئېغىـر تاشتەك ئۇنىڭ پارلاق چوققىسىغا چىقىشىغا ھامان توسقۇنلۇق قىلىدۇ. روشـەنكى، پـاكلىق ۋە ئۇلۇغۋارلىق روھىيەت پەرۋازىـدىكى ھەققىي قانـاتتىن ئىبـارەت. ئۇنـداق بولمايـدىكەن «موزاينىڭ يوگۈرىشى سامانلىققىچە» بولۇپ قالىدۇ!

يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغانلىرىدىن باشقا يەنە غايىۋانە ھەسەتخورلۇق، ۋاكالىتەن (ھاۋالە خاراكتېرلىك) ھەسەتخورلۇق، ئۆزىنى نەس باسقانلىقىنىڭ ئۆچىنى چىقىرىۋېلىش خاراكتېرىدىكى ھەسەتخورلۇق، ئۆزىدىن بىر –ئىككى زامان كېيىنكىلەرگە قارىتىلغان ھەسەتخورلۇق قاتارلىق تىپخىمۇ غەلىتە، ئاجايىپ، غارايىپ رەشك-ھەسەت تىپلىرى بار. بۇلارنى ئويلىسام «چىستانى ئىلىكبەگ» داستانىدا تەسۋىرلەنگەن قارا ياغاچلار توقايلىقىغا مۆكۈنىۋالغان ھەرخىل «يەك» (ئالۋاستى) ئوبرازلىرىنى قىياس قىلىمەن. ئۇلارنىڭ ھەققىي سۈرىتىنى بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ سىزىپ چىقىشقا ئۇستا رەسساممۇ ئاجىزلىق قىلسا كېرەك!

بەزىدە ئاڭلايمەن: «خەلق ئارىسىدا كۆمۈلۈپ ياتقان ئاجايىپ قەبىلىيەتلىك كىشىلەر بار، ھازىرقىلار نېمە، ئۇ !». بەزىدە ئاڭلايمەن: «كەلگۈسىدە ئاجايىپ تالانتلىقلار پەيدا بولىدۇ. ھازىرقىلار نېمىگە ئەرزىيتتى!»... دەرۋەقە، خەلق ئۇلۇغ، ئۈمىد كەلگۈسىدە، بۇ گۈزەل ئىبارە ۋە گۈزەل ھەققەتكە ھەرخىل ئاڭ تۈزۈلمىسىدىكى كىشىلەر ھەرخىل مۇئامىلە قىلىدۇ. قاراڭلار، ھەسەتخور كىشىلەرمۇ بۇ سۆزدىن ئۆز تەپەككۇرى بويىچە ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىشقان!

ھەسەتخورلۇقنىڭ جىمغۇر بىر شەكلىمۇ بار. ئۇ بولسىمۇ، سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋېلىش شەكلىدىكى ھەسەتخورلۇقتىن ئىبارەت. ئۇ ئۆز قېرىندىشىنى، ھاقارەتلىنىۋاتقان، چەتكە قېقىلىۋاتقان بىگۇناھ كىشىنى مەلۇم بىر ئىغىز- بۇرۇن يالىشىش لەززىتى ۋە تاپاۋەتكە دەپسەندە قىلىدىغان، خار قىلىدىغان، ساتىدىغان كىشىلەرنىڭ دەل ئۆز ئەينى ئەمەسمۇ؟

7

ھەسەتخورلۇق ھەققىدىكى ھەسرەتلىك تارىخىي ۋە رېئال ئەسلەشلەردىن يەكۈن چىقىرىشقا قىزىقىپ قالدىم. چۈنكى مۇھاكىمە يەكۈنلىرى ھادىسىلەردىن قانۇنىيەتلىك ماھىيەتلەرنى ئاچىدىغان ئەقلىي بىلىش بولۇپ، ئۇنىڭسىز روشەن، بەرقارار ئاڭلىق نوقتىنەزەرنىڭ شەكىللىنىشى مۇمكىن ئەمەس. مېنىڭ ئۆز يەكۈنلىرىمنى چىقىرىش جەريانىم بى قاتار مۇجمەل قاراشلارغا، ئېنىقراق ئېيتقاندا ھەسەتخورلۇقنىڭ تۈرلۈك نىقابلىرىغا داۋاملىق تەھلىل يۈرگۈزۈش جەريانىم بىلەن بىرلىشىپ كەتتى.

ـ رەشك- ھەسەت روھى ئازادىلىك، ئەركىن-دېموگراتىك روھمۇ؟

ـ رەشك-ھەسەت ئىلمىي مۇھاكىمە، ئىقتىدار رىقابىتى، نوپۇزغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشمۇ؟

ـ رەشك-ھەسەت مىللىي قەھرىمانلىق روھىنىڭ جۇشقۇنلۇق پارتىلىشىمۇ؟

ـ نېمە سەۋەپتىن كىشى ئالگەندىن كېيىنلا قەدىر- ئىتىبارىنى تاپىدۇ؟

مۇشۇ سوئاللار ئۈستىدە ئويلاندىم.

مەلۇمكى، رەشك-ھەسەت روھىي ئازادلىك، ئەركىن- دېموكراتىك روھنىڭ دەل ئەكسىچە، مىللەت روھىيىتىدىكى،جۇملىدىن ھەسەتخور ۋۇجۇدىدىكى ئەسەبىي ئىللەت. رەشك- ھەسەت ئەپسانىۋى چۆچەك شەلىدىكى دوزاخ بولماستىن، دەل رېئال، ھەقىقى جەھەننەم، ئۇنىڭ ئوتلىرى نەپسانىيەت ۋەسۋەسىسى بىلەن يانغان، ئۇنىڭ ئاپەتلىك يالقۇنلىرى ئۆزىنىڭ ناقابىللىقى ۋە بەختسىزلىكى بىلەن باشقىلارنىڭ ئىتىدارى ۋە سائادەتمەنلىكىنى دۇم يىتىپ سىلىشتۇرۇش ئاساسىدا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەن. بۇ خىل ھەسەت يالقۇنلىرى ئۇنىڭ ئىقتىدارغا ۋە بەختكە ئېرىشىش مۇمكىنلىكلىرىنىڭ باش كوزۇرى بولغان ئەقىل جەۋھىرىنى كۆل قىلىپ، ئۇنى تەپەككۇر، روھىيەت، خۇلۇق-مىجەز ۋە جىسمانى جەھەتتىن خورىتىپ، خارابلىق تۇپىسىغا يىقىنلاشتۇرىدۇ. ئۇنىڭ تىرىكلەر ئارىسىدىكى پائالىيەتلىرى ھەسرەتتە ئۆلگەن ھەسەتخور ئەرۋاھىنىڭ قىساسكار تەلۋىلىكلىرىگە ئوخشاپ كىتىدۇ. ھەسەتخور باشقىلارنىڭ سۆرىتىنى تامغا ئېسىپ قويۇپ، ئۇنىڭ بەدىنىگە چاڭگال سىلىپ، گۆشىنى تىتىپ يىگەندەك خىيالى كۆرۈنۈشتىن ئۆزىنى ئۆزىنى بەزلەپ، ئەمەلىيەتتە ھەر دەقىقە ئۆزىگە چاڭگال سىلىپ، ئۆز گۆشىنى ئۆزى يىگۈچىدۇر. ئاتالمىش «روھى ئازادلىك» دىگەندە، ئۇ دەل تەلۋە- جۇنۇننىڭ ئۆزىنى ئالداش ۋە ھالاك قىلىش «ئەركىن-ئازادلىكى»ن خالاس!

ھەسەتخورلۇق بىلەن ئىلمىي مۇھاكىمە، ئىقتىدار رىقابىتى ۋە نوپۇزغا قارشى ئىسيان دىگەنلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ئالۋاستىلىق ماھىيەت بىلەن ئادەملىك قىياپەتنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشاپراق كىتىدۇ.

ئىلمىي مۇھاكىمىدە ئىلمىي مۇنازىرە بولىدۇ. بۇ ھەقىقەتنى، ئىتتىپاقلىقنى، مىللەت ۋە دۆلەتنى كۈللەندۈرۈشنى مەقسەت قىلىدىغان، ھەقىقەتكە ھۆرمەت قىلىپ، خاتالىقنى تۈزىتىدىغان، يالغان –ياۋداق، پىتنە-بوھتاندىن خالىي بولغان ئەقلىي ئاپائىيەت. ئىلمىي مۇنازىرىدە تېما مۇخالىپ بولىدۇ، پىرسۇناجلاپ رەقىپ بولمايدۇ!

ئىقتىدار رىقابىتى ئۆز رىقابەتدىشىنىڭ بىلىم ۋە قابىلىيەت قاتلاملىرىنى ئىتىراپ قىلغان، ھۆرمەتلىگەن ھالدا، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا يىتىشۋېلىشى ياكى تەڭداشلىق

سەۋىيىدىن چۈشۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئىلىپ بېرىلىدىغان ئاقىلانە، ھالال ۋە مەردانە تىرىشچانلىقتىن ئىبارەت. ئىقتىدار رىقابىتى مىللەتتە ئىقتىدارلىق كىشىلەرنى مىقدار جەھەتتە كۆپەيتىدىغان، سۈپەت جەھەتتە تاكامۇللاشتۇرىدىغان، جەمئىيەت راۋاجىغا مەنپەئەتلىك بەيگە! ئۇ مەنىۋى قاتىللىق، روھى قاراقچىلىق ھېساپلانغان پەسكەش ھەسەت بىلەن چىقىشالمايدۇ.

نوپۇز ئىجتىمائىي ھادىسە، يالغان نوپۇز بولمىسىلا، ئەكسىيەتچى نوپۇز بولمىسىلا، ئارقىغا سۆرەيدىغان نوپۇز بولمىسىلا، ئۇ جەمئىيەتنىڭ ئەقلى، ۋىجدانى، شان-شەرىپىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىپتىخار مۆجىزىسى ھېساپلىنىدۇ. ھەقىقى، ھالال ۋە ئىلغار تەپەككۇر نوپۇزى مىللەتنىڭ نۇرانە چىراغلىرى بولۇپ، ئۇنىڭ بولغانلىقى بىلەن بولمىغانلىقىنىڭ پەرقى چوڭ. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ: سۇلتان بولمىسمۇ دانا پىر-ئۇستاز بولسۇن، دېگىنى مۇشۇ پەرقنى چۈشەنگەنلىكىنىڭ ياڭراق نىداسى. مۇنداق روھىيەت مەشئەللىرى كۆپ بولۇشى، ئىسمى- جىسمىغا لايىق بولۇشى، ئۇ يول چىرىغى بولۇشى، گەندە قاچىسى بولۇپ قالماسلىقى لازىم، بۇنداق يول چىراغلىرىنى ئاقىللار ئاسرايدۇ. تەلۋىلەر ئۇنىڭغا تاش ئېتىپ، «جاھالەت پىرلىرى»نى چاقىرىشقا ئالدىرايدۇ.

ئەگەر زالىم، پۈچەك، ھارامخور، تەرسا بىرسى تىكلىۋالغانىكەن، ئۇنىڭ بۇ ئىللەتلىرى ئۇنى پەسلەشتۈرىدۇ، «سۈپرىسى قۇرۇق»نىڭ «ئېتى ئۇلۇغ»لىقتىن قالىدۇ. بۇنىڭغا ھېچقانداق پىتنە-ھەسەت ھاجەتسىز.

رەشك-ھەسەت مىللەتنىڭ نۇمۇسلۇق ئىللىتى، ھەرگىزمۇ «ھەقرىمانلىق روھىنىڭ پارتىلىشى» ئەمەس! تارىخ ئۆزىنىڭ ھەسرەتلىك ئۆتمۈشى بىلەن ھەسەتخورلۇقنىڭ ئەڭ ئۆتكۈر، ئەڭ باھالىق، ئەڭ قىزغىن، ئەڭ مودىلىق دەۋر تېمىلىرى، پىكىر ئېقىملىرىنى نىقاپ قىلىپ چىقىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. خەلق چۆچەكلەردە ئۆكۈز، يىلان، قارا مۆشۈك، قېرى تېكە، يالماۋۇز كەمپىر قىياپىتى بىلەن سورۇنغا كىرگەن ئالۋاستىلارغا قارىغاندا، پەرىزات سىياقىغا كىرىۋالغان ئالۋاستىلارنىڭ كۆپرەك، تىزرەك، ئۇزۇن مۇددەترەك، ئاۋاتراق بازارغا، خېرىدارلىققا ئىگە بولغانلىقىنى كۆرسەتتى. مىللەت تارىخىغا داغ تەككۈزگەن پۈرسەتپەرەسلەر، مىللەت يېڭى ئويغۇنىشىغا يۈزلەنگەنسېرى مىللەتنىڭ مىسلىسىز غەمگۇزارلىرى ھەتتا بۇ خىل پىكىر مەيدانىنىڭ سەرتىسىز «شەيخۇل رەئىسى» بولۇۋېلىشقا كىرىشىدۇ. ئۇلار پوكۇلداپ تۇرغان خاۋاتىرلىك روھىيىتىنى ئەمىن قىلىش ئۈچۈن پاك، ھالال ئەقىل چىراغلىرىنى بىر-بىرلەپ چېقىۋېتىش كويىدا سەھنە ئارقىسىدا ھەركەتلىنىدۇ. مانا بۇ، تارىخنىڭ بۇ جەھەتتىكى ھەقىقتى. بىر قاتار ھەسەت-پىتنە

كومبىناتلىرى ئۇلارنىڭ بۇ قانۇنىيەتكە خىلاپلىق قىلمايدىغانلىقىدىن بېرىلگەن بىلىش ئۇچۇرى! ئېچىنىشلىقى شۇكى، بىرمۇنچە تەتقىياتلار ئاچىز، ھادىسىلەرگە قايمۇققۇچى تېپىز پىكىر ئىگىلىرى ئۇلارنىڭ ئۇلار تەرىپىدىن مەزھەپ مۇخلىسى قىلىۋېلىنغان بولىدۇ.

8

ئۆلگەندىن كېيىن قەدىر- ئېتىبارىنى تېپىش دېگەن نېمىنى ئۇقتۇرىدۇ؟
دەر ھەقىقەت، بىرمۇنچە كىشىلەر ئۆزى باقى ئالەمگە سەپەر قىلغاندىن كېيىن، ھەتتا بىرەر دەۋر ئۆتۈپ قەھرىمان بولىدۇ، ئۆز قەدىر قىممىتىگە ئېرىشىپ، تىللاردا داستان قىلىنىدۇ، ئەسەرلىرى تۇججۇپلەپ بېسىلىپ، ئۇ ھەققىدە ئەسلىمىلەر، رومانلار يېزىلىدۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟
سىياسى سەۋەپلەرنى ھېساپقا ئالمىغاندا، بۇ ئەرۋاھنىڭ تەكەببۇرلۇقى مەۋجۇدىيەت مۇقەددەسلىكىدىنمۇ؟ ئەجىبا، بۇ ئەرۋاھ لەھەت دەرگاھىدا ھېچقانداق يېڭى ئۇلۇغلۇق مۆجىسى يارىتىش ئىمكانىيىتىدىن مەڭگۈ مەھرۇمغۇ؟
گەپنىڭ قىسقىسى، بۇ ھەسەت خورلۇقنىڭ تولىمۇ قويۇقلىقى ۋە كۈچ- بېسىمىدىن بولغان. بۇ قويۇقلۇقنى چاك تۆتەككە، تەكلىماكاندىكى بوران توزانلىرىغا، بۇ كۈچ- بېسىمنى ئاتموسفېرا بېسىمى، دېڭىز- ئوكيانلاردىكى سۇ بېسىمىغا ئوخشىتىش مۇمكىن. ئۆلۈم ئۆلگۈچىنىڭ بۇ جەھەتتىكى توسقۇنلۇقلىرىنى تەدرىجى كېمەيتىدۇ. زامانلار ئۆتۈپ زاماندا ھەسەتخور نۇقسانچىلارمۇ تارىخ سەھنىسىدىن ئىزسىز يوقۇلىدۇ. يېڭى بوغۇن ھەسەتچى ئەرۋاھلار بىلەن «ئۇماچ» تالىشىپ ئولتۇرمايدۇ...
مۇشۇلارنى ئويلاپ، ئۆلگەندىن كېيىن ئەسلى ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن ئۆتمۇشدارغا ئىچىم ئاغرىيدۇ. ئۇلار ھەسەتخورلارنىڭ ھەسەت چەمبىرىكىگە مەھبۇس بولغان قۇربانلار!
ئالىملار، ئىختىراچىلار، ئەدىبلەرنىڭ يېرىمىنى كىسەل ئازابى، كۆپرەكىنى ھەسەتخورلۇق ئوقۇبەتلىرى خەلقىمىزنىڭ مەرىپەت بېغىدىن ۋاقىتسىز يۇلۇپ كەتكەنىكەندە! كىيىنكى بۇ شۇم كېسەلگە قارشى بىرەر تىببى پەن، بىرەر تىببى ھەكىم، بىرەر شىپاخانا بارمىدۇ؟
مانا قاراڭ، ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ «پۈتۈن ئىران تارىخىنى قۇتقۇزۇۋالغان» «يېپەك يولىدىكى ئەڭ زور ئەدەبىي ئەسەر» ھېساپلانغان 120 مىڭ مىسرالىق

«شاھنامە» داستانىنى يېزىپ بولۇپ، بۇنى پۈتكۈزۈش ئۈچۈن كەتكەن 35 يىل جەريانىدا ئۇچرىغان ھەسەت زەخمەتلىرى ئۈستىدە قىلغان شىكايىتىگە:

ئۇلار روشەن دىلىمنى خەستە قىلىشتى،
ھەسەتنىڭ تىغىدا باغرىم تىلىشتى.
ئاتمىش بەش ياشتىن ھەم ئاشقاندا ئۆمرۈم،
دەرد، رەنجىدىن مۈكچەيگەن ھالىمنى كۆردۈم.
ئەمدى مەن ئۆلمەسمەن، مەڭگۈ ياشارمەن،
ھەر ئېيتقان پىكرىمدە قايتا ياشنارمەن.

دەر ھەقىقەت، فىردەۋسىگە ھەسەت تىغى ۋە تەنە- تاپا ئىغۋاسى بىلەن يوپۇرۇلغان زامانە ئاكابىرلىرىنىڭ نام –دېرىگى قالمىدى! مانا بۇ تارىخنىڭ نۇرانىلىقنى تاللاش قانۇنىيىتى!!

گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە، قەلەم ئەھلىنىڭ شان –شەرىپى، مەردلىك ۋە ئەركەكلىكى ھەسەتخورلۇقتىن مۇتلەق خالىي بولۇشتا دېگەن پىكرىگە كەلدىم. بۇنىڭدىكى «مۇتلەق» دېگەن ئىبارىنى مەن غايىۋى ئۇمىدىم بويىچە زورمۇزور ئىشلەتتىم. بۇنىڭدا ئىككى نەرسىنى نەزەردە تۇتتۇم.

ئۇنىڭ بىرى، ھەرقانداق ئەھۋالدىمۇ بىر ساھە، بىر كەسىپتىكى ئىلىم- مەدەنىيەت ئەھلى بىرى يەنە بىرى ئۈستىدە ھەرقانداق سورۇندا ھەسەت تۇپەيلى پىتنە- ئىغۋا قىلىش سالاھىيىتىگە مۇتلەق ئىگە ئەمەسلىكىنى ئۆز –ئۆزىدىن جەزملەشتۈرۈۋېلىشى لازىم. پەۋقۇلاددە جىددىي «قانۇنى» بولمىغان ئەھۋالدا ئۆز كەسىپدىشى ئۈستىدە ۋايساش ۋايسىغۇچىنىڭ نادان، شۆھرەتسىز خۇنۇك قىياپىتىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ، خالاس! بۇ مەسىلىدە جان چىقىش ئالدىدا ئىمان ئېيتىشقا ئالدىرىغاندەك ئۆز- ئۆزىنى پاقلاشقا ھېچقانداق تەمەننا سىز، كىبىرسىز، ئەستايىدىل ئالدىراش لازىم! مانا بۇ ئاقىلانە ۋىجدانىنىڭ دەۋىتى!

ئۇنىڭ ئىككىنچىسى، ھەسەتخورلۇق ئىللىتى ئېغىر كىشىلەر ۋە بۇ جەھەتتە روشەن سۆز- ھەركىتى ۋە پائالىيەت ئادىتى بار قەلەمكەشلەر يەنە بەھوزۇر ھالەتتە ھېچ نېمىنى ئۇقمىغاندەك قىياپەتكە كىۋېلىپ، ھەسەتخورلۇقنى سۆكىدىغان شېئىر ۋە غەزەل – ھېكايىلەر بىلەن كىشىلەرنى ئالداپ، ئۆز روھىنى بەزلەشكە كۆچەپ ئۇرۇنمىغىنى

ياخشىراق. بولمىسا، بۇ خۇددى «ئوغرىنىڭ ساقچى فورمىسىدا كىيىنگەنلىكى»گە ئوخشاپ قالىدۇ. ھەسەتخورلۇقنى ئەمەلىيەتتە سۆكۈش، ئەمەلىيەتتە ئېرىغداش، پەزىلەت مەسىلىسىنى پەزىلەت بىلەن ھەل قىلىش لازىم. جاھالەت قاراڭغۇلۇقىدا قارا لىباس، نىجادىيەت كۈندىزىدە ئاق يەكتەك كىيۋالىدىغان كىشىلەرگە تارىخنىڭ قوينى كەڭ بولۇش بىلەن بىللە مەسخىرە شەمشىرىمۇ يېتەرلىك ئۆتكۈر.

ئەينەككە قاراش ئىككى خىل بولىدۇ: ئۇنىڭ بىرى، يۈيۈپ تارانغاندىن كېيىن، تاشقى قىياپەتنى كۆزۈتۈش ئۈچۈن قاراش. يەنە بىرى، ئەينەككە تىلىپ قاراپ، ئۆز كۆزىگە سىنچىلاپ قاراپ، ئۆزىنىڭ ئىچكى قىياپىتىنى ئۆزى كۆرۈش ئۈچۈن قاراش. نۇرغۇنلىغان كىشىلەر تاشقى قىياپىتىنى ئوبداق بىلسىمۇ، ئۆزىنىڭ كۆزىنىڭ زادى قانداقلىقىنى راسا دېگەندەك بىلمەيدۇ. ئۆز كۆزىگە «ئەۋرەتتىكىسى كۆڭۈلگە تايىن» دېگەن سەممىيلىك بىلەن قاراش ئاسان ئەمەس. ۋاھالەنكى، مۇنداق ئەينەككە قاراشقا جۈرئەت قىلىش ۋە مۇنداق ئەينەككە قاراشتىن تەربىيەت ئېلىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇشنىڭ بولۇش- بولماسلىقىدا پەرق تولىمۇ كاتتا! ھەسەتخورلۇقتا تەلۋە- تەرسا دەرىجىگە يەتكەن بىمارلارنىڭ ئىككىچى خىل ئەينەككە قارىشى تولىمۇ، مۇشكۈل.

باشقىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ساغلام ئىستىبتىك زوقلىنىش پىسخىكىسىغا زىت ھالدا ئىللەت خاراكتېرىدىكى ھەسەتخورلۇق روھىيىتىنى ئىپادىلەيدىغان كىشىلەرنىڭ مۇنداق پاكلىنىش جەريانىنى ئۆتكۈزىشى تەۋسىيە قىلىنىدۇ. زوقلىنىش- ئۇلۇغۋار ئىنسانىي روھىيەت، ساغلام ھېسسىياتچان ھېسداشلىق قۇۋۋانچى! مۇشۇنداق مەنىۋى مەلەكە ۋە روھىي سائادەتتىن مەھرۇم بولۇش نېمە دېگەن شورى قۇرىغانلىق- ھە!

تىكەندىن قورۇققان ئەتىرگۈل بولماس، ئىتتىن قورۇققان جاھانكەزدى! ھەسەتكە يولۇقۇش نۇمۇس ئەمەس! ئۇ غەربىي ياۋرۇپا خرىستىيان مۇئەللىپلىرى ئېيتقاندەك: تەڭرىنىڭ غايە ۋە ئىجتىھات چىنىقتۇرىدىغان، ھەسەتسىز پاك قەلب يېتىشتۈرىدىغان ئالاھىدە بىر خەيرخاھلىقى! سەئد شىرازى توغرا ئېيتىدۇ:

پارە قىلسا ئەسكى تاش زەر قەدرىنى،
زەر تۆۋەنلەپ، ئۆرلىمەس تاش قىممىتى.

مەسىلە ناھىيتى روشەن، مىللەتنىڭ روناق تېپىشى، ھەتتا رىقابەتچان دۇنيادا ساقلىنىپ تۇرىشى ئۈچۈن ئىلىم- پەن ئارقىلىق ناندانلىقنى تازىلاش، ئىتتىپاقلىق،

ئىنىاقلىق، ھەمجەھەتلىك ئارقىلىق ھەسەتخورلۇقنى تازىلاشتىن باشقا يول يوق! بۇ نوقتىدا ھەسەتخورلۇق مىللەتنىڭ تەقدىرىگە ئالاقىدار چوڭ مەسىلە.

ئائىلە، مەكتەپ، دوستلار تۈركىمى (مەشرەپ) ۋە پۈتكۈل جەمئىيەتتە بۇ جەھەتتە تەربىيە ئېلىپ بېرىش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ جەھەتتە كۆپرەك سۆزلىنىشى، يېزىلىشى، ئويلىنىشى لازىم. نەشرىيات ئورۇنلىرى ئاڭلىق ئېتىبارىنى قەدىمكى ۋە ھازىرقى مىللىي ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىنى يەردە قالدۇرماي ئاۋۋال نەشر قىلىشقا قارىتىشى، مىللىي يېڭى مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىنى تەخىرسىز تولۇقلاشقا قارىتىشى، چەتنىڭ نەتىجىلىرى تونۇشتۇرۇلىدىغان نەشرىياتچىلىق مەلۇم قىسمەنلىك سالمىقىدىن ئارتىپ كەتمەسلىكى لازىم. بۇ جەھەتتە «چەتكە ھەسەت يوق، مەرھەمەت»، «ئۆز ئىچىگە يول توسۇپ تۇرغاي ھەسەت» ياكى قارىغۇ ئۆلچەم، گاچا ئۆلچەم پۇل پەقەت» بولۇپ قالماسلىقى لازىم! نەشرىيات خادىملىرى ـ ئاڭلىق ۋە ئومۇمىيلىق قارىشىدىكى نەشرىيات خادىملىرى ئۇچۇن ئۆز خەلقى ياراتقان ئىلمىي ۋە بەدىئىي ئەسەرنى ئۇنىڭدا ئېلان قىلىش قىممىتى (ھەتتا كېيىنكى كاتېگورىيىلىك قىممىتى) بولسىلا، ئېلان قىلىشتىنمۇ شەرەپلىك تارىخىي ئىش يوق! قەدىمكى كىشىلەر ئەگەر دائىم، ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىنى تولۇق، يەردە قويماي بىزگە يەتكۈزمىگەن بولسا، بىز ھېلىغىچە ئىزوپ مەسەللىرى، ئەرەپ جەڭنامىلىرى، ھىندىستان چۆچەكلىرى ۋە ياۋروپا لىرىكىلىرىدىن باشقا ئۆزى ھەققىدە خەۋەرسىز مىللەت بولۇپ قالماسمىدۇق؟! بۇ جەھەتتىكى ھەسەت ۋە ھەسەت گورۇھۋازلىقى مىللەتنى نابۇت قىلىدۇ! كۆپلەپ ئىلمىي ئەسەر نەشر قىلالمىغان نەشرىيات يوپۇرماق چىقىرىپ مېۋە بەرمىگەن دەرەخكە ئوخشايدۇ.

تەخىرسىزلىك شۇكى، ئاپتورلۇق ھوقۇقى ئۇستىدىكى قىرغىنچىلىق تارىخىمىزنىڭ بەزى پەسىللىرىدىكى ئاق تېرورلۇقتىنمۇ يامان. ئانىلىرىمىز ئاق تېرورلۇقتا قامالغان، قەتلى قىلىنغان مىقداردىكى باللارنى قايتا تۇغۇپ نوپۇسىمىزنى تولۇقلاشقا قادىر بولسىمۇ، قىرقىلغان مەدەنىيەت گۈلزارىمىزنى، ئۇنىڭ كىتاپ كامالىتىگە يەتكەن مېۋىلىرىنى تولۇقلاشقا قادىر ئەمەس. ئىككى بۈيۈك ئەسەر ــ «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى» قايتا-قايتا كۆچۈرۈلمىگەن بولسا، ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىمىز چىراغسىز كېچە بولۇپ قالماسمىدى. ۋەھالەنكى، قاسساپلىق قۇشخانىغا مەرگەزلەشكەندەك، مەدەنىيەت ھەسەتچىلىكىمۇ نەشر- ئەپكار گۈلزارىدىن ئورۇن تۇتۇپ قالماسلىقى كېرەك. بۇ يۈكسەك گۈلزارنىڭ بۇلغىنىشى ئۈمىد شامىنىڭ بۆھرانىدىن دېرەك بېرىدۇ.

مەن ماقـــالەمنى كىشـــىلەر دىقـــقەت قىلمىغـــان بىـــر شـــېئىرىم بىـــلەن ئاخىرلاشــتۇرماقچىمەن. بــۇ شــېئىر مىلــلەت توغرىســىدىكى ئەندىشــىلىك تەســەۋۋۇردىن تۇغۇلغاندى:

بىر كونا گۈمبەزدە قاقىلدار قاغا،
ئېلىنى يوقاتقان شائىرغا قىياس.
ئەرۋاھتەك يېقىمسىز ئۈندىكى سادا،
ئۇستىدە ئۆمۈرلۈك ھازىردار لىباس.

ئانا ئەل ئامانسەن، ئىلكىڭدە غۇرۇر،
ھازىدار كۆڭلەردىن ساقلىسۇن خۇدا.
نىزالار كۆزۈڭدىن گەر ئۆچۈرسە نۇر،
شائىرلىق-بۇ نەسەپ قاغىدۇر گويا.

ۋەيرانە ئۇستىدە قاغا مۇڭلىنار،
سەبىلەر ئاتسىمۇ ئاڭا تىنماي تاش.
ھېكمەت شۇ: ياشاشنى خالىساڭ ئەگەر،
ئىناقلىق ئىچىدىن ئىزدىگىن قاياش.

1989-يىلى، 10 ئاۋغۇست

# يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت

سۇمۇرۇغ مېنى جاۋاھىرلار غارىغا ئېلىپ كىردى. قولۇمغا <<جاھاننامە>> ئەينىكىنى ئالدىم. كۆزۈمگە قىزىل يۇلغۇنلۇق يولدا مەرۋايىتتەك تىزىلىپ كېتىۋاتقان تۆگە كارۋىنى كۆرۈلدى...

<<جاھاننامە>> دىن

1980 – يىللارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر كېچىسى سەمەرقەندتىكى «ئۇلۇغبەگ رەسەتخانىسى» تەسۋىرلەنگەن ئالبومنى قولۇمدا تۇتۇپ، چوڭقۇر خىيالغا چۆكتۈم. تەسەۋۋۇرۇم بوشلۇقىدا ئالتۇن قاناتلىرىنى دالا گۈلخانلىرىنىڭ يالقۇنلۇق ئۆركەشلىرىگە ئۇرۇپ قايتا تۇغۇلغان سۇمۇرۇغنىڭ جەسۇر ئوبرازى چاقناپ، ئۇنىڭ خۇش بېشارەتلىك كۈلكە ئاۋازى ياڭرىغاندەك بولدى. بەئەينى جالالىدىن رۇمى ئېيتقاندەك: ئەقىل مەنتىقە بىلەن يەكۈنلىيەلمەيدىغان بىر ھەقىقەتنى قەلبىم مۇھەببەت بىلەن ئالدىن ھېس قىلغۇدەك، بىر ئۈمىدۋار، ئىللىق روھىيەت ۋۇجۇدۇمنى شېرىن لەرزىگە سالدى. كۆز ئالدىمدا بىرەر يېڭى بايقالغان يۇلتۇز ئەمەس، بەلكى يېڭى ئىقبال – ئانا يۇرتۇمنىڭ ئەزگۈ گەۋدىسى ئۈستىگە چۈشكەن ئەنقا قۇشىنىڭ شولىسى جىلۋىلەندى، بىردىنلا ئەقلىمگە كەلدىم: «كەلگۈسى مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ!»

مەن شۇ ماۋزۇدىكى ماقالەمنى يېزىپ ئىككى يىل ئۆتكەندە «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1992 – يىل 2 – سانىدا ئېلان قىلىشقا مۇيەسسەر بولالىدىم. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى «كاساندىرانىڭ جۆيلۈشى (كاساندىرا – رىم ئەپسانىلىرىدىكى ئالدىن بىلگۈچى)» ھېسابلانغان بۇ ھۆكۈم، مانا 1992 – يىلى سېنتەبىردە ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان خەلقئارا يەرمەنكە يىغىنى ئارقىلىق رېئال تارىخنىڭ تۈنجى سەھىپىسى بىلەن قوشۇلۇپ كەتتى.

ھەئە، شۇنداق! بىر نەچچە ئەسىر «ئەسھابۇلكەھق»دەك ئۇخلىغان «يىپەك يولى» روھى ئويغاندى. مىلادىدىن ئىلگىرى ياۋروپا – ئاسىيا بوشلۇقىدا جەۋلان قىلغان «يىپەك يولى» سۇمۇرۇغى قايتا قانات قاقتى. تارىخ ئۆزىنىڭ ئۈچىنچى ئېراسىغا قەدەم قويدى.

جۇڭگونىڭ ئىشكىنى سىرتقا چوڭ ئېچىۋېتىش، غەربتە ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن بولغان ئالاقىنى تەخىرسىز يولغا قويۇش سىياسىتىگە ئۇل سالغان ھازىرقى زامان ئېڭى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى شەرق – غەرب ئالاقىلىرىنىڭ يىپەك يولى ئوتتۇرا ئۆتكىلىدىكى ئەڭ ئاخىرقى مۇز قاتلىمىنى ئېرىتىۋەتتى. زامانىۋى تاشيول، ياۋروپا – ئاسىيا ئىككىنچى تۆمۈريولىنىڭ پائالىيەتكە كىرىشى، ھاۋا قاتنىشى كېلىشىملىرى بىلەن تېلېگراف – تېلېكس ئالاقىلىرىنىڭ قايتا جانلىنىشى قۇم بارخانلىرى ئىچىگە غەرق بولغان قەدىمكى يىپەك يولى خارابىلىرى ئۈستىدە يېڭى يىپەك يولىنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى نامايان قىلدى! ئالەم زۆرۈرىيەتلىرى شۇنى تەقەززا قىلىدىكى، بۇ ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەس تارىخىي يۈزلىنىشنى توختىتىش مۇمكىن ئەمەس!

قەدىمكى رىم ئالىمى لۇكرەئوس ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىدائىي تۇرمۇشىنى تۇنجى قېتىم «كونا تاشقورال دەۋرى» دەپ ئاتىدى. بۇ قاراش 19– ئەسىردە قوبۇل قىلىندى. 1865– يىلى جون. لوبىك «كونا تاشقورال (پالەئولەتىك) دەۋرى»، «يېڭى تاشقورال (نەئولەتىك) دەۋرى» ۋە مىس (برونزا)، تۆمۈر قوراللىرى دەۋرى قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1877 – يىلى ئامېرىكىلىق قەدىمكى دەۋر تارىخىي تەتقىقاتچىسى مورگان «قەدىمكى جەمئىيەت» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە ئىنسانىيەت تارىخىنى «ياۋايىلىق دەۋرى»، «ۋارۋار(نادان) لىق دەۋرى»، «سىۋىلىزاتسىيە(مەدەنىيەت) دەۋرى» دەپ ئۈچكە بۆلگەن، ئالدىنقى ئىككى دەۋرنى جون. لوبىكنىڭ «كونا تاشقورال دەۋرى» بىلەن «يېڭى تاشقورال دەۋرى»گە تەققاس قىلغان، تۆمۈر ۋە دۆلەت پەيدا بولغاندىن كېيىنكى دەۋرنى «سىۋىلىزاتسىيە دەۋرى» دەپ ئاتىغانىدى.

مەن يېڭى يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشىنى ئىنسانىيەت مەدەنىيەت ئالاقىلىرى تارىخىنىڭ ئۈچىنچى ئىبراسىنىڭ مۇقەددىمىسى دەپ قارايمەن. بۇ ئاساسسىز ئېيتىلغان ئەمەس، ئەلۋەتتە!

مېنىڭچە، ياۋروپا – ئاسىيا – ئافرىقىدىن ئىبارەت «كونا قۇرۇقلۇق»تا مىلادىدىن بىر قانچە ئەسىر ئىلگىرى باشلانغان ۋە يېقىنقى زامان تەسۋىرىي ئىبارىسى بويىچە «ئۇلۇغ يىپەك يولى» دەپ ئاتالغان قەدىمكى كارۋان ئالاقىلىرىدىن بۇرۇن ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شەرق – غەرب يۈرۈشىنى باشلىغان. ھازىرغىچە، قىسمەن ئەپسانە ئەدەبىياتىغا ئايلىنىپ كەتكەن، قىسمەن ئاسىيا، ياۋروپا، ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي ئامېرىكا قىيا – غار سىزمىلىرى، ئىندىئان ئىمپېرىيىلەرىدىن قالغان پىرامىدا ۋە قەسىر خارابىلىرى شەكلىدە ئىزاھسىز تىلسىم بولۇپ تۇرۇۋاتقان «غەيرىي رەسمىي تارىخ» ئەنە شۇ ئەڭ

قەدىمكى شەرق – غەرب مەدەنىيەت قانلىنىڭ تارىخىي شەھىرى ھېسابلىنىشى لازىم.

قەدىمكى سىبىرىيە كىشىلەر نەزىرىدە ئاللىقاندداقتۇر «بوش ماكان»، «ئورمان پادىشاھلىقى» بولۇپ تۇرماقتا. بىز ئەگەر بۇ ماكاننىڭ 10 مىڭ يىل، ھەتتا تېخىمۇ يىراق زامانلاردىكى «غەيرىي رەسمىي تارىخ»ىغا نەزەر سالساق، ئۇنىڭدا ھەرىكەتچان ئىپتىدائىي ئىنساننىڭ ئاللىقاچان شەرق – غەرب سەپىرىنى باشلىۋەتكەنلىكىنى كۆرىمىز. ھازىرقى ئورال – ئالتاي تىللىرى تۈركۈمىدىكى خەلقلەرگە تونۇش ئادىتى، فولكلور – ئەپسانىلىرى، سەنئەت رىتىملىرى ئوخشاپ كېتىدىغان قەدىمكى سىبىرىيىلىكلەرنىڭ بىر قىسمى تەخمىنەن 20 مىڭ يىللار ئىلگىرى ئاسىيا بىلەن ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ ئەڭ يېقىن ئىككى تۇمشۇقى – «ئۈزۈلۈش» ۋە «ئۈزۈلدى» ئارىلىدىكى تۇتاش مۇزلۇق ئارقىلىق ئالياسكا ۋە شىمالىي ئامېرىكا، كېيىنچە جەنۇبىي ئامېرىكىغا ئۆتكەن. ئۇلار مايمۇنسىمان ئىنسان ئىزى تېپىلمىغان بۇ زېمىندا ئۇزاققا سوزۇلغان ئىپتىدائىي تۇرمۇشنى باشتىن كەچۈرۈپ، ھىندىستانغا بارىمەن دەپ «ئوتلۇق يەر» بوغۇزىدا تۇتقۇن بولغان كولومبو تەرىپىدىن ناتوغرا ھالدا «ئىندىئان»لار دەپ ئاتالغان. ئۇلار غەربىي ياۋروپالىقلارنىڭ قىرغۇچى ۋە قۇللاشتۇرغۇچى ھەربىي يۈرۈشلىرىدە خانىۋەيران بولۇشتىن ئىلگىرى «ئولمېك مەدەنىيىتى»، «تىئوتىۋاكان مەدەنىيىتى» قاتارلىق ئاجايىپ مەدەنىيەت تىپلىرىنى ياراتقان. مىسىر پىرامىدىلىرى سىياقى ئۇلۇغۋار ھەم سىرلىق «تەڭرى ماكان – تىئوتىۋاكان» پىرامىدىسى بىلەن فرانسىيىدىكى مەشھۇر ئالتامىرا غار سىزمىلىرى، ئىسپانىيىدىكى راسكو غار سىزمىلىرى، يېقىندىلا فرانسىيىنىڭ مارسىل شەھىرى يېنىدىكى كىچىك دېڭىز قولتۇقىدىن تېپىلغان سۇ ئاستىدىكى غارغا سىزىلغان رەسىملەر ئەنە شۇ ئەڭ قەدىمكى، ئەمما تېخى سىرى يېشىلمىگەن شەرق – غەرب مەدەنىيەت ئالاقىلىرىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ قەدىمكى پائالىيەتچان مەدەنىيىتى، مېنىڭچە، مۇشۇ قانال ساھىلىغا كۆمۈلگەن. ئۇ مۆجىزە شەكلىدە ئېچىلغۇسى ۋە بىزنىڭ قاتمال تارىخىي قاراشلىرىمىزغا يېڭى مەنزىرە، يېڭى ئوزۇق بېغىشلىغۇسى.

بۇ بىرىنچى مەدەنىيەت ئېراسىنىڭ كېيىنكى سەھىپىسى سومەر – ئاندىرونوم – ئارى تۈركۈمىنىڭ سىكتاي – ساك قەبىلىلىرىنىڭ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3000 – يىللىرىدىن تاكى 1000 – يىللىرىنىڭ كېيىنكى يېرىمىغىچە – شەرقتە كۇڭفۇزى، غەربتە سوقرات ئالەمگە كەلگۈچە بولغان دەۋرلەرگىچە داۋاملاشقان. ۋەھالەنكى، چىن – خەن ئىمپېرىيىلىرى، گرېتسىيە، ئاخمانىيلار ئىمپېراتورلىرى غەرب ۋە شەرقكە يۈرۈش قىلىپ، «ئۇلۇغ يىپەك يولى» بەرپا بولغۇچە ئۆتكەن بۇ بەھەيۋەت مەدەنىيەت باسقۇچمۇ تېخى

يورۇتۇلغىنى يوق!

رەسمى ئېتىراپ قىلىنغان، تەخمىنەن مىلادىدىن 5 – 6 ئەسىر ئىلگىرى تەدرىجىي شەكىللىنىپ، 15-، 16 – ئەسىرگىچە ئىككى مىڭ يىلدەك داۋام قىلغان يىپەك يولى ئالاقىلىرىنى مەن شەرق – غەرب مەدەنىيەت ئالاقىلىرىنىڭ ئىككىنچى تارىخىي ئېراسى دەپ قارايمەن.

ئاتنى «جاھانكەزدى» ۋاستە قىلغان، ئەڭ قەدىمكى «ئاتلىقلار مەدەنىيىتى»نى ياراتقان خەلق ئەڭ دەسلەپكى شەرق – غەرب ئالاقىلەر لىنىيىسىنى ئاچقاندىن كېيىن، تۆگىنى «جاھانكەزدى» ۋاستە قىلغان، قەدىمكى «يىپەك يولى مەدەنىيىتى»نى شەكىللەندۈرگەن يېڭى شەرق – غەرب ئالاقىلىرى باشلاندى. ئىككى مىڭ يىلغا يېقىن داۋام قىلغان بۇ قايناق ئالاقە يولى ياۋروپادا ئەدەبىيات – سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشى، دېڭىز – ئوكيان قاتنىشىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، يېڭى قورۇقلۇقلارنىڭ بايقىلىشى ۋە سانائەت ئىنقىلابىنىڭ يۈز بېرىشى بىلەن چۆلدەرەپ قالدى. نەتىجىدە، شەرقتىكى قەدىمكى مەدەنىيەت ئوچاقلىرى تەدرىجىي سوۋۇپ، ئۇنىڭ موجىزىدار يادىكارلىقلىرى خارابىغا ئايلاندى. ئەينى يىللاردىكى قايناق مەدەنىيەت ئالاقىلىرىنىڭ مەركىزىدە پائالىيەت قىلىپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ خاراكتېرىمۇ بارا – بارا تەبىئىي يوسۇندا يىپەك يولىنىڭ سىمۋولى بولغان چۆل كېزەر تۆگىنىڭ خاراكتېرىگە ئەمەس، دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، بېشىنى قۇمغا تىقىۋېلىشنى ئامان – ئېسەنلىك دەپ بىلىدىغان تۆگىقۇشنىڭ خاراكتېرىگە ئوخشاپ قالدى.

مانا ئەمدى «قاناتلىق تۆگە» ئوبرازىنى سىمۋول قىلغان شەرق – غەرب ئالاقىلىرىنىڭ ئۈچىنچى تارىخىي ئېراسى باشلاندى، ھەربىر ئالاقىدار ئېراسنىڭ ئۆز ئەپسانىلىرى، رىۋايەت – لەگەندىلىرى، ھېكايە – داستانلىرى، ئەقىدە ھېكمەتلىرى بولغىنىدەك، ئۈچىنچى ئېرامۇ ئۆز سەھىپىلىرىنى ئۆز زامانىغا مۇناسىپ لەگەندا ۋە ھېكمەتلەر بىلەن بېزەندۈرگۈسى. «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت» ئىككىنچى ئېرانىڭ – يىپەك يولى ئالاقىلىرىنىڭ مەركىزىي ئاسىيادا بىنا قىلغان موجىزىدار خەزىنىسىدىكى خۇددى ئەنقا تۇخۇمىنىڭ توققۇز گۆھىرىدىن ئىبارەت.

1

يولدا تەشەببۇسكار ئورۇننى ئىگىلىگەن مىللەت مەدەنىيەتتە ئىلگىرى كەتكەن

مىللەتتۇر.

– خىيال دەپترىمدىن

يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەتنىڭ بىرىنچىسى يول ۋە سىرتقى تىجارەتتىن ئىبارەت.

يىپەك يولى – ئۇز زامانىسىدىكى سان – ساناقسىز تۇرمۇش رىتىملىرى، ھېسسىيات دولقۇنلىرى، تەپەككۇر ئېقىملىقى، تاغ – جىلغا، يايلاق – بوستان قاتناش ئىزلىرى بىلەن سەپەر مەنزىلگاھلىرى قوشۇلۇپ ھاسىل بولغان ئەڭ ئۇلۇغ قانات سۈپىتىدە مەيدانغا كەلدى.

يىپەك يولى قەدىمكى ئاتلىقلار مەدەنىيىتى دەۋرىدىكى يايلاق – دالا يوللىدىن پەرقلىق ھالدا قەدىمكى ئىمپېرىيىلەر، شەھەر – قەلئە مەملىكەتلىرى بويلاپ سوزۇلدى. چۆل – جەزىرە ۋە بوستانلىقلار ئۇنىڭ مېلودىيىسىنى تەشكىل قىلدى. بۇ خۇددى چالغۇ تارلىرىغا ئوخشاش، ئىككى مىڭ يىللىق شەرق – غەرب مەدەنىيىتىنىڭ گارمونىك ئاھاڭىنى چېلىپ كەلگەن ئۇلۇغ قانات ئىدى.

يىپەك يولىنى ھەرقايسى مىللەتلەر ئاچقان. ئۇنىڭدا يۈرگەن كارۋانكەش سودىگەرلەرنىڭ تۆھپىسى لەشكەر تارتىپ، جەڭ سۈرتۈقلىرىنى ياڭراتقان پادىشاھ – سەركەردىلەرنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ. ھەسەل ھەرىسى بىلەن رەڭدار كېپىنەكلەردەك گۈلدىن گۈلگە قونۇپ بەرگ جامىدا شەبنەم ئىچكەن كارۋان تارتقۇچى سودىگەرلەر شاراپىتىدىن يىپەك يولىدا ماددىي مەدەنىيەت ۋە ئۇنىڭغا مەدەنىيەت جاۋاھىراتلىرى ئالمىشىپ تۇردى. يىپەك يولىنىڭ ئاۋانگارت كارۋانلىرى ھېسابلىنىدىغان ئۇيغۇر ئەجدادلىرى بولمىش ۋە خەنزۇ مەنبەلىرىدە «خۇرجا(贿胡)» دەپ ئاتالغان بۇ سودىگەرلەردە ئىككى ئالاھىدىلىك بولغانىدى:

ئۇلار ئۆز ماكانىدا يۆتكەلمەي دۇكان – سارايي ئاچىدىغان ھۆپىگەر تىجارەتچىلەرنىڭ ئەكسىچە، يۇرتمۇ– يۇرت، قەلئەمۇ قەلئە، تاغمۇ تاغلاردىن ئېشىپ خەلقئارا ئالاقىنىڭ ئۇلۇغ توقۇلمىسىغا ئارقاق بىلەن ئورۇش تارتقۇچىلار ئىدى. ئۇلار يىراق ئەجدادلىرى – ئارىيان – سكىتاي – ساكلارنىڭ «جاھانكەزدى» ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، شەرقنى غەربكە، غەربنى شەرققە «يۆتكەپ كېلىش» جەريانىغا ئۆلمەس تۆھپە قوشتى. ئۆز ماكانىدا رەستە قۇرۇپ، دۇكان – سارايي ئاچقان تىجارەتچىلەر بۇ توقۇلمىغا گۈل چەكتى.

ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ ئىككىنچى ئالاھىدىلىكى، ئۇلار ئەينى زامان مەدەنىيىتى ۋە مىللىي ئۆرپ – ئادەتكە تويۇنغان بولغاچقا، ئالدى بىلەن مەدەنىيەت تارقاتقۇچىلار بولدى. ئۇلار سودىگەر كەلگەندە «قىلنى قىرىق يارغان» بىلەن، دوستلۇق، مېھماندوستلۇق، ساخاۋەتكە كەلگەندە، «ئالتۇن چاچقۇ چاچىدىغان» مەردانىلاردىن ئىدى.

يىپەك يولى تۆپەيلى، قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا ئادەتتىكىدىن يايلاق ياكى بوستان مەدەنىيىتى رايونى ياكى يېزا ئىگىلىكى رايونى بولماستىن، بەلكى خەلقئارا سودا – تىجارەتنى تەرەققىي قىلغان يېزا ئىگىلىكى، ھۈنەر – سەنئەت مەدەنىيىتى ۋە چارۋا ئىگىلىكى دىيارى ئىدى. ئادەتتىكى يىپەك – مەشۇتقا سىكتاي – ساك ئالتۇنپەزلىرى ئەنئەنىسى بىلەن ئىش قوشۇپ «زەرھەل»، «كىمخاپ» قىلىپ، يىراق رىم – مىسىر دىيارىدا يۇقىرى باھادا ساتقان «خورجا» كارۋانلىرى تۆپەيلى ئۇيغۇر خەلقى تارىختا ئۇچ ئامەتكە ئىگە بولغانىدى:

ئۇنىڭ بىرى، تەكلىماكان ئەتراپىدا ھەشەمەتلىك ئوردا – شەھەرلەر، خەلقئارا ئالاقە تۈگۈنلىرىنى مەيدانغا كەلدى. ئەينى زاماندا رىم، باغدات، چاڭئەن، لوياڭ شەھەرلىرى ئۇلار بىلەن ھۆسنداش بولدى. ئۇ چاغلاردا ھەرقايسى ئوكيانلار ساھىلىدا «ئايغا تاقاشقان بىنالار» بىلەن بېزەلگەن ھازىرقى پورت – شەھەرلەر بولمىغان.

ئۇنىڭ ئىككىنچىسى، ئۇيغۇر قاتارلىق غەربىي يۇرتلۇقلار ئۆز دەۋرىنىڭ ماددىي ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىدە ئالدىنقى قاتاردا نىسبىي مەنىدە پاراۋان ۋە مەئىشەتلىك تۇرمۇشتا ياشايتتى. بىز تاڭ سۇلالىسىنىڭ سەلتەنەتلىك پايتەختىدە ھەشەمەتلىك ئوردا بەگزادە، خانزادىلىرىنىڭ مەركىزىي ئاسىيالىقلارنىڭ كىيىنىش – تارىنىش (ھەتتا گۈللۈك بۆك كىيىش)، زىبۇ – زىننەت، ئويۇ – روزىغار، تاماقلىنىش، ئات مىنىش، سەنئەت ۋە مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىش دولقۇنى قوزغىغانلىقىنى ھېچقانداق غەربىي نورمال ھادىسە دەپ قارىمايمىز.

ئۇنىڭ ئۈچىنچىسى، غەربىي يۇرتلۇقلار ئۆز دەۋرىدە نەمۇنىلىك مەدەنىيەت مۆجىزىسى ياراتتى. ئەگەر غەربىي يۇرت ئۇيغۇر ئەجدادلىرى ھېسابلانغان «خۇرجا» سودىگەرلىرىنىڭ خەلقئارالىق سودا كىرىمگە يۆلەنمىگەن بولسا، بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ ئەقلىمىزنى لال قىلىۋاتقان مۇنداق زور ھەجىمدىكى تاشكېمىر سەنئىتى قەسىرلىرى تىزمىسىنى يارىتالمىغان بولاتتى. مەلۇمكى، شىمالىي ۋەي خانلىقى ئۆز دەۋرىدە پۈتۈن ۋەي خانلىقىنىڭ ئاساسلىق مالىيىسىنى سەرپ قىلىپ بىر قانچىلا تاش كېمىر سەنئەت

سارىينى سالالىغانىدى. قاراخانىيلار، كېيىنچە تۆمۈرىلەر دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن ئاجايىپ بىناكارلىق مۆجىزىلىرىمۇ (ئۇنىڭ مۇتلەق كۆپى ساقلانمىغان) خەلقئارا سودا ۋە ئىقتىسادىي جۇغلانمىدىن ئايرىلمىغان. بۇ غەربىي يۇرتنىڭ ئەينى زاماندا خەلقئارا سودىنى باش بۇلاق كۆزى قىلغان ئىقتىسادىي قۇدرىتىنى كۆرسىتىدۇ.

يىپەك يولى ۋە خەلقئارا سودا – تىجارەت تۇپەيلى پوچتا، بېكەت، قانۇن ۋە پۇل مۇئامىلىسى تارىختا كىرىپ كەلدى. قاتناش لىنىيىلىرىنىڭ خەت – ئالاقە كارۋانچىلىقى – پوچتا، «خۇرجا قوناق»– بېكەت – مەنزىلگاھلىرى مەيدانغا چىقتى. يول بىخەتەرلىكى، سودا كارۋانلىرىنىڭ تۇركۇملىشىشى، قاراقچىسىزلاشتۇرۇش، قورۇل بېجى، قورۇلدىن ئۆتۈش يول ئىگىدارچىلىق مەزمۇن قىلىنغان قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى راۋاجلاندى. يىپەك يىلى ئىقتىسادىي ئالاقىلىرى پۇل مۇئامىلىسى، ئاقچا ۋە ئالتۇن – كۆمۈر تەركىبى مەسىلىسىنى مەركىزىي ئورۇنغا قويدى. يىپەك يولى بويىدىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ مېتال پۇللىرىنىڭ يۇرتىمىزدىن كۆپلەپ تېپىلىشى، شىنجاڭدا ئەينى زاماندا قويۇلغان مەتال ئاقچىلارنىڭ ھەرقايسى ئەللەرنىڭ تارىخىي ئىزلىرىدىن تېپىلىشى بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرىدۇ.

يىپەك يولىدىكى بىرىنچى ھېكمەت– يول ۋە ئۇنى چۆرىدىگەن سودىگەرلەر گۇرۇھى، بېكەت – رابات، شەھەر – قەلئە، شەھەر مەدەنىيىتى، قانۇن ۋە پۇل مۇئامىلىسى مەدەنىيىتى مەخسۇس تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان كاتتا تېما، شۇنىڭدەك ئۇ يېڭى يىپەك يولى قۇرۇلۇشىدا ئەتىۋارلاشقا مۇناسىپ جىلۋىدار جاۋاھىرات.

2

ئىنسان – سەنئەتنى ياراتقۇچى ۋە ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن سۇپەتتۇر. ھۇنەر – سەنئەت ئىنساننىڭ ئۆز نۇسخىسىنى تامغا قىلىپ تۇرمۇشنى خاتىرىلەش تارىخىدىن ئىبارەت.

– خىيال دەپتىرىمدىن

يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەتنىڭ ئىككىنچىسى ھۇنەر – سەنئەت مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت.

ئـۇ ئىنسـانىنىڭ ئـۆز – ئـۆزىگە تـۇنجى سـەنئەت ھوجرىسـى شـەكلىدە قىزىقىـپ بېرىشـىدىن تـاكى ئۇنـىڭ پۈتـۈن مـاددىي مەدەنىـيەت بۇيۇملىرىغـا ھـۈنەر– سـەنئەت چېچەكلىرى نەقىش قىلىشىغىچە بولغان سىمۋوللۇق نەفاسـەت قەسـىرىنى ئـۆز كۆكسـىگە جۇلالاندۇرغانىدى.

مەلـۇمكى، ئىنسـان كونا تاشقورال دەۋرىـدىلا ھـۈنەرۋەن سۈپىتىدە گەۋدە كېرىـپ تاشقى ئالەم ئوبيېكتلىرىغا نەزەر تاشلىغان. ئۇلار كېيىنچە ھەتتا يۇلتۇزلار تولغان ئاسمان سـەتھىنىمۇ ھەرخىـل گېئومېترىـك سـىزىقلار يـاكى شـەكلەن ئوخشاتماسـلىق بىـلەن «چومـۈچ»، «تـاروزا»، «قـوزا»، «چـوك ئەيـىق»، «ئـالتۇن قـوزۇق» قاتـارلىق تەققـاس ئىسىملار بىلەن ئاتاپ، ئۇلارغا ھـۈنەر – سـەنئەت سىمۋولىزم تۈسىنى بەرگەن. قەدىمكى غار سىزمىلىرى ئەنە شۇنداق مەيدانغا كەلگەن.

يېڭى تاشقورال دەۋرى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ھـۈنەر – سـەنئەت بـىخ سـۈرگەن ۋە باھـار چېچەكلىرىنـى ئېچىلـدۇرغان دەۋر بولـدى. بـىز قىيـا تـاش سـىزمىلىرىدىن، تـوتېم قالدۇقلىرىدىن، بولۇپمۇ كۆپلەپ تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك بۇيۇملاردىن يىپەك يولىـدىن ئىلگىـرى مەركىـزىي ئاسـىيا ئىنسـان تۈركـۈملىرى مـاھىر ھـۈنەرۋەنلەردىن بولغـانلىقىنى بىلەلەيمىـز. مەشـھۇر ئانـدورونوپلار مەدەنىيىتـى، ئافىناشـەفلار مەدەنىيىتـى، تاكـار مەدەنىيىتى، قاراسۇغ مەدەنىيىتـى، ئـۇرۇمچى يېنىـدىكى ئـالغۇي قەدىمكـى قەبرىگـاھلىقى بىـلەن ئالتـاي بـازىرى، چەرچەن – لـوپ زاغۇنلـۇق تېپـدىكى قەدىمكـى قەبرىگـاھلىق قاتارلىق قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن تېپىلغان ئات– ئەگەر جابدۇقلىرى، تۆرمۈش ۋە زىبـۇ– زىننەت بۇيـۇملىرى، ئـالتۇن ۋە تۇچقا ئىشـلەنگەن ئەۋرىشـىم – قاتلىمـا ھـايۋان تەسۋىرى چۈشۈرۈلگەن سەنئەت دۇردانىلىرى، بولۇپمۇ ئالمائاتا يېنىدىكى كونا قورغاندىن تېپىلغـان مىلادىـدىن ئىلگىرىكـى 5 ـ، 6 – ئەسـىرگە تەئەللـۇق سـكىتاي قەھرىمانىنىـڭ ئـالتۇن قاسـىراق زەنجىـردە ياسـالغان نەقىشـلىك جەڭ كىيىمـى، دۇبۇلغـا ۋە خەنجىـرى سكىتاي – ساك ھۈنەر – سەنئىتىنىڭ نادىر ئۇلگىسىنى ياراتتى.

مەركىـزىي ئاسىيا ھۈنەر – سەنئىتى توقۇش ساھەسـىدە غـايەت زور تـارىخىي تـۆھپە ياراتقان. بىز ئاددىي يۇڭ رەخت توقۇشـتىن (مەسـىلەن، بـازىرىق قەدىمكـى قەبرىلىرىـدىن تېپىلغان ئات – تۆگە كارۋانلىرى چۈشۈرۈلگەن گىلەم جىيەكلىـرى بىـلەن ئـاتلىق يىگىـت ۋە ئۇنىڭ ئالدىدىكى نامرات كىشى كۆرۈنۈشـى چۈشـۈرۈلگەن رەڭـدار گىلەمـلەر)، تـاۋار – دۇردۇن، ئەتلـەس توقـۇش ۋە كالۋۇتۇنـدا گـۈل چېكىشـكىچە مەركىـزىي ئاسـىيا ھـۈنەر– سەنئىتىنىڭ ئۆزىگە خاس ماھارىتى ۋە ئالەمشۇمۇل داڭقىنى بىلىمىز.

ئەتلەس، جۇملىدىن ھەرخىل گۈل– نەقىشلىك كىيىم نۇسخىلىرى مەركىزىي ئاسىيادىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلاردىن كۆپلەپ تېپىلغان. بىز سەمەرقەنت يېنىدىكى ئەپراسىياپ قەلئە خارابىسىدىن، پەنجىكەنت، باراھشاھ، جۇملىدىن دەندان ئۆيكۈك، قىزىل، قۇمتۇرا، شورچۇق، بېزەكلىك بۇددا تاشكېمىرلىرىغا سىزىلغان تام رەسىملىرىدىن ھەرخىل يىپەك ۋە زەرباپ كىيىم نۇسخىلىرىنى كۆرىمىز. بۇلار ئىچىدە ئەتلەس شۇنچە داڭ چىقارغانكى، كەييۇەن يىللىرى (713 – 742) چاڭئەندە «ئەتلەس ئۇسسۇلى» ئوينالغان. لى جۇلىڭ «بەش پارچە شاڭچىڭ نەزمىسى» دېگەن شېئىرىدا ئەتلەس ئۇسسۇلىنى مۇنداق تەرىپلىگەن:

پۈتتى ئەتلەس نەغمىسى ئاسماندا قوزغالدى شامال،
ئون ۋىلايەت ئۇستىنى باستى ئېپار ئۆتمەي ھايال.

شۈي نىڭ «ھۇئاڭچىڭگۇڭ قەسرىدە دۇشىرىنگە مۇشائىرە» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق يازغان:

ئۇچۇرۇپ ماھۇق كەمەرنى ياڭرىسا لەرزان سادا،
تاشلابان يەڭگىل قەدەمنى ئەۋرىشىم <<ئەتلەس>> كېلۇر.

مەركىزىي ئاسىيالىقلارنىڭ ئەتلىسى ئوتلۇق دەشت – چۆل ۋە يېشىل بوستان مەنزىرىسىنى سىمۋول قىلغان(布元火) بولۇپ، ئۇ كۆپلىگەن شائىرلارنىڭ شېئىرغا ئىلھام بولغان.
ئەلىشىر نەۋائىي ئەتلەسىنى ئاسمان نۇرلىرىغا، شەپەقكە ئوخشاتقان ۋە مۇنداق يازغان:

پەلاسى ھۇزنىمەن، ئەي ئەتلەس چەرھ،
ماڭا لايىق ئەمەس ۋالا قۇماشىڭ.

(مەنىسى: ئەي پەلەك ئەتلەس مەن پالاستەك غەمكىنمەن، ماڭا ئالىي كىيىملەر لايىق ئەمەس).

چۈن تۈشەرلەر ئاقىبەت ئۈستۈڭگە ھارا بىرلە قەرش،
نى ئاسىغ ئاستىڭدا گەر چەرھ ئەتلەسدىندۇر فىراش.

(مەنىسى: ئۈستىڭگە ئاخىر تاش – تۇپراق چۈشىدىغان تۇرسا، ئەگەر ئاستىڭدا چەرھ ئەتلىسدىن كۆرپە سېلىنغان بولسىمۇ ئۇنىڭ نېمە پايدىسى؟)

ھارا تۈبىگە ياتقۇڭ، يوق سۇد ئەگەر يۈز يىل
كۆك ئەتلەس ئۈستىدە جىسمىڭنى ياتىپ ئاغنات.

(مەنىسى: كۆك (ئاسمان) ئەتلىسى ئۈستىدە يۈز يىل يېتىپ جىسمىڭنى ئورناتقىنىڭ بىلەنمۇ ھېچ پايدىسى يوق، چۈنكى ئاخىر بەرىبىر تاش ئاستىدا ياتىسەن).

بىر يىپەك يولىنىڭ مەركىزىي ھالقىسىدىكى مەتال ۋە توقۇلما ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ئاجايىپ جەلپكار پاۋلىئونىغا نەزەر سالساق، ھەرخىل كىيىم – كېچەك، مەتال توقا – تاسما، پىچاق– خەنجەر، ئاپتۇۋا – چىلاپچا، باش – ئاياغ كىيىملىرى، زىبۇزىننەت بۇيۇملىرى، يىمەك – ئىچمەك ئەسۋابلىرى، ياغاچ قىرما ۋە قاشتېشى ئويملىرى، بىناكارلىق قۇرۇلما ۋە نەقىش – بېزەك ھۈنەر – سەنئىتى، تېرە – بۇلغارى ھۈنەرۋەنلىكى، مەي، مۇراببا، گۈلقەنت، ئەدرەك، پاتاسى ئىشلەش تېخنىكىسىنىڭ نەقەدەر يۈرۈشلەشكەن ۋە خېرىدارلىق بولغانلىقىنى كۆرىمىز. مەركىزىي ئاسىيانىڭ چالغۇ قوراللىرىنى ئىشلەش تېخنىكىسى ئەزەلدىن مەشھۇر بولغان.

يىپەك يولى ئىبارىسى كېيىنكى ۋاقىتتا ئىستېمال قىلىنغان بولۇپ، بۇ يولدا شەرق – غەربنىڭ، جۈملىدىن مەركىزىي ئاسىيانىڭ ئات، يىپەك گەزلىمە، زەر كىمخاپ، قاشتېشى ۋە ياقۇپ، ئالتۇن زىننەت بۇيۇملىرى، تېرە – يۇڭ، پار – پۇر، چاي، دورا– دەرمەك، ھوش پۇراق ماتېرىياللار، پاختا – چىگىت، گىلەم– كىگىز قاتارلىقلار سودىسى ئاساسىي ئورۇندا تۇرغاچقا، ھۈنەر – سەنئەت ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكىسى راسا راۋاجلانغان.

يىغلىق – جەنگۇ زامانىدا جاۋ بېگلىكىنىڭ پادىشاھى جاۋ ئۇلىن (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 325 – 229 يىللار) قوشۇن تۈزۈش ئۇچۇن تارىختا مەشھۇر «خۇلاردىن كىيىنىشنى ئۆگىنىش» ھەرىكىتىنى قوزغىغانىدى. ھەن زامانىسدا كېڭەيمىچى ئىمپېراتور لىيۇچى مەركىزىي ئاسىيا مۈزىكىلىرى ۋە شىمالدىكى مىللەتلەر پاسونىدا ھەربىي

ئوركېستىر ۋە چەۋەنداز قوشۇن قۇردى. شىمالىي سۇلالىلەر، سۈي – تاڭ سۇلالىلەر دەۋرىدە، بولۇپمۇ كەييۇئەن (713 – 742) يىللىرى چاڭئەندە مەركىزىي ئاسىيا مەدەنىيىتىدىن ئومۇمىيۈزلۈك ئۆگىنىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. يۇئەن جىڭنىڭ «فاچۈي» ناملىق شېئىرىدا:

بولدى ئۇيغۇرچە ياسانما قىز – ئاياللار مەشغۇلى،
زور ماھارەت بولدى چالماق سازنى ئۇيغۇرسىمان.
ئاتقا ئۇيغۇرچە مىنىش، زىبۇزىننەت، تىل ئۆگىنىش،
بولدى بەس – بەستىلىك ھەۋەس بۇ ئەللىك يىلدىن بۇيان.

دەپ يازغىنى، خۇئارۇي خانىمنىڭ «قەسىر نەزمىسى» دېگەن شېئىرىدا:

مىنگىنى ئۇيغۇر ئېتى، ئۇيغۇر لىباسى كىيگىنى،
جىلۋە قىلدى بۇ لىباستا تال چىۋىقتەك بەللىرى.

– دەپ يازغىنى ئەينى زامان رېئاللىقىنىڭ شېئىر–نەزمىلىرىدە ئەكس ئەتكەن قىسمەن ئۆرنەكلىرى ئىدى.

يىپەك يولىدىكى ئىككىنچى ھېكمەت – ھۈنەر – سەنئەت مەدەنىيىتى يالغۇز ھەرقايسى ئەللەر ئېتنولوگىيە مەزمۇنلىرىغا ھۆسن قوشۇپ قالماي، ھازىرقى ئۇيغۇر قاتارلىق يىپەك يولى ئوتتۇرا ئۆتكىلىدىكى خەلقئارا تورمۇشىدىمۇ ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە مەپتۇنكار ئېستېتىك سېھرىنى نامايان قىلىپ كەلدى. يېڭى يىپەك يولى پۈتۈن دۇنيا بىر – بىرىگە ياندىشقان ۋە ئومۇمىيۈزلۈك ئىچىۋېتىلگەن كۆپ قانالىق خەلقئارا ئىقتىساد ۋە بازارغا قاراپ يۈزلەنمەكتە. ئىشەنچ بىلەن ئېيتىش مۇمكىنكى، ھۈنەر – سەنئەت مەدەنىيىتى ئۆزىنىڭ يېڭى مۇمكىنلىكلىرىنى ئىشقا سالغۇسى ۋە ھۈنەر – سەنئەتنىڭ يېڭى، ئاۋات مەنزىرىسى بىلەن ئۆز ئەنئەنىلىرىنىڭ يېڭى زامان فورماتسىيىسىنى تۈزگۈسى.

3

ئىنسانىيەت ئۆز بەخت – سائادىتىنىڭ نۇرلۇق يۇلتۇزلىرىنى تېپىش يولىدا ئاسمان جىسىملىرى بىلەن تونۇشتى. ئەمما ئۇلارنىڭ ئاسمان يورۇتقۇچلىرىنى بىلىش ھالىتى ئۆزىنىڭ بەخت – سائادەتكە قانچىلىك ئېرىشكەنلىك بىلەن توغرا تاناسىپ بولۇپ قالدى.

– خىيال دەپتىرىمدىن

يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەتنىڭ ئۈچىنچىسى تەبىئەتنى بىلىش ھېكمىتىدىن ئىبارەت.

قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيالىقلارنىڭ ئاسترونومىيە، ھاۋارايى، جۇغراپىيە ۋە ھېسابلاش قاراشلىرى ئەڭ قەدىمكى ئالەم يارىلىش ئەپسانىلىرى بىلەن بىللە يىراق ئۆتمۈشتە مەيدانغا كېلىشكە باشلىغانىدى. قەدىمكى قاراخان تەڭرىم، مەرگەن تەڭرى، قۇياش ئىلاھى مىترا توغرىسىدىكى قاراشلار ئۆزىنىڭ ئەپسانىۋى خاراكتېر ئالغانلىقى بىلەن يەنە ئىپتىدائىي ئالەم قاراشلىرىنى ئىپادىلەپ بېرەتتى. ئىپتىدائىي ئالەم قاراشلىرى ئىپتىدائىي كوسمولوگىيىلىك – ئاسترونومىيىلىك قاراشلارنىڭ بىخى ھەم ئۇرۇقى بولدى. چەكسىز ئالەم بوشلۇقىنىڭ كۆز بىلەن كۆرۈنىدىغان قىسمى ھەر دەرىجىلىك ئىلاھىيەت قاراشلىرىغا ئاساس سالغاندەك، يەنە ئاسترونومىيىلىك ساددا قاراشلارغىمۇ ئاساس سالدى.

چەكسىز زېمىندىكى سەپەر مۇساپىسىدە قۇياشقا قاراپ تەرەپلەرنى، يۇلتۇزغا قاراپ پەسىللەرنى پەرقلەندۈرۈش ئېھتىمال ئىپتىدائىي ئاتلىقلار مەدەنىيىتىنىڭ ئاسترونومىيىلىك ساۋاتى بولسا كېرەك. ئۇلار 12 ئوكەك (بۆرچ) بويىچە دەسلەپكى ئاي ۋە يىلنى بەلگىلىگەن. غارلارغا ئاتنىڭ رەسىمىنى سىزىپ، ئۇنىڭ بېشىغا تەكرار سىزىق ياكى چېكىتلەرنى تامغا قىلىش، ھەتتا ئاي، كۈن شەكلىنى چېكىش ئارقىلىق ھەربىر يىلدا بىر قېتىم ئات قۇربانلىق قىلىپ، يېڭى يىلنى كۈتۈۋالغانلىقىنى خاتىرىلەپ دەسلەپكى سالنامە بېكىتكەن. كېيىنچە، 12 يىلنى بىر مۆچەل بىلىدىغان، ھەربىر يىلنىڭ مەلۇم ھايۋان نامىدا ئاتايدىغان ئادەت پەيدا بولدى. بۇنداق مۆچەلدىكى 12 يىلنى 12 ھايۋان نامىدا ئاتاش ئارى – سومەر، سىكتاي – ساك ياكى تۈركىي خەلقلەر زامانىدا مەيدانغا كەلگەنلىكى ئېنىق ئەمەس.

شامان باخشىلىرى تۈركىي خەلقلەرنىڭ مۇنەججىملىرى ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن ۋە ھەربىي يۈرۈشلەردە خان مەسلىھەتچىسى بولغان. يۇلتۇز كۆرۈش، چۈش ئۆرۈش، يادا تاش ئارقىلىق يامغۇر ياغدۇرۇش شىمالىي دىغارلار زامانىدىن ياكى يېقىنقى قۇمۇل

ۋاقىتلىرى دەۋرىگىچە ساقلانغان. «شەرھى ئاسامۇل مۇسلىمىن» دېگەن كىتابتا كۆرسىتىلىشىچە، «تۈرك پەيغەمبەرلىرى» دېگەن تەرەپتە «ئامان»، «ئەمىق»، «ئۈمىد»، «پۇراھ»، «تاھىن»، «تابۈي»، «كوسان»، «ئەركىل»، «ساۋان»، «سوغۇن»، «دىۋىل»، «سالاق»، «تاپقىر»، «ئانۇق»، «قىتىن»، «نارۇن»، «ھامۇن»، «چىجىل»، «پاسان»، «ياۋۇق»، «ياھۇر» قاتارلىق كىشى ناملىرى تىلغا ئېلىنغان. بۇ بەلكى قەدىمكى شامان مۇنەججىملەرنىڭ ناملىرى بولسا كېرەك. گابائىن خانىم قاتارلىقلار ئېلان قىلغان «تۇرپان تېكىستلىرى» ئارىسىدا ئاسترونومىيە، ھاۋارايى ۋە يادىگەرلىك، پالناملارغا ئائىت سەھىپىلەرنىڭ ساقلانغانلىقى قەدىمكى ئۇيغۇر مۇنەججىمچىلىكىنىڭ گۈللەنگەن مەنزىرىسىدىن دالالەت بېرىدۇ.

يېپەك يولىنىڭ مەركىزىي بەلۋېغىدىكى قەدىمكى ئاھالىلەر توپلىغان ئاسترو – ماتېماتىكىلىق بىلىملەر شەرق بىلەن غەربنىڭ ئۆلچەم–ھېسابلاش بىلىملىرى بىلەن قوشۇلۇپ، يېڭى سىنكرېتىك قاتلام ھاسىل قىلدى. ئەل خارەزمى، فەرغانى، فارابى، ئىبن سىنا، بىرۇنى، ئومەر ھەييام، نەسىرىدىن تۇسى، ئۇلۇغبەگ قاتارلىق ئۇلۇغۋار ئىلىم ئەللامىلىرى ئۆز پائالىيىتى ۋە ئەسەرلىرى ئارقىلىق ھازىرقى زامان ئاسترو – ماتېماتىكىسىنىڭ ئىلمىي ئۇلىنى قۇردى. بۇ، يېپەك يولىنىڭ مەركىزىي ئوچىقىدا روياپقا چىققان غايەت كاتتا ئىلمىي ھېكمەت دۇردانىسىدۇر.

ئۇلۇغ تەبىئەت ئالىمى، ئاسترو-ماتېماتىكا ئىلمىنىڭ يېپەك يولىدىكى بۈيۈك ئاساسچىسى مۇھەممەد مۇسا ئەل خارەزمى (783 – 850) ئۆزىنىڭ «ئاسترونومىيىلىك جەدۋەل»، «مۇزىكا توغرىسىدا رىسالە»، «ھىندى رەقەملىرى توغرىسىدا رىسالە»، بولۇپمۇ ئالگېبراغا ئاساس سالغان «ئەلجەبىر ۋەل مۇقابەلە» ناملىق ئەسەرلىرى شۇنداقلا خەلىپە مەمۇن دەۋرىدىكى «بەيتۇل ھېكمەت» دەپ ئاتالغان پادىشاھلىق كۇتۇپخانىسىدىكى ئىلمىي خىزمەتلىرى بىلەن مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ جاھان مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان ئەڭ نازۇك ئىلمىي تۆھپىسىنىڭ ئۇلۇغ نامايەندىسى بولدى.

ئەھمەد ئىبن مۇھەممەد ئەل فەرغانى (؟ – 861) قەشقەرگە يېقىن فەرغانىدە تۇغۇلۇپ، خەلىپە مەمۇن ئاكادېمىيىسىدە (ئىشخانىسىدا)، كېيىنچە مىسىردا ئاسترو – ماتېماتىكا ۋە ئۆلچەم ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ «كىتابەتى ئۇسۇل ئىلمۇل نۇجۇم»، «يەتتە ئىقلىم ھېسابى»، «ئەل فەرغانىنىڭ جەدۋەللىرى»، «ئالماگىستاغا بەغىشلايدىغان پەلەكىيات رىسالىسى»، «پەكە چەمبەرلىرى سەۋەبىياتى»، «ئاي يەرنىڭ ئۈستىدە ۋە ئاستىدا بولغاندا ۋاقىت ئېنىقلاش رىسالىسى»، «ئەلمەجەستى ھەققىدە»،

«ئىلمۇل ھەيە (پەلەك ئىلمى)»، «ئۇستۇرلاپ بىلەن ئەمەل قىلىش كىتابى»، «ئۇستۇرلاپ ياساش ھەققىدىكى كىتابى» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئامېرىكا، رۇسىيە، مىسىر، ھىندىستان، ماراكەش، گېرمانىيە، فرانسىيىلەردە ساقلانغان. ئۇنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرى 1145-، 1175-، 1193-، 1533-، 1537-، 1590- 1910- يىللىرى ئىئوناسىۋىل، فرارد كرەمون، گوۋل، رەگومونتان، شيونر، ھرستمان، كامپاني، روزەنفلىد، دوربروۋسكىي، سەرگىيۋە، ۋىدەمان قاتارلىق كىشلەر تەرىپىدىن ياۋروپا تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان.

ئەبۇنەسىر فارابى (870 – 950) «پەنلەرنىڭ تۈرگە ئايرىلىشى»، «شەرھى ئەل مەجەستى»، «كىتابۇل لەۋھىق»، «ئېۋكلىدنىڭ 1 – ۋە 5– كىتابلىرىدىكى قىيىن مەسىلىلەرگە شەرھى»، «گېئومېترىك نازۇك شەكىللەر توغرىسىدىكى كىتاب»، «يۇلتۇز ھەققىدىكى سۆھبەتتە توغرا ۋە ناتوغرىلىق ھەققىدە رىسالە»، «ئارىفمېتىكىغا مۇقەددىمىسى»، «تەسەۋۋۇرلۇق گېئومەترىيىگە مۇقەددىمە»، «بوشلۇق ۋە مىقدارى»، «خىمىيە ئىلمىنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە ئۇنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا رەددىيە» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە ئۆزىنىڭ ئارىستوتېلدىن كېيىنكى ئەڭ كاتتا تەبىئەتشۇناس پەيلاسوپلىقىنى ئىسپاتلىدى.

ئەبۇئەلى ئىبىن سىنا (980 – 1037) فارابى ناتۇرال پانتېئىزملىق پەلسەپە سىستېمىسىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋارىسى، بۈيۈك «شەيھۇل رەئىس»، تىبابەتشۇناس بولۇش بىلەن بىللە، ئۇ ئەللۇددەۋلەنىڭ تاپشۇرۇشى بىلەن بىر مەزگىل ئاسترونومىيىلىك كۆزىتىش بىلەن شۇغۇللانغان.

ئىبن سىنا ئۆزىنىڭ «كىتابۇششىغا»، «دانىشنامە»، «كۆزىتىش ئەسۋابى ياساشتا ئەۋزەل ئۇسۇل كىتابى»، «يەرنىڭ ئەلەم مەركىزىدىكى ھالىتى»، «ئاسمان جىسىملىرىنىڭ كۆرۈنمە مۇساپىلىرى»، «يورۇتقۇچىلارنىڭ كىچىلىك كۆرۈنۈشى ھەققىدە»، «ئاسمان سفېراسى ۋە ئادەملەرنىڭ ئۆي – ماكانلىرى»، «شەمس ۋە قەمەرى يىل پەسىللىرىنىڭ ھەمدە كېچە ۋە كۈندۈز زامانلىرىنىڭ قانۇنىيىتى»، «يۇلتۇزلار ھۆكۈمىنىڭ رەددىيىسى»، «جۇرجان شەھرى ئۇزۇنلۇقىنى تۈزىتىش ھەققىدىكى رىسالە» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، مېخانىكا، مۇزىكا مەسىلىلىرى توغرىسىدا كەڭ توختالغان.

ئەبۇل ۋاپائەل بۇزجانى (940 – 998) خۇراساندا تۇغۇلۇپ، باغداتتا كاتتا ماتېماتىك ۋە ئاسترونوم بولۇپ تونۇلدى. ئۇ «ئاسترونومىيىگە مۇقەددىمە كىتاب»، «ئارىفمېتىكىغا مۇقەددىمە»، «ئارىفمېتىكا ھەققىدە رىسالە»، «ئاسمان سفېراسىنىڭ چوڭ ئايلىنىشىنى ئېنىقلاش ھەققىدە كىتاب»، «ئەل مەجەستى»، «دىئوفانت

ئەسىرىدىكى جۈملىلەرنى ئىسپاتلاش ھەققىدە كىتاب» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.
ئىبن سىنا ۋە بەرۇنىنىڭ بۇ زاماندىشى بىرونى بىلەن كېلىشىپ باغدات ۋە خارەزىمدە
ھىجرىيىنىڭ 387 – (مىلادىيە 997 -) يىلىدىكى ئاي تۇتۇلۇشنى بىللە كۆزەتكەن.
خارەزىملىك ئەبۇ ئابدۇللا مۇھەممەد ئىبن ئەھمەد ئىبن يۈسۈپ كاتىپ خارەزمى
مىلادىيە 990 – يىلى يازغان «مەفاتىھۇل ئۇلۇم(ئىلىم ئاچقۇچى)» ناملىق ئەسىرىدە
ماتېماتىكا ۋە ئاسترونومىيە ھەققىدە توختالغان.
خوجەندلىك ئەبۇمۇھەممەد ھەمىد ئىبن قىدىر ئەل ھۇجەندى ئەسىرنىڭ ئۇلۇغ
ئاسترونومى ۋە ماتېماتىكى بولغان. ئۇ رەي شەھرىدە فەھرۇد دۆلە (977 – 996)
سارىيىدا ئىلمي خىزمەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ «ئېۋكەلىدنىڭ ئېغىشى ھەققىدە»،
«ئاسترونومىيە قانۇنى»، «فەھرى سەكستانتى(فەھرۇد دۆلەگە ئاتالغان
ئاسترونومىيىلىك ئەسۋاب)»، «ئۇستۇرلاپنىڭ ياسىلىشى ۋە ئىشلىتىلىشى ھەققىدە»
قاتارلىق ئەسەرلىرى بولغان. ياي شەكىللىك سەكستانت نۇسخىسى ئۇلۇغبەگ
رەسەتخانىسىدىمۇ ساقلانغان.
خارەزىملىك ئەبۇرەيھان بىرۇنى (973 – 1048) ئەينى زاماندا خارەزمدىن چىقىپ
كەتكەن كىشىلەرنى ئاتايدىغان ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە «بەرۇنى(سىرتتىن كەلگەن)»
نامىدا ئاتىلىپ شۆھرەت قازانغان. ئەبۇرەيھان مۇھەممەد ئىبن بەرۇنى «يۇلتۇزلار
ھەققىدىكى بىلىمگە مۇقەددىمە»، «ھىندىستان»، «فارماكوگنوزىيە»، «مەنرالوگىيە»،
«گەئودىزىيە»، بولۇپمۇ «قانۇن مەسۇدىي» ناملىق قامۇس كەبى ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇ
پەلسەپە جەھەتتە ئارىستوتېل ۋە فارابىغا ئەگەشكەن. ئەشەرىنىڭ دىموكراتىنىڭ ئاتوم
تەلىماتىنى روھانىيلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇپ، ئاتومنىڭ ماددىي جىسىملىقىنى
مۇئەييەنلەشتۈرگەن. ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى نوپۇز دېگەن قاراشنى رەت قىلغان ۋە نوپۇز –
ئىلىمنىڭ نوپۇزى دەپ قاراشنى پەندە تەجرىبە ۋە مۇھاكىمىنى بىللە ئېلىپ بېرىشنى
تەۋسىيە قىلغان. ئۇنىڭ ماتېماتىكا ۋە ئاسترونومىيىگە قوشقان تۆھپىلىرى يەر مەركەز
(گەئوسەنتىر) قاراشلىرىنىڭ ئۇلىنى تەۋرەتكەن.
ئۆمەر ھەييام (1040 – 1123) نىشاپۇردا تۇغۇلۇپ، خۇراسان ۋە ماۋەرائۇننەھەردە
پائالىيەت ئېلىپ بارغان مۇتەپەككۇر، شائىر ۋە ئاسترونوم ئىدى. ئۇ سالجۇق تۈرك
شاھلىرىدىن مەلىك شاھ ھوزۇرىدا، ۋازىر نىزامۇلمۇلىك ھامىيلىقىدا «مەلىك شاھ
ئاسترونومىيە جەدۋىلى»نى ئىشلەپ، سالجۇقىلار كالېندارىنى تۈزگەن ئۇ «ئالگېبرا ۋە
ۋەلمۇقەبەلە ۋەزىپىلىرىنى ئىسپاتلاش ھەققىدە رىسالە»، «ئارىفمىتكىدىكى قىيىن

مەسىلىلەر»، «ئەۋكەلىدنىڭ مۇقەددىمىلىك كىتابىدىكى قىيىنچىلىقلارغا شەرھى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان. ئۆمەر ھەييام ئۇز رۇبائىيلىرى ئارقىلىق كوسمولوگىيىلىك چۈشەنچىلىرىنى ئىنسان تۇرمۇشى قاراشلىرى بىلەن قايتا يۇغۇرۇپ، زامانىسىنىڭ ئىنسانپەرۋەر ئىدىيىلىرىنى جۇلالاندۇرغان.

چىڭگىزخانىنىڭ ئىستىلاچىلىق يۈرۈشلىرى تىنجىغاندىن كېيىن خانبالىقتا (بېيجىڭدا) جامالىدىن ناملىق ئۇيغۇر مۇنەججىمنىڭ شۆھرىتى شەرق ئاسمىنىنى قاپلىغانىدى.

ھىلاكۇخان دەۋرىدە ياشىغان خۇراسانلىق ئالىم ئابدۇجاپپار مۇھەممەد ئىبن ئەلھەسەن نەسىرىددىن تۇسى(1201 – 1274) ئوتتۇرا ئاسىيا مۇتەپەككۇرلىرى قەسرىدە ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا ۋە پەلسەپە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ «پىتولمىنىڭ ئەلمەجەستىگە شەرھى»، «ئەۋكەلىدنىڭ مۇقەددىمىسىگە شەرھى» قاتارلىق ماتېماتىكىغا دائىر 12 كىتاب يازدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە «ئاسترونومىيىلىك داستان» ناملىق شېئىري ئەسىرىمۇ بار. نەسىرىددىن تۇسى «ئىلھانىيە ئاسترونومىيە جەدۋىلى»نى ئىشلەپ چىققان ۋە مارغى رەسەتگاھىغا يېتەكچىلىك قىلغان. ئۇنىڭ ئەسلىددىن، پەھرىددىن ۋە سەدرىددىن قاتارلىق ئۈچ ئوغلىمۇ مەشھۇر ئاسترونوملاردىن بولغان.

تومۇرىيلەردىن مۇھەممەد تاراغاي ئۇلۇغبەگ(1394 – 1449) يېپەك يولى ئاسترو – ماتېماتىكا ئىلمىدە ئەڭ ئاخىرقى ئۇلۇغ تەبىئەتشۇناس سۈپىتىدە پائالىيەت ئېلىپ باردى. ئۇنىڭ ئاسترونومىيە تەتقىقات گۇرۇپپىسى – ئەلى قۇشچى، كېيىنكى زامان ئالىملىرىدىن جەمشىد قۇشچى، ئالائىددىن قۇشچى ئۇشبۇ ئىلمنى ئۇلۇغبەگ يەتكۈزگەن ماقامغا يەتكۈزۈلمىدى.

ئاسترونوم ئۇلۇغبەگ ۋە ئۇنىڭ ئىلمىي مەكتىپى «تۆت ئۇلۇس تارىخى»، «ئارىفمېتىكا رىسالىسى»، «ئاسترونومىيىنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا تەپسىلات»، «ئاساسىي فىگورىلار ھەققىدە تەپسىلات»، «سىنۇس ھەققىدە رىسالە» بولۇپمۇ تۆت قىسىملىق «يېڭى كوراگان ئاسترونومىيە جەدۋىلى(1437 – يىلى تاماملانغان)» نامىلىق ئەسەرلىرىنى يازدى. ئۇنىڭدا 1022 يۇلتۇز خاتىرىلەنگەن ۋە بىر يىل 365 كۈن 6 سائەت 9 مىنۇت 10 سېكۇنت بولىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

ئۇلۇغبەگنىڭ پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلۈشى يىپەك يولىنىڭ گۈللەنگەن پەسلىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭدىن گەرچە ئەلىشىر ناۋائى، زاھىرىددىن مۇھەممەد

بابۇر، بابا رەھىم مەشرەپ، مۇھەممەد سىدىق زەلىلى، مۇھەممەد بىننى ئابدۇللا خاراباتى ۋە ئابدۇرېھىم نىزارىدەك ئۇلۇغ ئىنسانپەرۋەر مۇتەپەككۇر شائىرلار مەيدانغا كەلگەن، ئامانىنساخان، قىدىرخان ۋە دەرۋىش ئەلىدەك مۇزىكىشۇناسلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان، خاندەمىر، مىرزا ھەيدەر، موللا موسا سايرامىدەك تارىخشۇناسلار قەلەم تەۋرەتكەن بولسىمۇ، بۈيۈك تەبىئەت ئىلمى بويىچە، خۇسۇسەن ئالەمشۇمۇل دەستۇر ياراتقۇچى ئۇلۇغ تالانت ئىگىلىرى مەيدانغا كەلمىدى. ھۇماقۇشى بۇنداق تالانت ئىگىلىرىنىڭ تۇخۇمىنى يىپەك يولىغا ئەمەس، بەلكى غەربىي ياۋروپا، شىمالىي ئامېرىكىغا كۆمگەنىدى.

ئېلېمېنتار ئارىفمېتىكىغا ئاساس سېلىش؛ نۆل (لاتىنچە، «يوق») ئۇقۇمىنى سان – سىفىرگە ئېلىپ كىرىش؛ ئالگېبرا تەڭلىمىلىرىنى مەيدانغا ئېتىش؛ گېئومېترىيە بولۇپمۇ تىرىگنومېترىيىنى ئورە تۇرغۇزۇش؛ سان چۈشەنچىلىرىنى ئېنىقلاش؛ سىنۇس ۋە كوسىنوس، ئىنتېگرال ۋە دىففېرېنسىئاللىق كاتېگورىيىلەرنى تۇرغۇزۇش؛ ئېھتىماللىق نەزەرىيىسى ۋە ماتېماتىكا لوگىكىسىغا ئاساس سېلىش؛ ئاسترونومىيىلىك ئەينەك ۋە ئەسۋابلار ئىشلەش؛ يۇلتۇزلار (1022 يۇلتۇزلۇق گۇمبەز) جەدۋىلى ئىشلەش؛ كالېندار تۈزۈش؛ ئېكۋاتورنىڭ قىيپاشلىقىنى ئۆلچەش، يۇقىرىدىن تاشلانغان نەرسىنىڭ شەرقكە يۆتكىلىپ چۈشىشىدىن يەرنىڭ غەربتىن شەرقكە ئايلىنىشىنى گەپوتەزا قىلىش؛ ئاينىڭ تۇتۇلۇشى، تولۇشى ۋە دېڭىز دولقۇنىنى ئېنىقلاش؛ زېمىننى ئىقلىم (بەلۋاغ ۋە زونىلار)لارغا بۆلۈش؛ ئالخىميە ۋە ساختا ئاسترونومىيىلىك قاراشلارنى تەنقىد قىلىش؛ گرېك ماتېماتىكلىرى ۋە مۇنەججىملىرىنىڭ تار دائىرىلىك قاراشلىرىنى قايتا كۆزىتىپ باھالاش... مانا بۇلار مۇھەممەد مۇسا ئەل خارەزمىدىن ئۇلۇغبەككىچە بولغان ئالتە ئەسىر ئىچىدە ئىلىم دۇنياسىغا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئالتە ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئۆتتى. ئەمما، بۇ موجىزىدار زېمىندا بۇلۇڭمە ھاكىمىيەتچىلىك ئۇرۇشلىرى، ئىشانچىلىق ئەسەبىيلىكلىرى، كىتاب كۆيدۈرۈش، ئىنسانپەرۋەر مۇتەپەككۇرلارنى دارغا ئېسىش، نەچچە ئونلاپ كاللا مۇنارى ياساش، ئابدۇقادىر داموللامغا قەست قىلىش، مەمتىلى ئەپەندىنى كۆيدۈرۈش، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا قازا چىللاش ۋە زىيالىيلار ھۇسەمەتھورلۇقىدىن باشقا تەبىئەت ئىلمىدە قايسىبىر نادىر چېچەك ئېچىلدى؟!

يوقلۇق بارلىقنىڭ ئەڭ نوپۇزلۇق باھالىغۇچىسى. ئېپتىۋاتقانلىرىمىز سالنامە – تارىخلاردا سۆزلەنمىگەن تارىخ پەلسەپىسى ھەقىقەتلىرى.

يىپەك يولى قايتا ئېچىلدى! ئۇ ئۆزىگە خاس تىلسىم ئامەت ۋە موجىزىدار بەرىكەتلىرى بىلەن خەلقىمىزگە شاراپەت ئېلىپ كەلگۈسى. ئىشىنىمىزكى، ئەگەر –

توقايلىقلاردىن ئۆتۈپ، يوقاتقان ئۇلۇغ ھېكمەت – تەبىئەت ئىلمى جاۋاھىراتلىرىنى خەلقىمىز يەنە ماھىر قوللىرىغا ئالغۇسى.

## 4

ئەگەر ئۆز تەشۋىشلىرىڭدىن خالاس بولساڭ، پەلەك تەشۋىشلىرىنىمۇ بەجا قىلالايسەن.

– ئىبنى سىنا

يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەتنىڭ تۆتىنچىسى تىبابەت ھېكمىتىدىن ئىبارەت.

ئىنسانىنىڭ تاشقى ئالەم مۆجىزىلىرىگە قىزىققىشىدىن ئۆز روھىيىتى ئىچىگە يوشۇرۇنغان غايىۋى ھەم تەنقىدىي ئىككى قۇتۇپلۇق مەنىۋى دۇنياغا قەدەم قويۇشىدىكى دەسلەپكى ئۆتكەل ئاسترو – ماتېماتىكىلىق ئىزدىنىشلەردىن تىبابەتچىلىك پائالىيىتىگە يۈزلىنىش بولدى. ئەمما، تاكى گۇمانىستىك پىكىر ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگىچە ئىنسان ئۆز جىسمىنى تەبىئىي ياكى غەيرىي تەبىئىي – ئىلاھىي ئوبيېكت سۈپىتىدە كۆزىتىشتى.

دەسلەپكى تىبابەتچىلىك ئىپتىدائىي ئىنسانىنىڭ ئۆزىنى ھىمايە قىلىشى، بەدەنلىرىگە پۇراقلىق گىياھلار سۈركىشى، ھەرخىل ھاشارات ۋە چاققۇچى ھايۋانلارغا قارشى لاي – لاتقىلار بىلەن بەدەنگە قاتلام ياكى نەقىشلەر چېكىشى، كېيىنچە پېرىخونلۇق – ئوقۇش، داغلاش ۋاستىلىرى بىلەن داۋام قىلدى. ئېھتىمال، بۇ خىل ساددا تېببىي پائالىيەت يىپەك يولىدىن ئىلگىرىكى مەركىزىي ئاسىيالىقلارنىڭ دائىمىي ھەمراھى بولسا كېرەك.

ئاتلىقلار مەدەنىيىتى كۆچمەن ھايات ۋە پائالىيەتچان تۇرمۇش رىتىمىنى پەيدا قىلدى. جاراھەت ۋە سۇنۇق، تۇغۇت ۋە ئىچ ئۆتكۈ ئۇ چاغدا ئىپتىدائىي تىبابەتچىلىكنىڭ دائىمىي، ئەمما جىددىي تېمىسى ئىدى. سىكتاي مەتال ئىدىشى سىرتىغا سىزىلغان «سۇنۇق تېڭىش» رەسىمى بىزگە ئارىيلار زامانىدا ئاتلىق مەركىزىي ئاسىيا ئاھالىلىرى ئۆز زامانىسىنىڭ مائىر ھەرۇرگىلىرى بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

خەنزۇلارنىڭ «سېرىق پادىشاھ نامىلىق يېزىلغان ئىچكى كېسەللىكلەر دەستۇرى» نامىلىق كىتابىدا، مەركىزىي ئاسىيالىقلارنىڭ بۇنىڭدىن ئۈچ مىڭ يىللار ئىلگىرىلا زەھەرلىك دورىلار بىلەن داۋالاش ئۇسۇلى تىلغا ئېلىنغان. مىلادىيىدىن ئىلگىرى يېزىلغان

«ئەۋلىيا تەرىقچى نامىغا يېزىلغان شىپالىق گىياھلار» ناملىق كىتابتا مەركىزىي ئاسىيا دورىلىرى ھەققىدە توختالغان. سۇي – تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە «غەربىي يۇرت ھۆكۈمەتلىرىنىڭ رېتسېپلىرى»، «غەربىي يۇرت مەشھۇر تېۋىپلىرىنىڭ تۆت جىلدلىق مەخپىي رېتسېپلىرى»، چىڭ چەن يازغان «خۇرلارنىڭ شىپالىق گىياھلىرى»، سۇڭ سىماۋ يازغان «بىباھا دورا نۇسخىلىرى» قاتارلىق ئەسەرلەردە مەركىزىي ئاسىيانىڭ تۆت زات ئاساسىدىكى تېبابەتچىلىك پەلسەپىسى ۋە شىپاگەرلىك ئالاھىدىلىكلىرى تىلغا ئېلىنغان. ئېيتىش كېرەككى، بۇنداق تۆت زات ئاساسىدىكى تېبابەتچىلىك ئەنئەنىسى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 6 – 8 – ئەسىرلەردە قارا دېڭىز ساھىلىدا ھەرىكەتلەنگەن مەركىزىي ئاسىيالىق سكىتايلار ئارقىلىق قەدىمكى گرېتسىيە تېبابەتچىلىكىگە كۆچلۈك تەسىر كۆرسەتكەندى. ھىپوگراتنىڭ «تۆت فىزىس» قارىشى ئەنە شۇنداق شەكىللەنگەن.

يىپەك يولىدا ئىسلامىيەت مەدەنىيىتى شەكىللىنىشتىن ئىلگىرى مەركىزىي ئاسىيا تېبابەتچىلىكى جەسەت يېرىپ كۆرۈش؛ جەسەت مومىيالاش؛ تېڭىقچىلىق؛ سامساق – ھاراق – ئاچچىق تاش ئېلىش؛ كۆز ئوپېراتسىيىسى؛ ئىلغا؛ قان ئېلىش؛ ماسساج قىلىش؛ تېرە كېسەللىكلىرىنى داۋالاش؛ ھەرخىل گىياھلىق گۆشگۆرت كىسلاتاسى (تىزابى)، بىروم كىسلاتاسى، كۈمۈشلۈك بىروم كىسلاتاسى چىقىرىش؛ چېچەك، كىزىك، كۆزگە پەردە چۈشۈش، ئاشقازان ياللۇغى، قان تولغاق، زۇكام، جاراھەتلىنىش، داغ چۈشۈش قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا زور نەتىجە قازانغان. 633–يىلى چىمەنقۇلى تاڭ گاۋزۇڭ (لى شىمىن)نى دەۋۋار كېسەلدىن داۋالاپ ساقايتقان. 1970–يىلى شىئەننىڭ جەنۇبىدىكى تاگفىن ۋاگفۇدىن «قۇت(吉利)» نامىغلىق ئىدىقۇت پۇلى ۋە ئىدىقۇتلۇقلار كۆرۈنۈشى چۈشۈرۈلگەن دورا ئېچىش قاچىسى تېپىلغان. شۇ دەۋردە چاڭئەندە «ئىدىقۇت ئۆمۈر بەخت شەربىتى» نامىلىق ماداداتۇلھايات دورىسى سېتىلغان.

«تۇرپان تېكىستلىرى» قاتارلىق تېبابەتچىلىك رىسالىلىرى پارچىلىرى تېپىلغان. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا بىر قاتار كېسەللىكلەر، دورا ماتېرىياللىرى ۋە تېبابەتچىلىك ئۇسكۈنىلىرىنىڭ نامى كۆرسىتىلىشتىن باشقا، تېبىبىي مەزمۇندىكى ئەقلىيە سۆز ۋە نەزمىلەردىن پارچىلار بېرىلگەن.

1229-يىلى خانبالىق(بېيجىڭ)تا ئۇيغۇر دورىگەرلىك مەھكىمىسى قۇرۇلدى، مەشھۇر خىرۇرگ نەزەر، ھەربىي دوختۇر يەھيا، ئەيشى بۇلمىش قاتارلىقلار خانبالىق ۋە سىچۈەنلەردە خىزمەت ئۆتىدى. ئىدىقۇتلۇق ئەنزاڭ «شىپا گىياھلىرى»، «مۇشكۇل ئاغرىقلار» دەستۇرلىرىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدى. ئېيتىش كېرەككى، بۇ نوقۇل

قۇبلايخان زامانىدا ئىچكى ئولكىلەردە يۈز بەرگەن ھادىسە بولۇپ قالماي، يەنە پۈتۈن چىنگىزخان قوشۇنلىرى ۋە ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئارقىلىق يەتكەن غەربىي ئاسىيادىمۇ بىر ۋاقىتتا يۈز بەرگەن ھادىسە ئىدى. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە 36 جىلدلىق «غۇز دورا نۇسخىلىرى» دېگەن ئەسەر يېزىلدى.

ئىسلامىيەت يىپەك يولى تىبابەتچىلىكىنى چەكلىگىنى يوق، ئەكس ھالدا غەربتە گرېك تىبابەتچىلىكى، شەرقتە جۇڭگونىڭ «جۇڭيى» تىبابەتچىلىكى ئۇتۇقلىرىنى ھىندىستان، ئىران، ئەرەب ۋە ئەنئەنىۋى مەركىزىي ئاسىيا تىبابەتچىلىكى ئاساسىدا تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇردى.

يىپەك يولى تەپەككۇر گۈلزارلىقىدىكى ئۇغلۇ باغۋەن، جاھان پەلسەپە تارىخىدا ئارىستوتېلدىن كېيىنكى «ئىككىنچى ئۇستاز» ئەبۇ نەسر فارابى ئەتتۇركىي (870–950) نەزەرىيىۋى تىبابەتچىلىكنى يېڭى ئۇل بىلەن تەمىنلىدى. ئۇ تۆت زات، ھايات ۋە مۇھىت، جىسىم ۋە روھ، تاشقى ۋە ئىچكى سېزىش ھەم تەپەككۇر ئەزالىرى ئۈستىدە ناتۇرال پەلسەپىلىك قائىدىلەرنى قويۇشتىن تاشقىرى، ئالەم ئاناتومىيىسى، گالەن تىبابەتچىلىكى، تىبابەتچىلىك كلاسسىفىكاتسىيىسى ئۈستىدە خاس ئەسەر ياكى سەھىپە يازدى.

ئىبن سىنا(980–1037) فارابى دۇنيا قاراشلىرىنىڭ ۋارىسى سۈپىتىدە پەلسەپە، تىبابەتچىلىك، ئاسترونومىيە ئۆزگە خاس كاتتا تۆھپىلىرى ساھىبى بولدى.

ئىبن سىنا بىر تەرەپتىن، شەرقنىڭ يۈرەك – تومۇر تەلىماتىنى تەتقىق قىلسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، مەشھۇر ئىران ئالىمى ئەبۇلھەسەن تەبەر (؟ – 923) نىڭ «فىردەۋسىل ھېكمەت (ھېكمەت بەغى)»، باغدادلىق مەشھۇر دوختۇر ئەررازى(850–923) نىڭ «كىتابۇلئەسرار»، «ئەلھاۋىي»، «كىتابۇلتىب ئەلمەنسۇرى» ناملىق ئەسەرلىرى بىلەن ئىبن ئابباسنىڭ «كامىلۇل سىنا ئەلتىببىيە (تىبابەتچىلىك تولۇق دەستۇرى)» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى.

ئىبن سىنا يىپەك يولى تىبابەتچىلىكىنىڭ يۈكسەك چوققىسىنى تىكلىدى. ئۇنىڭ «ئەششىفا»، «دانىشنامە»، «ئەلقانۇن فىت تىب»، «تىببىي داستان» قاتارلىق ئاجايىپ ئەسەرلىرى خۇددى نۇر چېچىپ تۇرغان ئالتۇن يۇلتۇز بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى بىر قانچە ئەسىرگىچە شەرق ۋە غەربتە تىبابەتچىلىك قوللانمىسى ۋە دەرسلىكى قىلىندى، «شاھى تىبابەت» دەپ شۆھرەتلەندى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن ئىمادىدىن قەشقىرى قاراخانىيلار دەۋرى تىبابەتچىلىك ئاسمىنىنى جىلۋىلەندۈردى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي تىبابەتچىلىكتە ئائىت سىستېمىلىق مەلۇماتلارنى تىلغا ئالدى. ئىمادىدىن قەشقىرى ئۇيغۇر تىلىدا «شەرھى ئەلقانۇل» ناملىق ئەسەر يېزىپ، ئىبن سىنا قاراشلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك شەرھى شەكلىدە راۋاجلاندۇردى ۋە بېيىتتى. ئېيتىلىشىچە، ئىمادىدىن قەشقىرى يەنە «شەرھى ئەششىفاھ»نى يازغان.

كېيىنچە، خىزىر خوجىنىڭ ۋەزىرى قەمەرىددىن، ئەلائىددىن خوتەنى، جامالىددىن ئاقساراي، مۇرادبەگ قەشقىرى، سەئىد مۇختار بۇلاقبەگ قاتارلىق ئۇيغۇر ھۆكۈمالىرى ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىگە ئۆچمەس تۆھپىلەر قوشتى.

بىر يېپەك يولىدىكى بىقىياس قىممەتلىك ھېكمەت بولغان تىبابەتچىلىكنىڭ 10 مىڭ يىللار مابەينىدە تاراملاپ توپلىشىپ، زور ئېقىن ھاسىل قىلغان غايەت زور ئىلمىي خەزىنە ئىكەنلىكىنى؛ ئۇنىڭ يېپەك يولى داۋام قىلغان 2000 يىل ئىچىدە ئىلمىي سىستېمىغا كىرگەنلىكى؛ خارابىلىشىشى، غەربىي ياۋروپا ئەدەبىي ئويغىنىشى تۈپەيلى، خۇددى چەۋگەن توپىدەك غەربىي ياۋروپالىقلار قولىغا ئۆتۈپ قالغانلىقى؛ نىجادىيەت ئىزدەشكە مەجبۇر بولغانلىقى؛ ھەممىنى ياۋروپادىن ئىزدىگۈچى تەپەككۇر دەلدۇشلىرىنىڭ مىللىي تىبابەتچىلىكنى «ساختا پەن» دەپ يوقىتىشقا بېرىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆز ئالدىمىزغا قويۇپ «تارىخنى قايتا ئويلاش» ئېلىپ بارساق، قەلبىمىزدە ئالتۇنغا بەرمەس مۇنداق ئۈچ ھۆكۈم ئورۇن ئالىدۇ: شانلىق ئۆتمۈش. پاجىئەلىك چۆكمىش ۋە نۇرانە كەلگۈسى!

يېپەك يولى قايتا ئېچىلدى! ئۇ، ۋاقىت رىتىملىرى بىلەن زېمىن ۋە تۇرمۇش سەھىپىلىرىگە زەر چېكىدۇ. خۇددى شاكال يىرتىپ تارىخ سەھنىسىگە قەدەم قويىدۇ. تىبابەت ئىلمى – نەزەرىيىۋى تەپەككۇر ۋە ئىختىرا، ئەمەلىي داۋالاش ۋە تېخنولوگىيە چېچەكلىرى، گەرچە بىردىنلا بولمىسىمۇ تەدرىجىي بۇ ئاۋات ئالاقىلەر قانىلىغا غۇجمەكلىشىدۇ. داۋا ۋە شىپاسىز رەنجى – ئەلەمدە ئۆتكەن خەلقتىن تىبابەت ئاسمىنىنىڭ يېڭى چولپانلىرى ئاپىرىدە بولىدۇ. بۇ، تارىخنىڭ ئۇلۇغ نۆۋەت ئىلتىپاتى بولۇپ، بۇ مۇمكىنلىكنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئەجىر – ئەمگەك تەلەپ قىلىدۇ، ئەلۋەتتە.

5

نەغمە – ناۋا جانلىق مىللەت، ئۇتلۇق قەلبىنىڭ مىلودىك تىنىقى. ئۇ، ئىنسانىنىڭ ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى ئىپادىلەيدىغان ئەپسۇنكار مەدەنىيەت

– خىيال دەپتىرىمدىن

يىپەك يولىدىكى توققۇز ھىكمەتنىڭ بەشىنچىسى ناخشا – ئۇسسۇل ھىكمىتىدىن ئىبارەت.

ناخشا – ئۇسسۇل ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ تۇنجى، رىتىملىق ئىپادىلەنگەن پوتېنسىئال ئاڭ پارتلىشى، ھېسسىيات ئارقىلىق ھېسسىياتقا تامغا بېسىشى ۋە ھايۋاناتتىن تۈپ پەرقلەنگەن روھىيەت ئۇيغۇنلۇقى بولۇپ، قەدىمكى زامانلاردىلا مەيدانغا كەلگەن. مەركىزىي ئاسىيا قەدىمكى ئاھالىلىرى ئەڭ دەسلەپكى مۇھەببەت ۋە ئېتىقاد، پەسىل ۋە ئەمگەك، ئىشرەت ۋە مۇھ (مەرسىيە) قوشاقلىرى، ئۇسسۇللىرىنى ياراتقان خەلقلەردىن ئىدى. مەركىزىي ئاسىيا ئاھالىسى بىلەن ئامېرىكا ئىندىئانلىرىنىڭ ناخشا – ئۇسسۇل جەھەتتىكى ئورتاقلىقى قەدىمكى بۇغا يولى، ئات يولى ئالاقىلىرى دەۋرىدىلا خېلىلا قېلىپلاشقان ناخشا – ئۇسسۇل مەدەنىيىتىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى دەلىللەيدۇ.

ناخشا – ئۇسسۇل ۋە ئۇنىڭغا بېقىنغان ئىپتىدائىي چالغۇ قوراللىرى رىتىملىق ئېتنىك مەدەنىيەت ئۇستىدە يېڭى تاشقورال دەۋرىدە گەنزىسلىق (پەيدا بولۇشلۇق) بالا ياتقۇسىدا ئۆزىنىڭ ئېتنولوگىيىلىك قېلىپىنى تۈزدى. زامان قانچە سوزۇلمىسۇن، تەرەققىيات قانچە ئۆزگىچە بولمىسۇن، يېڭى تاشقورال دەۋرى ھەر خىل مەدەنىيەتلەر ئۆز قېلىپلىرىنى تۈزگەن دەۋر بولدى. ھەممە نەرسە خاس نۇسخا، قېلىپ، تەرتىپ، ئۆلچەمگە ئېرىشتى. ھەر خىل روشەن گېئومېترىك نەقىش نۇسخىلىرى مەيدانغا كەلدى. تۇتېم ۋە ئۇرۇقداش جامائەدىكى مۇراسىملار، كوللېكتىپ بەزمە – بايرام پائالىيەتلىرى، كېيىنچە شامان، زورو-ئاستىر ئېتىقادى ناخشا – ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئىلھام بېغىشلىدى.

قەدىمكى گرېك تارىخچىسى ھېرودوتنىڭ «تارىخ» ناملىق كىتابىدا ماسساگېتلار(ئۇلۇغ ساكلار) گۈلخان يېقىپ، ئوتقا مەۋە تاشلاپ، شېركەيپ بولۇپ ناخشا – ئۇسسۇل ئوينايدۇ، دېگەن تارىخىي ئۇچۇرى؛ ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن بىلەن مەركىزىي ئاسىياغا كەلگەن ئورىئاننىڭ «ئىسكەندەرنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشى» دېگەن كىتابىدا يەرلىك خەلقنىڭ خۇددى گرېكلاردىكى دىئونۇس بايراملىرىدەك مەي سەيلىلىرىنىڭ بارلىقى ھەققىدىكى ئۇچۇرى؛ قەدىمكى خەنزۇ مەنبەلىرىدە سەرىق پادىشاھنىڭ كوئىنلۇن

تېغىغا كۆي ئۈگىنىشكە كىشى ئەۋەتكەنلىكى ھەققىدىكى باياناتلار؛ قۇتۇبى قىزىلىيار، ئالتاي، باركۆل قىيالىرىدىكى يالىڭاچ ئۇسسۇللۇق رەسىملەر؛ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى ناخشا – ئۇسسۇللۇق قوشاق نەمۇنىلىرى؛ پۈتۈن مەركىزىي ئاسىيادىن تېپىلغان ئۇسسۇل كۆرۈنۈشلۈك قىيا سىزمىلىرى يىپەك يولىدىن ئىلگىرىلا مەركىزىي ئاسىيانىڭ ناخشا – ئۇسسۇل ماكانى ھالىتىدە تۇرغانلىقىنى دەلىللەيدۇ.

يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشى مەركىزىي ئاسىيا ناخشا – ئۇسسۇل مەدەنىيىتىنى ھەم فولكلور، ھەم كلاسسىك شەكىلدە راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. شەھەر – قەلئە مەملىكەتلىرى ۋە مەدەنىيەتنىڭ راۋاجلىنىشى، خەلقئارا سودا ۋە كۆتۈش مۇلازىمىتىنىڭ تەقەززاسى بۇ خىل سەنئەتكە تارىخىي قىممەت بېغىشلىدى.

يازما مەنبەلەردە قەيت قىلىنىشىچە، خەن سۇلالىسى قۇرۇلغان ۋاقىتلا خوتەننىڭ «يۈتيەن نەغمىسى» خەن ئوردىسىغا مەلۇم بولغان. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2 – ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا جاڭ چيەن قۇمۇل دىيارىدىن «ماھادۇر» كۈيىنى چاڭئەنگە ئېلىپ بارغان. لى يەننيەن بۇ چوڭ كۈيدىن پايدىلىنىپ 28 نەغمە ئىشلىگەن. كېيىنچە «دۇر» ئىبارىسى گىرېكلاردا «دۇرۇس مېلودىيىسى» نامىدا ئىشلەنگەن.

382- يىلى ھەربىي تەۋەككۈلچى لۈي گۇئاڭ كومىراجىۋانى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن كۇسەنگە قوشۇن تارتىپ كەلگەندە، بۇ جايىنىڭ ئاۋات بۇددا مەدەنىيەت مەركىزى ئىكەنلىكىنى كۆرگەن. ئۇ 20 مىڭ تۇياق ئات – قېچىرغا كۇسەننىڭ بايلىقى، زىبۇ – زىننەتلىرى، بۇددا دىنى نەمۇنىلىرى ۋە كۇسەن – چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ئېلىپ لياڭجۇ(جاڭيى) گە قايتقان. نەتىجىدە دەشتئاتا (دۇنخۇئاڭ – ساجۇ) بۇددا تاشكېمىرلىرى، لياڭجۇ نەغمىسى مەيدانغا كەلگەن.

568-يىلى تۈرك قاغانى مۇقانخاننىڭ قىزى ئاسىنا مەلىكە جۇ سۇلالىسىنىڭ ئىلمىپەز ئىمپېراتورى يۈيۈەنيۇڭغا ياتلىق بولغاندا كۇسەنلىك مەشھۇر مۇزىكا نەزەرىيىچىسى سۇجۇپنى ۋە بىر قاتار مۇزىكا، ئۇسسۇل ماھىرلىرىنى چاڭئەنگە ئېلىپ بارغان. كېيىنچە سۇجۇپنىڭ «12 تېمپېراتسىيىلىك كۈي قانۇنى» ئاساسىدا سۇي–تاڭ زامانىدىكى خەنزۇ مۇزىكىچىلىقى ئىنقىلاب خاراكتېرلىك يېڭىلانغان.

كۇسەندە يەنە ۋىدۇساكا ناملىق مۇزىكا ئۇستازى بولۇپ، مەخسۇس چوڭ نەغمىلەر ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللانغانلىقى مەلۇم.

تارىخىي مەنبەلەردە يېزىلىشىچە، يىپەك يولى راسا گۈللەنگەن دەۋرلەردە چاڭئەندە ئۆتكەن ساۋمياۋدا، ساۋگاڭ، بەيمىندا، بەيجەشۇڭ، فەيشىڭفۇ، فەيشىڭلۇ قاتارلىق مەشھۇر

مۇزىكشۇناسلار مەركىزىي ئاسىيالىق ئىدى. ئەينى زامان شائىرلىرىدىن دۇفۇ، لىبەي، بەيجۈيى، ۋاڭۋەي، يۈئەنجىك، لىيەنشى قاتارلىق ئەدىبلەر مەركىزىي ئاسىيا مۇزىكا – ئۇسسۇل سەنئىتى توغرىسىدا گۈزەل مىسرالار قالدۇرغان.

بىز خوتەندىن، مارالبېشى تۇمشۇقتىن، قىزىل – قۇمتۇرا قاتارلىق جايلاردىن، شورچۇقتىن، ئىدىقۇت شەھەر خارابىسى، تۇيۇق، يارغول ۋە بېزەكلىك تاشكېمىرلىرىدىن ئەينى زامان مۇزىكا – ئۇسسۇل ۋە چوڭ نەغمىلەرگە ئائىت كۆپلىگەن نەپىس كۆرۈنۈشلەرنى كۆرىمىز.

سۇڭ سۇلالىسى زامانىدا مەركىزىي ئاسىياغا ئەلچىلىككە كەلگەن ۋاڭ يەندى قاتارلىق كىشلەرنىڭ ئۇچۇر بېرىشىچە، ئاۋات ئوردىلاردا ئوردا مۇزىكا – ئۇسسۇللىرى بولغان، ئۇ، ئوردىلار خارابىلاشقاندا خەلق مەشرەپ-مۇقاملىرى شەكلىدە داۋاملاشقان. بىز «دولان مۇقامى» نىڭ مۇقەددەسلەشكەن ھەرىكەت شەكلى، قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ ئەركىن-ئازادە ناخشا – ئۇسسۇل شەكلىدىن بۇ مۇقاملارنىڭ باشتىن كەچۈرگەن تارىخىي سەرگۈزەشتلىرىنى سېلىشتۇرۇپ بىلىمىز.

ئىسلامىيەتنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەن گەرچە يۈزەكى ھادىسە جەھەتتە ناخشا (مۇزىكا) – ئۇسسۇل سەنئىتى نىسبىي چەكلىنىشكە ئۇچرىغاندەك بولسىمۇ، ئەرەب-ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشى تۈپەيلى مۇزىكا سەنئىتىدە شەرق-غەرب مۇزىكا مەدەنىيەتلىرى يەنە بىر قېتىملىق تارىخىي ئۇچرىشىشقا مۇيەسسەر بولدى. ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئۇتۇقى ئەرەب ۋە غەيرىي ئەرەب مۇزىكىلىرىدىكى راۋاجلىنىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەبۇ ناسىر فارابى ئۆزىنىڭ «كىتابۇلمۇسىقەل كەبىر»، «كىتابۇلمۇسىقەل سەغىر» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە يېڭى مۇزىكا نەزەرىيىسى– غەيرىي پىفاگور مۇزىكىلىق ئاۋاز قارىشى، مۇزىكا يۈكشۈناسلىقى نەزەرىيىسى، ئەرەب – تۈرك مۇزىكا – نەغمە تەلىماتى، چالغۇ قوراللار ئىسلاھاتى، ھەرپلىك نوتا قاتارلىقلارنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئىبن سىنا فارابى مۇزىكا تەلىماتلىرى ئاساسىدا 12 پەدە ھەققىدە توختالدى.

سالجۇقىيلار پۈتۈن ئىران ئېگىزلىكىنى ئىگىلىگەن مۇھىتتا ئەزەربەيجان تۈركلىرىدىن سەفىئوددىن ئەلمۇمىن ئەلى ئۇرمەۋىي فارابى مۇزىكا نەزەرىيىسى بويىچە ئاۋاز(لار) قاتارىنى 12 پەردە (مۇقام) غا ئايرىشنى، ئەينى زامان كلاسسىك كۈيلىرىنى 12 مۇقام بويىچە 12 مۇجەسسەم(ئائىلە)گە ئايرىشنى تىلغا ئالدى. نەتىجىدە ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي خەلقلەر ئەرەبچە «مۇقام» ئىبارىسىنى قوبۇل قىلدى، ئەرەب ۋە پارسلار ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئۆلگىسىدە فارابى نەزەرىيىلىرى بويىچە ئۆز مۇزىكىلىق مۇجەسسەملىرىنى

تۈزەشكە كىرىشتى.

يېپەك يولى ئوتتۇرا بەلۋېغىدا قاراخانىيلار، تۆمۈرىلەر دەۋرىدە مۇقام، ناخشا، ئۇسسۇل، شېئىرىيەت سەنئىتىنىڭ يېڭى ئۆلگىلىرى مەيدانغا كەلدى. سەئىدىيە دەۋرىدە ئامانىسساخان ۋە قىدىرخان باشلىغان ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى تەرتىپكە سېلىشتەك ئۇلۇغ خىزمەت ئىشلەندى. ئۇيغۇر مۇقاملىرى يەنە بىر قېتىم، ئۆز ئىچىگە «مەشرەپ نەغمە»، «داستان نەغمە»، «چوڭ نەغمە» قىسىملىرىنى قوشقان ھالدا چوڭ تىپتىكى يۈرۈشلەشكەن كلاسسىك مۇقام ھالىتىگە ئېرىشتى. شۇنداق قىلىپ، غەربتە ياۋروپا كلاسسىك مۇزىكا ژانىرى — سىمفونىيىلەر مەيدانغا كەلگەن زاماندا، شەرقتە ئۇيغۇر مۇزىكا، ئۇسسۇل ۋە شېئىرىيەتنى بىر گەۋدە قىلغان ناخشا — ئۇسسۇل تىپىدىكى كلاسسىك سەنئەت مۆجەسسىمى — مۇقام مەيدانغا كەلدى.

يىپەك يولىدىكى ناخشا — ئۇسسۇلدىن ئىبارەت بۇ ئەڭگۈشتەر ئۆزىنىڭ ھەربىر تارىخى قاتلىمىغا ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ يىراق ئەجدادلىرىنىڭ بەدىئىي ئۇتۇقلىرىنى ئۇل ۋە ئوزۇق قىلغان بولۇپ، ئۇ، مەنبەسى يىراق، ئەقلىي قايناق، تۈزۈلمىسى گۈزەل، ئۇنۇمى ئەۋزەل سەنئەت مۆجىزىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئەزەلدىن ناخشا — ئۇسسۇلنى، باشقىچە ئېيتقاندا، مۇزىكا، شېئىرىيەت، ئۇسسۇل، تىياتىرنى بىر گەۋدە قىلغان گەنئولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتىنى ساقلاپ كەلدى. ئۇ ئەزەلدىن ئەلنەغمىلىك — ئومۇمىي خەلق (ئاممىۋىلىق) خاراكتېرىنى ساقلاپ كەلدى. ئۇ ئەزەلدىن تەپەككۇر تىرەنلىكى بىلەن ھېسسىيات ئۇچقۇرلۇقى؛ ئەدەپ — ئىنتىكلىقى بىلەن ئىشرەت — جۇشقۇنلۇقى؛ ئاڭلاش، كۆرۈش، ھېس قىلىش قاتارلىق ئۈچتۆشمە تەسىرچانلىقى؛ ئوردا — كلاسسىك شەكلى بىلەن خەلق مەشرىپى — فولكلور شەكلىنى بىللە ساقلىغانلىقى قاتارلىق ئەۋزەللىكلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، نامايىش قىلىپ كەلدى.

ئۇيغۇر ناخشا — ئۇسسۇللىرى ۋە مۇقام مەدەنىيىتى باي ۋە گۈزەل گەۋدىسى بىلەن تارىختا ئىككى چوڭ دۇنياۋى مەدەنىيەت تىپى — سۈي — تاڭ مەدەنىيەت تىپى ۋە ئەرەب مەدەنىيەت تىپى، ئىككى چوڭ خەلقئارا شەھەر — چاڭئەن ۋە باغداتتا زور شۆھرەت قازانغانىدى. ئۆز دەۋرىدە ئالەمدە يېگانە قەسىرلەرگە قوبۇل قىلىنىپ، ئۇ يەردە «ساماۋى نەغمە»دە قارىلىپ، مۇزىكا ئىسلاھاتى پەيدا قىلىپ، شەرقتە كورىيە، ياپونىيە، غەربتە مىسىر، تۇنىس، سۈرىيىگە قەدەر تەسىر كۆرسىتىلىشى بۇ موجىزىدار ھېكمەت دۇردانىسىنىڭ ھاياتىي ئىقتىدارى ۋە مەدەنىيەت مەپتۇنكارلىقىنىڭ دەلىلى بولىدى!

ۋەھالەنكى، يىپەك يولى خارابلىشىپ ئەۋزەللىك بولاقلىرى قۇرۇغان شۇنداقلا مىسلىسىز

تالان – تاراجغا ۋەخورلۇققا ئۇچرىغان ئۇيغۇر خەلقى بۇ سەنئەت گۆھىرىنى ئۆزىنىڭ گادىي چاپىنى ۋە جاراھەتلىك قەلبىدە نەچچە يۈز يىللاردىن بۇيان تۇتىيادەك ئەتىۋارلاپ ساقلاپ كەلدى.

يىپەك يولى قايتا ئېچىلدى! قەدىمكى شەرق پادىشاھ ھېكايىلىرى بىلەن گرېك ھېكايىلىرىدە بىردەك قەيت قىلىنغان، تۇمشۇقلىرىدىكى تۆشۈكچىلەردىن ھەرخىل ئاۋاز – گامالار ياڭراپ، گۈزەل مېلودىيە كۈيلەيدىغان قەقنۇس قۇشى ئۆز ئۇستىدىكى رىيازەت توزانلىرىنى سىلكىۋېتىپ، قايتا ئەپسۇنكار نەغمە– ناۋا ياڭرىتىدىغان يېڭى ئىرا ئېچىلدى! ئەۋلادلىرىمىزنىڭ نىسىۋىسىدە قانچىلىغان ۋىدۇسكا، سۇجۇپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، فارابى، ساۋمياۋدا، بەيمىندا، فىشىڭفۇ، دەرۋىش ئەلى، ئامانىسساخان، قىدىرخان يەركەندى قازانغان ئېتىخار قىسمەتلىرى بارلىقىغا گۇمانىم يوق! ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ماكىدونىيىدىن چىقىپ، شىمالىي ئەرەبىستان ۋە مىسىرنى، ئىران زېمىنىنى، ھىندىستاننىڭ يېرىمى بىلەن ئالدىنقى ئوتتۇرا ئاسىيانى ئالغانىدى. چىڭگىزخان رۇس تۇپرىقى، خارەزم دەشتى ۋە باغدات ئەتراپىنى ئالدى. ئاخىرىدا ئۆز قوشۇنلىرى يۇزلىگەن مىللەتلەر تەركىبىگە قوشۇلۇپ كەتتى. ئېلمپەزلىكتىن يەتكىنى ئەلەم – ھەسرەت بولدى. ئەكسىچە ھومىر داستانلىرى، «مىڭ بىر كېچە» ھېكايىلىرى، ئۇيغۇر مۇقاملىرى لەمەپەزلىكتىن نۇر قەدەم بولدى. ئۇ ئۇزاق بولمىغان ئەسىرلەر ئىچىدە باشقا يۇلتۇزلارغا قەدەم قويغان ئىنسان بىلەن بىللە كائىنات رىتىملىرىگە كامالەت قوشقۇسى!

6

يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەتنىڭ ئالتىنچىسى تەسۋىرىي سەنئەت مۆجىزىسىدىن ئىبارەت.

بۇ ئەلۋەتتە بىناكارلىق، ھەيكەلتاراشلىق، نەققاشلىق، رەسساملىق، ئويمىچىلىق ساھەلىرىدە غەربىي يۇرتلۇقلار ئېرىشكەن كامالەت كارامىتىگە قارىتىلغان.

يىپەك يولىدىن ئىلگىرى بۇ زېمىندا كۆپلىگەن قىيا رەسىملىرى ۋە قەدىمكى قەبرىگاھلىقلار، شەھەر – قەلئە ئەسلىھەلىرى، جۆملىدىن ھەرخىل ئىلاھلارغا ئائىت لاي ياكى تۇچتا قۇيۇلغان فىگورىلار (ئەكونلار) بولغان.

يىپەك يولى ۋە ئانچە كېچىكمەي مەيدانغا كەلگەن بۇددىزم سەنئىتى بۇ دىيارنىڭ تەسۋىرىي سەنئەت مۇجەسسىمىگە يېڭى كۈچ بېغىشلىدى. خوتەندىن تاكى قۇمۇلغىچە

بىر قاتار بۇددا ئىبادەتخانىلىرى، بەكسۇنلار (تالىپلار) ئىستىقامەتگاھلىرى، بۇددا ھېكمەت زاللىرى، جەسەت مۇنارلىرى، بۇددا تاشكېمىر (مىڭئۆي) لىرى مەيدانغا كەلدى.

بۇ بىناكارلىقلار ھەققىدە جۇڭگونىڭ ۋە چەت ئەلنىڭ غەربىي يۇرتقا كېلىپ – كەتكەن سەيياھلىرى كۆپلىگەن گۈزەل ۋە ھەيۋەتلىك جۈملىلەر قالدۇرۇشقان. ئۇنىڭ مۇھىمى شۈبھىسىزكى، فاشيەن بىلەن تاڭ شۈئەنزاڭنىڭ ساياھەتنامىسىدۇر.

ئىسلامىيەتتىن كېيىن بولسا، مەشھۇر ئەدىب سابىر تىرمىزى (؟ – 1151) بىر قاتار شېئىرلىرىدا ئۆزى كۆرگەن قەندىھار تاشكېمىرلىرىنى مۇنداق تىلغا ئالىدۇ:

باھار پەسلى كەلتۇر، يېڭى تەرىقى باھار ئەيلە،
ئويۇڭنى قەندەھار بۇتخانىسىدەك لالىزار ئەيلە.

ئۇ قەندىھار بۇتخانىسىنى تىلغا ئالغاندا، چىن نەققاشلىرى ۋە قەشقەر گۈزەللىرىنى بۇ سەنئەتنىڭ جېنى دەپ، مۇنداق يازىدۇ:

بولدى باغ بۇتخانا يەڭلىغ لالە گۈللەر ھۆسنىدىن،
راستتىن ئېيتسام چىنۇ قەشقەرلىك سەنەملەر بەرق ئۇرار.
يۈزى نەققاشى چىن سەنئەتلىرىدىن نىشان بەرگەي،
مەگەر بۇ خىل نىشانلاردىن يۈزى ھەربىر زامان بەرگەي.

تۆمۈرىيلەردىن بايسۇنقۇر مىرزا 1419 – يىلى چىنغا ئەۋەتكەن ئەلچىلەر تەركىبىدىكى غىياسىددىن نەققاش ئۆزىنىڭ «سەپەرنامە»سىدە غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىدىكى سەنئەتنى «ئاجايىبۇل لەتايىق» دەپ ھەيرەتتە ماختىغان.

غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرى ۋە ئۇنىڭغا ئېپادىلەنگەن تەسۋىرىي سەنئەت كامالىتىنى ئىسلام دۇنياسى ئەدىبلىرى چىن سەنئىتى، چىن نەققاشى دەپ ئۇنى ماھىر رەسسام بولمىش مانى نامىغا باغلاپ ئۆز مىسرالىرىنى بېزەشكەن. ئۇلار ھەتتا گۈزەلنى، گۈزەللىكنى، ئۇستا رەسسامنى باھالىغاندا «چىن سەنئىتى»، «مانى نۇسخىسى»دىن ئۇستۇن دېيىش ئارقىلىق يۇقىرى كۆتۈرگەن. بايسۇنقۇر مىرزا سارىيىدىكى خەتتات شاھى سەبزە ۋارىنى بىر شائىر ماختاپ مۇنداق دېگەن:

گەر بەچىن نۇشەئى تەسۋىرزى پەشى تۇبەرەند،
تاچھورۇنى دىھەد دەرفەننى ھۇد مانىرا.

(مەنىسى: سېنىڭ سىزغان بۇ نۇسخاڭ ئەۋەتىلسە مەگەرچىنگە، بېشىنى كۆتۈرەلمەي مانىمۇ ئەلۋەتتە بۇ پەند)

دېمەك، تەسۋىرىي سەنئەتتە رىم، گرېك، مىسىر، ھىندىستان ئەمەس، بەلكى چىن – ماچىن دەپ ئاتىلىدىغان بۇ قەدىمىي يۇرتىمىز ماھارەت پەللىسى ھېسابلىنغان. ئەلىشىر نەۋائىمۇ ئۆز غەزەللىرىدە مۇنداق يازغان:

ئۇل سەنەمگە سەجدە قىلسام، زاھىدى ھۇدبىن، نە ئەيىب.
بۇتپەرەس بولماق كۆپ ئارتۇقراقكى بولماق ھۇدپەرەست.

(مەنىسى: ئەي، ھاكاۋۇر زاھىت، ئۇ سەنەمگە سەجدە قىلسام، بۇنىڭ نېمە يامىنى بولسۇن، ئۆز ئۆزىگە مەغرۇرلىنىشتىن بۇتقا سەجدە قىلىش ئەۋزەلرەك ئەمەسمۇ؟)

كۆپ دىل ئارا شەكىللەرىم چەكتى چىن سورەتگەرى،
ئاچمادى بىر چەھرە ھەرگىز سۇرەتنىڭ نەققاشىدەك.

(مەنىسى: چىن رەسساملىرى نۇرغۇن زوقلىنارلىق رەسىملەر سىزغان بولسىمۇ، ئەمما سېنىڭ سۈرەت – قىياپىتىڭدەك بىرسىمۇ تەبەسسۇم قىلغىنى يوق.)

بولماسە ئۇل بۇت قاشى مېھرابىم ئىچرە جىلدە ساز،
قىبلەگە كاپىرمەن، ئەر باش تىندۇرۇپ قىلسام ناماز.

(مەنىسى: ئەگەر مېھرابىمدا خۇددى بۇتتەك سەنەم قەشى جىلۋە قىلىپ تۇرمىسا، قىبلىگە قاراپ ناماز ئوقۇسام كاپىر بولۇپ كېتەي.)

ۋاھ، نە يۈزدۇر بەلكى تەقلىدىن قىلىپ نەققاشى چىن،
چەكسە يۈز سۈرەت، بىردىن يۈزدىن نەمۇدار ئەيلەسەم.

(مەنىسى: پاھ، بۇ نىمىدېگەن گۈزەل يۈز، ئۇنىڭغا ئوخشىتىپ چىن نەققاشى يۈز رەسىم سىزسا، ئۇنىڭ گۈزەللىكىنىڭ يۈزدىن بىرگە نىشانە قىلسام.)

ئۆزلۈكىمنىڭ قەيدىدىن بىر مەي بىلە قىلدىڭ خالاس،
ۋاھ، نەدەي، ئەي مۇغ ساقىا بۇت بىرلە زۇننارىم فىدا.

(مەنىسى:) بىر مەي بىلەن مىنى ئۆزلۈكىمنىڭ ئارغامچىسىدىن قۇتۇلدۇرۇۋەتتىڭ، نىمە دەيمەن، ئەي مەيخانا، ساقىا جىسمىمنىڭ بۇتى بىلەن زۇننارىم سەدىقە بولسۇن.)

دەۋرىمىزگە كەلگۈچە غەربىي يۇرت بۇددا بىناكارلىقى، ھەيكەلتىراشلىقى ۋە تام – تاختا رەسسامىلىق سەنئىتى يادىكارلىقلىرىدە يەرلىك دەرىجىدە، ئەمما خارابە ھالىتىدە ساقلانغاندى. ئۇنى گرونۋېدىل، لىكوك، ستەين، پېللىئوت ۋە داگونىڭ ئېكسپېدىتسىيە خادىملىرى پارچىلاپ، بۇزۇپ ئېلىپ تېخىمۇ ۋەيران قىلىشتى. شۇ چاغدىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، خوتەن، مەلىكىئاباد، كونا نىيە، دەندان ئۆيلۈك، ئۇچما راۋاق، توققۇز ساراي، ئالاقاغا، سىم – سىم، دۇلدۇل ئوقۇر، سۇ بەشى، قىزىل ساراي، قۇمتۇرا، مازارباغ، شورچۇق، مىرەن، كرورەن، يارغول، تۇيۇق، سىڭگىم ئېغىز، ئىدىقۇت شەھىرى، بېزەكلىك قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان تاشكېمىرلەر، ئىكون – بۇت ۋە قورچاقلار، تام رەسىملىرى، سىزما ۋە ياغاچ ئويمىلار، يىپەككە سىزىلغان رەسىملەر جاھان سەنئەت تارىخىدىمۇ ئۆزىنىڭ زور ھەجىملىكى، رەڭدارلىقى، كۆركەم – نەپىسلىكى بىلەن يەنىلا تەئەججۇپلىنەرلىك ئىدى. ئۇلار ئارىسىدا دەندان ئۆيلۈكتىن تېپىلغان لاكشىمى (ئۈز تەڭرى) رەسىمى، ئات ۋە تۆگىلىك سەپەرنىڭ تاختىغا سىزىلغان رەسىمى، سۇ بەشىدىن تېپىلغان مۇزىكا – ئۇسسۇل – تىياتىرلىق كۆرۈنۈشى سىزىلغان جەسەت كۆلى قۇتىسى، قىزىل مىڭئۆيىنىڭ 36 – غاردىكى تام رەسىملەر، قۇمتۇرا يېڭى 1 – غار تورۇسىدىكى كۆركەم لىباسلىق بۇتساتۋالار تىزمىسى، شورچۇقتىكى ياغاچ ئويما ھەيكەللەر ۋە بىراخماننىڭ لاي ھەيكەللىرى، ئىدىقۇت شەھىرىدىكى مانى ئىبادەتخانىسىغا سىزىلغان مانى ۋە مۇخلىسلىرىنىڭ تام رەسىمى، بېزەكلىكتىن تېپىلغان ساكيامۇنىنىڭ ھېكمەت سۆزلىشى قاتارلىقلار يۇقىرى كلاسسىك تەسۋىرىي سەنئەت دۇردانىلىرى ئىدى.

ئىسلامىيەتتىن كېيىن بىناكارلىق، بولۇپمۇ ئوردا – قەسىر، ئاتاقلىق شەخسلەرگە ئاتالغان مەقبەرە، مەسچىت – جامە، مەدرىسە، مۇنار، رەسەتگاھ، باغ – سەيلىگاھ،

ئولتۇراق جاي بىناكارلىقى ئالاھىدە يەرلىك ۋە غەربىي ئاسىياچە قۇرغاق رايونلارغا خاس «ئىسلام ئۇسلۇبى» بويىچە راۋاجلاندى. بۇنداق بىناكارلىقلار مۇنار، گۈمبەز، دەھلىز، راۋاق، مېھراب، تاكچا(ئويۇق)، ئوچاق – مورا، سۇپا، ياپما ئايۋان، تورۇس، تۈۋرۈك، باسما(پەلەمپەي) قاتارلىقلارنى چىرايلىق لايىھىلەش، ئۇنى رەڭدار خىشلىرىدىن، گەج نەقىشلىق ياكى ياغاچ ئويما ماتېرىياللاردىن ئىشلەش ئومۇملاشتى. قاراخانىيلار زامانىسىدا قەشقەر، بالاساغۇن، ئۆزكەنت، بۇخارا، سەمەرقەنت، خوتەن قاتارلىق كاتتا شەھەرلەردە بۇنداق ياسىداق ئىمارەتلەر كۆپلەپ مەيدانغا كەلدى. چىڭگىزخانىنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى يالغۇز بىناكارلىق مۆجىزاتلىرىنىلا ئەمەس، يەنە پۈتۈن سۈرۈك شەھەرلەرنى تۈزلىۋەتكەندى. تۆمۈرلەر ۋە سەئىدىيلەر دەۋرىدە «ئەھمەد يەسسەۋى»، «ئائىشە بۈۋى»، «يۈسۈپ ھەمەدانى»، «گورەمىر»، «بۈۋى خانىم»، «ھاشى زىندە» قاتارلىق مەقبەرىلەر، يەكەن «ئالتۇنلۇق» مازىرى، سەمەرقەنت تىگىستان مەدرىسەلىرى، ئۇلۇغبەگ رەسەتخانىسى قاتارلىقلار قۇرۇلدى.

يىپەك يولىنىڭ خارابلىشىشى تەسۋى سەنئەتكىمۇ قاتتىق زەربە بولدى. يىپەك يولىنىڭ قايتا ئېچىلىشى، دەل تارىخنىڭ زامانىۋى شەھەر بىناكارلىق ۋە مەدەنىيەتلىك تۇرار جاي قۇرۇلۇشىنى راسا تەقەززا قىلغان دەۋرگە توغرا كەلدى، ئىشىنىمەنكى، غەربىي يۇرتتا سەنئەت ئىلمىگە لايىق ئەنئەنىۋى بىناكارلىق تارىخىغا ئىگە يەرلىك ئاھالە پات ئارىدا بىناكارلىق، ھەيكەلتاراشلىق، مۇھەت سەنئىتى، رەسساملىق، ئويمىكەشلىك، نەققاشلىق سەنئەتلىرى جەھەتتە دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى خەلقلىرىگە يېتىشىۋالىدۇ.

7

يىپەك يولىدىكى تارىخنىڭ ئۆلگەن ھادىسىلەر قەبرىستانلىقىدىن ئۆلمەس تۆت ماھىيەتلىك مۆجىزە – تارىخ شەھى، سەنئەت يوپۇرمىقى، ئەدەبىيات گۈلى ۋە ھېكمەت ئۇرۇقى ئۈنۈپ يېتىلگەن. ئۇنىڭدا ئۆتمۈش كەلگۈسىگە تارىخىي تەپەككۇر، بەدىئىي تەپەككۇر ۋە نەزەرىيىۋى تەپەككۇر شەكلىدە ئۇچۇر يەتكۈزىدۇ.

– خىيال دەپتىرىمدىن

يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەتنىڭ يەتتىنچىسى تىل – ئەدەبىيات غەزىنىسىدىن

ئىبارەت.

مەلۇمكى، تىل سىستېمىسى ۋە دەسلەپكى ئەپسانە، رىۋايەت ۋە قوشاق فولكلورى يىپەك يولى بەرپا بولۇشتىن ئىلگىرىلا مەۋجۇد ئىدى. ھەرخىل بەلگە ۋە تامغىلار ئىپتىدائىي ئۆچۈر ۋاستىسى قىلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ نۇسخىلىرى قىياتاشلار، ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلاردىن كۆپلەپ تېپىلدى.

يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشى بىلەن مەركىزىي ئاسىيا تىل – ئەدەبىياتىدا يېڭى ئىپادىلەش ئۇسلۇب – ۋاستىلىرى ۋە سەنكرىتىك ئالامەتلەر مەيدانغا چىقىشقا باشلىدى.

تارىخى تەتقىقاتچىلىرى غەربىي يۇرت ۋە پۈتكۈل مەركىزىي ئاسىيادا ھەرخىل يېزىقلار قوللىنىلغانلىقىنى، ھەرخىل تىللاردا ئەسەرلەر يېزىلغان ياكى تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى ئېيتىشتى. ھەقىقەت شۇكى، غەربىي يۇرتلۇقلارنىڭ بىراق ئەجدادلىرى – ئارىيلار – سكىتايلار – ساكلار بالقاش – بايقال ۋادىلىرىنى مەركەز قىلغان ھالدا غەربتە قارا دېڭىز، قىزىل دېڭىز ساھىلىنى، جەنۇبتا ھىندىستان ۋە مىسسوپوتامىيىنى، شەرقتە موڭغۇل ئېگىزلىكىنىڭ غەربىي قىسمىنى، تاكى قەشقەرىيىگىچە ئىگىلىگەن ياكى ئۇ جايلارغا تەسىر كۆرسەتكەنىدى. نەتىجىدە بۇ كەڭ زېمىندا ئوخشىمىغان دەرىجىدە مەدەنىيەت ئۇنتۇرسال ھادىسىسى پەيدا بولغان. غەربىي يۇرتتا كېيىنكى ۋاقىتلاردا قوللىنىلغان قاراشتى يېزىقى، ئەنەتكەك (سانسكرىت) يېزىقى، رونىك شەكلىدىكى ئورخۇن يېزىقى، سوغدى يېزىقى شەكلىدىكى ئىدىقۇت ئۇيغۇر يېزىقى، ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى قاتارلىق يېزىقلار تېگى – تەكتىدىن قەدىمكى ئۆچۈرلۈق تامغىلار بىلەن ئارى – سكىتايلار كەزگەن غەربىي ئاسىيا ۋە پامىر – ھىندىستان يېزىقلىرىنى دەۋر قىلىپ، بىرىدىن بىرىگە ئالمىشىپ كەلدى. بۇ يېزىقلارنىڭ يېقىنلىقى خۇددى نوھ ئەپسانىسىدىكى نوھ پەرزەنتلىرى تۇر، كەنان، ياپەسىتەك شۇنچە تومۇرداش بولغان.

غەربىي يۇرت فولكلورىمۇ ئالاقاچان مىللىي چېگرىدىن ھالقىغان بولۇپ، «چىستانى ئىلىك بەگ»، «ماناس»، «پەرھاد ۋە شىرىن»، «تومارىس»، «رۇستەم»، «ئوغۇزنامە»، «گىلگامىش»، «دەدەقورقۇت»، «ئەپراسىياپ»، «سىياۋۇش» ۋە بۇددىزمغا ئائىت يۈزلىگەن «يارالمىش جاتاكا ھېكمەتلىرى» كۆپ ئېتنىك ۋە كۆپ جۇغراپىيىلىك تەركىبكە ئىگە بولغان.

ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى تىل – ئەدەبىيات جەھەتتىكى ئاساسلىق جاۋاھىرات – «ئاۋېستا»، «رىگاۋېدا»، «ئەپراسىياپ» لەگەندىلىرى بىلەن بۇددىزم نوملىرى

ھېسابلاندى.

غەربىي يۇرتتا كۆپلىگەن نوم ئەدەبىياتشۇناسلىرى ئىچىدە ئەڭ مەشھۇرلىرى كومراجىۋا، فى ھويلان، ئەنزاڭ، سىڭقۇسەلى تۇتۇڭ قاتارلىق تىلشۇناس – تەرجىمشۇناس ئالىملار بولدى. كومراجىۋانىڭ ئەدەبىي ئۇسلۇبى خەنزۇ نەزمچىلىكىنى بەش خەتلىك شەكىلدىكى يەتتە خەتلىك شەكىلگە كۆتۈرۈشتە ئىلھام بەخش ئۈلگە بولۇپ قالدى.

ئۇرخۇن ئۇيغۇر خەلقى ئىجرىتورىيىسىدىن تېپىلغان «توققۇز ئۇيغۇر خاقان»، «مويۇنچۇر»، «بىلگە قاغان»، «تونيۇقۇق»، «كۆلتېگىن»، «كۆلچۇر» ئابىدىسى قاتارلىقلار تالاس – يەنسەي مەڭگۈ تاشلىرىدىن ئۆزىنىڭ ئەدەبىي كومپوزىتسىيىسىگە ئىگە كلاسسىك تاش پۈتۈنلۈك خاراكتېرى بىلەن پەرقلەندى.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا قايتا ئىشلەنگەن «ئوغۇزنامە»، «چىستانى ئىلىك بەگ»، «مايتىرى سىمىت»، «ئالتۇن يارۇغ» قاتارلىق يىرىك ئەسەرلەر ئەينى زامان نەسرىي – نەزم ئەدەبىياتىنىڭ راۋاجلانغانلىقىنى، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن ئەدەبىي تەرجىمىنىڭ كۆپ قىرلىق ئىلگىرىلىگەنلىكىنى كۆرسەتتى. دەرۋەقە، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە مانىزم بىلەن بۇددىزم (كېيىنچە، بەشبالىقتا يەنە ئىسلام دىنى)، گرېك، پارسى، ھىندى، خەنزۇ، تىبەت، موڭغۇل تىللىرى بويىچە ئىلمىي، دىنىي ۋە ئەدەبىي تەرجىمە بىللە بولۇش مەنزىرىسى شەكىللەنگەنىدى. كۆچۈرۈش بىلەن مىخ مەتبەئە ئۇشبۇ مەدەنىيەت دەرگاھىغا ھوسن قوشتى. خانبالىق(بەيجىڭ) ئوردىسى ۋە خەنلىن ئاكادېمىيىسىدە ئۇيغۇر ئالىملىرى ئىشلىگەن، موڭغۇل ھۆكۈمرانى بىلەن ئىچكى ئەللەرگە تارقىلىپ كەتكەن ئۇيغۇر ئەۋلادلىرىدىن مەشھۇر شېئىرىيەت ۋە «يۈەن چۈي» تىياتىر مۇئەللىپلىرى يېتىشكەن مەدەنىي مۆھتە بارلىققا كەلدى. بۇ ھال ئۇيغۇرلارنىڭ باغدات خەلىپىلىكلىرىگە، سالجۇق تۈركلىرى، چىنگىزخان قوشۇنلىرى بىلەن غەربىي ئاسىيا ۋە شىمالىي ئافرىقىغا قەلەم ۋە ماھىرلىرى بولۇپ يېتىلىشىنىڭ شەرقىي ئاسىيادىكى ئىككىنچى ۋارىيانتى ياكى قانىتىنى ھاسىل قىلدى. ماۋەرائۇننەھر، خارەزم ۋە خۇرسانىنى ئىشغال قىلىشتا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى چىنگىزخان قوشۇنلىرىغا كۆچلۈك چەۋەنداز ئەترەتلىرىنى قوشقانىدى. مەلۇم مەنىدە، زامانىسىنىڭ ئەقىل چەشمىسى بولغان ئىدىقۇت – بەشبالىقلىقلار ئۆز جاۋاھىرلىرىنى شەرقىي دېڭىز، كاسپىي دېڭىزى، ئەرەب دېڭىزى ۋە ئوتتۇرا يەر دېڭىزى ساھىللىرىغا چاچقانىدى. ئۇ كېيىنچە موڭغۇل ئاتامانلىرى ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلغان دەھشەتلىك ھاكىمىيەت تالىشىش جەڭلىرىدە، سالماقلىق ئاھالىسىنى

سىرىق ئۇيغۇرلار زېمىنىغا كۆچۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. خىزىر خوجا ئىدىقۇت دىيارىدا ئىسلام ئاچقاندا، بۇ دىيار ئاللىقاچان ھالىدىن كەتكەن ھالەتتە ئىدى. ئىسلامىيەتتىن كېيىن تۇرپان – قۇمۇل دىيارىنىڭ دەرمەھەل مەدەنىيەت ھەسەن – ھۈسەنلىرىنى جىلۋىلەندۈرەلمىگەنلىكى، مىنىڭچە، ئەنە شۇ ئىچكى خوراشتىن بولغان.

قاراخانىيلارنىڭ مۇسۇلمانلىشىشى يىپەك يولىدىكى غەربىي يۇرت ئۆتكىلىنىڭ بىر تۇتاش «تۈرك ئىسلام مەدەنىيەت چەمبىرى» ھاسىل قىلىشىنى تېزلەتتى. تىل – ئەدەبىياتتا يېڭى تارىخي دەۋر ئۇيۇق ئاچتى. يېزىق شەكلى، ئېتىقاد مەزمۇنلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن بەزى تەتقىقاتچىلار ھۆكۈم قىلغاندەك غەربىي يۇرتنىڭ مەدەنىي ھاياتىدا ھەرگىزمۇ جىددىي چۈشكۈنلۈك يۈز بەرگىنى يوق. ئەكسىچە، ئەرەب – ئىسلام مەدەنىيىتى يىپەك يولى ئالاقىلىرىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇۋەتتى. تارىخ بۇ ئۇلۇغ قانالدا يېڭى مەدەنىيەت ئۇچۇرىشلىرى ۋە سەنئەتكارلىرىغا مۇمكىنلىك تۇغدۇردى. ئىسلامىيەت شەكلىدىكى گۈمبەزلىك كارۋان سارايلىرى، مەسچىت مۇنارلىرىدا ئوقۇلغان ئەزان كۈيلىرى يىپەك يولى ئالاقىلىرىغا ھېچقانداق دەخلى – توسقۇنلۇق كەلتۈرگىنى يوق.

ئەل خارەزمى، ئەل پەرغانى، ئەل فارابى، ئەل خوجەندى، ئىبىن سىنا ئەسەرلىرى ئەرەب دۇنياسىدا سوقرات، ئەپلاتون، ھىپوگرات، ئارىستوتىل، ئېۋكەلىد، گاللى، پىتولمى ئەسەرلىرى بىلەن بىللە بۇ ئۇلۇغ ئۆركەشنىڭ شەرقىي پاۋلىئونىنى ھاسىل قىلدى. ئۇلارنىڭ قوشۇلۇشى ياۋروپا ئەدەبىي ئويغىنىشىنىڭ بالىياتقۇسىغا ئۇرۇق سالدى. بۇ ھەقىقىي تارىخنىڭ تارىخي ھەقىقىتى سۆيىتىدە بىگۇمان ھەققەتتۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» سىدىن كېيىن، يەنە بىر شاھ ئەسەر «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنى ياراتتى. فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە»سى يىپەك يولىدا «ئاۋەستا»دىن كېيىنكى ئەڭ چوڭ داستان بولغانىدى. بىز بۇ ئۈچ ئەسەرنى خۇددى ئارىستوتىل، «ئىككىنچى ئۇستاز» ئەلفارابى ۋە ئىككىنچى ئەلفارابى – «شەيخۇل رەئىس» ئىبىن سىنادەك ئوبرازلىق تەپەككۇر تارىخىغا ئەڭ زور تەسىر كۆرسەتكەن ئۈچ ئەڭگۈشتەر ھېسابلايمىز.

مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»، مۇھەممەد فەزلاننىڭ «سوراھ»، مۇھەممەد زەمەھشەرىنىڭ «مۇقەددىمۇتۇل ئەدەب» قاتارلىق ئۈچ چوڭ لۇغەتنى قەشقەرلىك فى ھۆيلاننىڭ «نوم مەنىلىرىنىڭ تەپسىلىي تەپسىرى» ناملىق تىلشۇناسلىق دەستۇرىدىن كېيىن يىپەك يولىدا مەيدانغا كەلگەن غەربىي يۇرت تىلشۇناسلىقىنىڭ يېڭى ئۇتۇقى بولدى.

فىردەۋسىنىڭ مەھمۇد غەزنەۋىگە تەقدىم قىلغان «شاھنامە»سىدىن كېيىن، ئەزەربەيجان تۈركلىرىدىن نىزامى گەنجەۋى، دېھلىدە ئىستىقامەت قىلغان خۇسراۋ دېھلەۋى، سەددىدىن قەشقىرىنىڭ شاگىرتى ۋە كۈيئوغلى نۇرىددىن ئابدۇراخمان جامى بىلەن ئۇلۇغ مۇرەببىي ئەلىشىر نەۋائى ياراتقان «خەمسە»چىلىك بەس – بەسى ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتىگە قارشى ئىنسان ۋە ئەرك تېمىسىنى خەمسە شەكلىدە ئىپادىلەشنىڭ يېڭى ئۈلگىسىنى كۆرسەتتى. نەسىرىددىن رابغۇزىنىڭ «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، ئەبەيدۇللا لۇتفىنىڭ «گۈل ۋە نەۋرۇز» داستانلىرى ئۇنىڭغا ياندىشىقاندى.

ئەلىشىر نەۋائى تەرىپىدىن «تۈرلەرنىڭ پىر ئۇستازى» دەپ ئاتالغان ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ «دىۋان ھېكمەت» ناملىق مەشھۇر زىلزىلىگۈي ئەسىرىدىن كېيىن باقىرخانى، باباچىن، بابارەھىم مەشرەپ، خوجا نەزەر ھۇۋەيدا، مۇھەممەد سىددىق زىلىلى، مۇھەممەد بىننى ئابدۇللا خاراباتىنىڭ بىر قاتار گۇمانىستىك – سوپىستىك ئىدىيىدىكى ئەركىن پىكىرلىك پەلسەپۋى لىرىكىلىرى يىپەك يولىدا مانىزىم، زورروئاستىرىزم ۋە بۇددىزم زامانىدا ھەرخىل شەكىلدە ئىپادىلەنگەن، ئىنساننى قاراڭغۇلۇق ۋە ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇش ئىنتىلىشلىرىنىڭ يېڭى، ئۆزگىچە راۋاجى بولدى.

يىپەك يولى غەربىي يۇرت تىل – ئەدەبىياتى ئۆزىنىڭ ئەدەبىيات تەجمىچىلىكى ۋە تىماتىك پىكىر ۋە پېرسوناژلىرىنىڭ خەلقئارالىق بىلەن خاراكتېرلەندى. دىيارىمىزدىن ئىزوپ مەسەللىرى، مانى دەستۇرلىرى، بۇددا نوملىرى، نىستورىئان رىساللىرى بىلەن «كەلىلە ۋە دەمنە»، «مىڭ بىر كېچە»، «جاھار دەرۋىش»، «شاھنامە» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمە نۇسخىلىرى تېپىلغانلىقى ھېچقانداق ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. يىپەك يولىدا يارىتىلغان «ئاۋېستا»، «شاھنامە»، «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، «گۈل ۋە نەۋرۇز»، «چاھار دەرۋىش» ۋە ھەرقايسى «خەمسە» تىزمىلىرىدا چىن خاقانى، خوتەن رەستىسى، خارەزم چۆللۈكى، ھىندى راھىبى، ئىران دەرۋىشى، ئەرمەن گۈزىلى، ئەرەب ھەكىمى، ئېفوپىيە زەنگىسى، يۇنان سەركىسى، ساك قەھرىمانى، تۇران مەرگەنلىرى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، دۇنيادا بۇنداق خەلقئارا قىياپەتلىك ئىككىنچى تەسۋىرىي تەپەككۇر موجىزاتىنى يەنە تېپىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

كۆپ قىرلىق ۋە سېھرى بەخش بۇ خىل تىل – ئەدەبىيات يىپەك يولىنىڭ خارابىلىششىغا ئەگىشىپ، ئۆزىنىڭ ئالەمشۇمۇل كلاسسىك خاراكتېرىدىن قالدى.

يىپەك يولىنىڭ قايتا ئېچىلىشى بىزگە نوقۇل رۇسىيە ئارقىلىق كىرگەن ياۋروپا ئەدەبىياتى ژانىرىدىكى ئىجادىيەت سەمەرىلىرىدىن داۋاملىق پايدىلانغاندىن تاشقىرى، بىر

زامانلاردا قەلەمكەشلىرىمىزنى دۇنياۋى سەۋىيىگە كۆتۈرگەن يىپەك يولى زامانىدىكى ئەدەبىيات مىراسلىرىمىز بىلەن قايتىدىن تونۇشۇش ۋە يىڭى يىپەك يولىغا خاس يىڭى ئىستىلدىكى ئەدەبىيات گۈلزارى بەرپا قىلىش يولىدا ھېكمەتلىك پىكىر يۈرگۈزۈشىمىز ۋە ھېكمەتلىك ئىزدىنىشىمىز لازىملىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. ئۇلۇغۋارلىق شەخسنىڭلا ئەمەس، بەلكى ئۇنى ياراتقان تارىخنىڭ ئىشى، ئەلۋەتتە.

8

دۇنيادا ھېچقانداق گۈزەللىك ۋە مۇقەددەسلىك ئىنساننىڭ ئىنسانغا بولغان ئىنسانىي مۇئامىلىسىدەك چىن ۋە ئالىيجاناب بولغان ۋە بولالىغان ئەمەس.

– خىيال دەپتىرىمدىن

يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەتنىڭ سەككىزىنچىسى مېھماندوستلۇق گۈلشىنىدىن ئىبارەت.

مېھماندوستلۇق – بىر خىل مەدەنىيەت، ئۇنى پەقەت جاھان كەزگەن كىشىلا ھېس قىلىشى، چۈشىنىشى ۋە بەجا قىلالىشى مۇمكىن. مېھماندوستلۇق – ئۇ ئاددىيلا ئادەمگەرچىلىك، ئىجتىمائىي ئالاقە، ھېسداشلىق بولماستىن، بەلكى بىرەر خەلقتە ئۇنىڭ ئەجدادلىرى ئارقىلىق مىڭلىغان يىللار داۋامىدا ئەنئەنىگە ئايلانغان كىشىلىك مەدەنىيەتنىڭ ساخاۋەتچان گۈلشىنىدۇر. يۇقىرىقى سەككىز ھېكمەت تۈپەيلى ئۇشبۇ ھېكمەت چەشمىسى قايناق ۋە راۋان!

قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيالىقلار بىر قاتار سەۋەبلەر بىلەن مېھماندوستلۇق ئەنئەنىسىگە ئېرىشكەن.

ئۇلار بۇغا يولى، ئالتۇن يولى، قاشتېشى يولى ۋە يىپەك يولى ئارقىلىق كونا قىتئەنىڭ نۇرغۇن جايلىرىنى كەزدى، ھەرخىل يايلاق، ئورمان، جەزىرە، قەلئە ۋە ساھىللاردا تۇرمۇشنىڭ تەمىنى تېتىشتى. ئۇلۇغ ئەمەلىيەت كىتابى – «سەپەر كىتابى» ئۇلارغا مېھماندوستلۇق مەدەنىيىتى ۋە زورۇرىيەتلىرىنى ئۆگەتتى. ئۇيغۇرلاردىكى «يازدا يىپىنچا، قىشتا ئوزۇق»، «بۇغداي نەنىڭ بولمىسا، بۇغداي سۆزۈڭ بولسۇن» دېگەندەك

مىڭلىغان تەمسىللەر مۇشۇ سەپەر سەرگۈزەشتىلىرىدىن مۇجەسسەملەنگەن.

ئۇلار ئەتراپى ئېگىز تاغ، ئوتلۇق چۆل بىلەن قورشالغان زېمىندا ياشىدى. ئۇلار تۆت تەرەپنى بولۇپمۇ شەرق بىلەن غەرب كارۋان يولىنى نىجادىيەت ئېقىنى دەپ بىلدى. تۆگە- ئات كارۋانلىرىنىڭ كولدۇرما– قوڭغۇراقلىرى ئۇلارغا ساخاۋەت ئىپادىلەش ۋە سودا – تىجارەت قىلىشتىن دېرەك بېرەتتى. مېھماننى سودىگەر ياكى راھىب ئىپتىخارى ۋە يىپەك يولى ئالاقىلىرىدىكى بۈرچى ئىدى. بىز فاشىيەن، شۇئەنزاڭ، گەردىزى، ۋاڭ يەندى، ماركوپولو، ئىبن بەتۇتە خاتىرىلىرىدىن بۇنى روشەن كۆرۈۋالالايمىز. «غەربكە ساياھەت» ئەپسانىسى قانداق يېزىلغان بولمىسۇن، شۇئەنزاڭ(تاڭ سىڭ) قوٗمۇلدىن تاكى مىڭ بۇلاق تۈرك يابغۇلۇقى ئارىسىغىچە بولغان بۇ ۋادىدا بۇ خىل مېھماندوستلۇقنىڭ خاسىيىتىدىن بەھرىمەن بولغان.

ئۇلار يىپەك يولىدىكى خەلقئارا سودىگەر سۇپىتىدە ھېسابلانسىمۇ يېڭىلمەس ئىدى. ئۇلار يەنە، ئەنئەنە بويىچە ھەر يىلى مەلۇم مىقداردا چارۋىنى چۆللەرگە ھەيدەپ بۆرە ۋە يىرتقۇچلارغا يېگۈزۈشنى ئۇدۇم بىلەتتى. ئۇلار ھاراق ساتقاندا سۈت– قىتىقنى ئاقچىغا سېتىشنى راۋا كۆرمەيتتى. ئۇلار، گاھىدا ئاۋات ھاكىمىيەت مەركەزلىرىگە «ياغما» بولۇپ بېسىپ كىرىسىمۇ، تاۋار – دۇردۇنلارنى، ئات، قاشتاش، دورا – دەرمان بەدەلسىز ئېلىپ كەتمەيتتى، ئۇلارنىڭ بەگ ۋە خانلىرى مەلۇم يىلدا باج – سېلىق كەچۈرۈمى ياكى «خەزىنە بولۇش» نامىدا سەدىقە خاراكتېرلىك چاچقۇ چاچاتتى. ئۇلار سودا كارۋانلىرى بىلەن بىللە باشقا يۇرتتىكى بەگ – خان – پادىشاھلارغا سوۋغا – تارتۇق ھەدىيە قىلىپ تۇراتتى. بۇ خۇددى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدىكى ئارتۇق قاننى ئېلىشقا ئوخشاش ئىقتىسادىي «مۇھەت تەڭپۇڭلۇقى» ئادىتىنى شەكىللەندۈرەتتى. بۇنىڭسىز بالا – قازا ئىللەتلىرى غەزەپلىك قوزغىلىدۇ، دېگەن ئەقىدە بۇ ئادەت بىلەن بىللە ساقلىنىپ كەلدى. ھارغان ئات – ئۇلاغنى يايلاق ياكى چۆپلۈكلەرگە تاشلاپ قويۇپ، يىللار ئۆتكەندە تېپىپ ئالغىچە ئۇنىڭغا باشقا ھېچ كىشى ئالا نىيەتتە بولماسلىق ئادىتى تاكى ئەسىرنىڭ 50 – يىللىرىغىچە ساقلاندى.

غەربىي يۇرت كارۋان سارايلىرى، ئاشپۇزۇل – چايخانىلىرىدا ئۈچ نەرسە – ياخشى تائام، ياخشى سۆھبەت، ياخشى كەيپىيات ھۆكۈم سۈرەتتى.

چاي، شەربەتلەر بىلەن مەينىڭ تۈرلىرى كۆپ، تەسىرى شىپالىق بولغان. بىز بالبال ۋە تاشكېمىر تام رەسىملىرىدىن قىلىچ – خەنجەر ئاسقان غەربىي يۇرتلۇقلارنىڭ قولىدا مەي جامى تۇتقان مەڭگۈلۈك خاتىرىسىنى كۆرىمىز. غەربىي يۇرت مەي مەدەنىيىتى خەنزۇ

ئەدەبىياتىدا لى بەي باشلىغان مەينامە نەزمىلىرىگە ئىلھام بولغانلىقىنى كىم ئىنكار قىلالىسۇن! گۈلقەنتچىلىك، مۇرابىا – قىيام ۋە شەربەت تېخنىكولىگىيىسى غەربىي يۇرت داستىخانلىرىغا تېخىمۇ لەززەت بېغىشلىدى. غەربىي يۇرت ئەسلى شۆھرىتىگە لايىق شەربەت ماكانى ئىدى.

گۆش تائاملىرى – قوي، كىيىك، قۇش، بېلىق، قارامال گۆشلىرىدىن زىخ، تونۇر، گۈلخان، قازان، قاسقاندا تەييارلىنىدىغان يېمەكلىكلەر؛ ئۇن، گۈرۈچ، پۇرچاق، كۆكتاتلاردا ھازىرلىنىدىغان يۈزلىگەن تائام تۈرلىرى؛ سۈت بىلەن ياسىلىدىغان ھەرخىل يېمەكلىكلەر غەربىي يۇرت تائام باغچىسىنى يىپەك يولىنىڭ يوروق دۇنيادىكى «فىردەۋسول ئەلا» بېھىشىگە ئايلاندۇردى. ھەرخىل پىچىنە – پىرەنىكلەر بىلەن نەچچە ئون خىل توقاچ – نانلار يىپەك يولى سەپەرلىك جابدۇنۇشىنى ئاسانلاشتۇردى. تۇرپان ئاستانە قەبرىگاھلىقىدىن ئۇنىڭ بىر قىسىم نەمۇنىلىرى تېپىلدى.

ياخشى سۆھبەت – دۇنيادىن خەۋەر تېپىش ۋە ئىلىم – ھېكمەتتىن ئۈچۈر تېپىشتىكى مۇھىم ۋاستە ئىدى. سودا كېلىشىملىرى، ھېكايەت ۋە ھاپىزلىق، ئەقلىيە ۋە نەسىھەت ئاڭلاشمۇ ئۇنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، بۇ تاكى يېقىنقى قەرنەلەرگىچە يېتىپ كەلگەن. گېزىت – رادىئو – تېلېۋىزور بولمىغان كونا دۇنيانى ياخشى سۆھبەت تۇتاشتۇرۇپ تۇراتتى.

ياخشى كەيپىيات – قىزغىن مېھماندوستلۇق، نەغمە – ناۋا ۋە ئويۇن – مەشرەپۋازلىق ئارقىلىق شەكىللىنەتتى. سەيلى – ئايەم، ئوغلاق تارتىشىش ئويۇنى، ئات بەيگىسى، ئوقيا ئېتىش، چەۋگەن ئويناش، سارغادى (چەرھى پەلەك)، چېلىشىش قاتارلىقلار بولۇپ تۇراتتى.

يىپەك يولىنىڭ خارابىلىشىشى ئۇيغۇر مېھماندوستلۇقى روھىنى بىردىن نابۇت قىلالمىسىمۇ، ئۇنىڭ يىلىكىنى قۇرۇتۇپ قويىدى، ئىستىبلاچى كۈچلەرنىڭ تالان – تاراجلىرى، يەرلىك ھاكىم – بەگلەرنىڭ ئىستىلاچىلارغا يانتاياق بولۇپ ئۆز خەلقىنى قاخشىتىشى بۇ مىللەتنى يىلدىن يىلغا يالاڭ تۆش قىلىپ قويىدى. نەتىجىدە، نامراتلىق ئۈلارنىڭ ساختىپەزلىك، ھارامدىن قورقماسلىق ئىللەتلىرىنى كۈچەيتىۋەتتى. يىپەك يولىنىڭ قايتا ئېچىلىشى ئۆز نۆۋىتىدە بۇ خىل مېھماندوستلۇق روھى بىلەن تائام مەدەنىيىتى ۋە ماھارىتىنى چوقۇم يېڭى تارىخىي ھالەتكە لايىق گۈللەندۈرىدۇ، ئەلۋەتتە.

9

كىشىلەر ھۇما قۇشىنى بەخت – سائادەتنىڭ ئەلچىسى دەپ سۆيۈنۈشىدۇ. دەرۋەقە، ھۇما قۇشىنىڭ قۇتلۇق تۇخۇمى خەلقىمىزنىڭ نەزەرىيىۋى تەپەككۇرىنى تىركەك قىلغان مەنىۋى قىياپىتى ئىچىدە يېتىلدى ۋە ئېچىلدى.

– خىيال دەپتىرىمدىن

يېپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەتنىڭ توققۇزىنچىسى يېپەك يولى مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ نەزەرىيىۋى تەپەككۇرىدىن ئىبارەت ئىدى.

نەزەرىيىۋى تەپەككۇر – پەيلاسوپلار تارىختا زورلاپ تەقدىم قىلىۋاتقان «مەدرىسە پەلسەپىسى» بولماستىن، بەلكى ئىنسان تارىخىنىڭ ئىنسانىي ئاق تەرىپىدىن ئاڭلىق ئىگىلىنىش سەۋىيىسىدىن ئىبارەت. تارىخ ھازىرغىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇپ كەلگەن ھەربىر خەلقنىڭ ئەڭ ئالدى بىلەن نوپۇس، قورال كۈچى، ئىقتىسادىي كۈچ ياكى جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىك بىلەن ئەمەس، بەلكى مەنتىقىي پىكرىنىڭ تاجى، روھىيەت دۇنياسىدىكى يېگانە قۇياش – نەزەرىيىۋى تەپەككۇر بىلەن ئالدىنى ئورۇندا تۇرغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

بىر زامانلاردا يىپەك يولى نەزەرىيىۋى تەپەككۇر ئۇتۇقلىرىنىڭ ئومۇمىي پاۋلىئونى ياكى كۆرەك مەيدانىغا ئايلانغانىدى! غەربىي يۇرتلۇقلار تەبىئەت، جەمئىيەت، تۇرمۇش ۋە روھىيەت مەسىلىلىرىگە نىسبەتەن ئۆز زامانىسىنىڭ ئالدىنقى قاراشلىرىغا ۋەكىللىك قىلىشقان.

جاھانساز مەركىزىي ئاسىيالىقلار ئۈچ ماكان، ئۈچ زامان ئالەم قارىشىنى ياراتتى، ئۇلار ئاسمان – ئىلاھىي ماكان، زېمىن – ئىنسانىي ماكان، يەر ئاستى – جىن – ئالۋاستىلار ماكانى، دېيىشتى. ئۇلار ئۆتمۈش، ھازىر، كەلگۈسىنى ئۈچ ئۆتكۈ(زامان)دە بىلىشتى. ئۇلار ئىنسان بىلەن ھازىرقى زامانىنى ئالەمدىكى مەركىزىي پائالىيەتچان ئورۇنغا قويدى.

ئۇلار مەنىۋى – مۇسبەت قاراشلىرىنى، يورۇقلۇق – قاراڭغۇلۇق قاراشلىرىنى، بىر قاتار كاتېگورىيىلىك قىلىپلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى.

ئۇلار تۇپراق، سۇ، ھاۋا، ئوتتىن ئىبارەت تۆت تادۇ؛ سوغۇق، ئىسسىق، ھۆل، قۇرۇقتىن ئىبارەت تۆت خۇسۇسىيەت؛ قان، بەلغەم، سەپرا، سەۋدادىن ئىبارەت تۆت

خىلىت قارىشىنى، ئۇلارنىڭ زىددىيىتى ۋە بىرلىكى قارىشىنى يارىتىشتى.

ئۇلار 12 ۋاقىت، 24 سائەت؛ 12 بۇرج، 4 پەسىل، 12 ئاي؛ 12 يىل بىر مۆچەل قارىشىنى ئۇدۇم قىلدى.

«ئاۋېستا»دا ئولتۇراقلىشىش يورۇقلۇق ئىلاھى ئاھرۇمازدانىڭ چاقىرىقى سۈپىتىدە غايەت زور سۆلىلىزاتسىيىلىك تەشەببۇس تۇسىنى ئالدى.

زورۇئاستېر ۋە مانى دىنى تەلىماتلىرى ياخشى - يامانلىق ۋە يورۇقلۇق - قاراڭغۇلۇق كۆرەشلىرىدە ئاقۇۋەت ياخشىلىق ۋە يورۇقلۇقنىڭ غەلىبىسى تارىخ تەرەققىياتىنىڭ ماھىيىتى ۋە باسقۇچى دەپ قاراشقا ئاساسلاندى.

بۇددىزم روھىنىڭ ئۆلمەسلىكى، تەكرار ئايلىنىشى (سانسارا) قاراشلىرى ئارقىلىق كىشىنىڭ كامالەت (بۇددىھا)كە ياكى چۈشكۈنلۈككە يۈزلىنىشى ئۆز ئىرادىسىگە باغلىق دېگەن قاراش بىلەن تاكى كامالەتكە يەتمىگۈچە قايتا - قايتىلاپ تۇغۇلۇۋېرىپ ئازاب چېكىش مۇقەررەرلىكىنى ئېتىقاد ئۇلى قىلدى.

گۇمانىزم تولا ھاللاردا سوپىزم ۋە پانتەئىزملىق شەكىلدە ئىپادىلەندى. ئىنسان گۈزەللىكى، ئەقىل، بىلىم، ئىقتىدار ۋە ئەخلاق ئىزچىل مەدھىيىلەندى. ھەرقايسى گۇمانىزم، راتسىئونالىزملىق دۇنيا قاراشتىكى شائىرلار ئىزچىل بۇ ئىدىيىنى ئىلگىرى سۈرۈشتى.

«قۇتادغۇبىلىك»، «ئىھسالۇل ئۆلۇم»، «پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسىنىڭ قاراشلىرى»، «بەختكە ئېرىشىش توغرىسىدا»، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»، «مەھبۇبۇلقۇلۇپ» قاتارلىق ئەسەرلەر ئىجتىمائىي پەلسەپە ساھەسىدىكى قاتار مەسىلىلەرگە نەزەرىيىۋى تەپەككۇر دەستىكى بېغىشلىدى.

«ئەلجەبىر ۋەل مۇقابەلە»، «پەتولمىنىڭ ئەلمەجەستى دېگەن ئەسىرىگە تەپسىر»، «ئەلقانۇن فىت تىب»، «ئەششىفا»، «دانىشنامە»، «مەنرالوگىيە»، «ئاسترونومىيىگە مۇقەددىمە»، «كىتابۇلمۇسىقەل كىبىر»، «يۇلتۇزلار جەدۋىلى» قاتارلىق ئەسەرلەر تەبىئەت ئىلمى بويىچە بىر قاتار نەزەرىيىۋى تەپەككۇر مەسىلىلىرىنى يورۇتتى.

ھەربىر تاشكېمىر، ھەيكەل، رەسىم، مۇزىكا، ئۇسسۇل، چالغۇ قورالىلىرى؛ ھەربىر دورا نۇسخىلىرى؛ ھەربىر شەھەر، سۇ ئىنشائاتى قاتارلىقلار ئۆزىگە خاس ئېستېتىكىلىق، فورماكولوگىيىلىك ۋە بىناكارلىق نەزەرىيىۋى تەپەككۇرسىز مەيدانغا كەلگەن ئەمەس ئىدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 12 مۇقامى مۇجەسسەم پەلسەپىۋى ۋە سەنئەتشۇناسلىق نەزەرىيىلىرى ئاساسىدا مىسلىسىز مۆجىزىلىك كامالەتكە ئېرىشكەن.

بىز مائارىپ، ئەخلاق، غايىۋى جەمئىيەت توغرىسىدىكى پۈتۈن ئىجابىي ئەنئەنىلەرگە تېرەم نەزەر ئاغدۇرغىنىمىزدا، ئۇ خۇددى ئىلاھىي قۇدرەتتەك كۈچلۈك نەزەرىيىۋى تەپەككۇر رەھنەمالىقىدا مەيدانغا كەلگەنلىكىنى كۆرىمىز.

يىپەك يولى خارابىلاشقاندىن كېيىن بىز مۇنداق ھەقىقەتنى ھېس قىلدۇق:

بىرىنچىدىن، غەربىي ياۋروپالىقلار ئەلخارەزمى، ئەلپەرغانى، ئەلفارابى، ئىبن سىنا قاتارلىق نەزەرىيىۋى تەپەككۇر ئەزىمەتلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىنى لاتىن ۋە باشقا تىللارغا بەس – بەستە تەرجىمە قىلىشقا كىرىشتى.

ئىككىنچىدىن، ئۇلارنىڭ ساياھەتچى قىياپىتىدىكى تەتقىقاتچىلىرى دىيارىمىزدا تەكرار ئىلمىي قىدىرىش ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇن بويۇم ۋە كىتابلارنى ئېلىپ كېتىشتى.

ئۈچىنچىدىن، ئۇلار ھەممە پەندە نەزەرىيىۋى يېڭىلىقلار يارىتىشىپ، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ پاراۋۇزى بولۇشتى. ئۇلارنىڭ بەزى نەزەرىيىۋى كەشپىياتلىرى غەربىي يۇرت ئالىملىرىنىڭ ئىشلىرى ئاساسىدا مەيدانغا چىقتى.

دېمەك، ئۇلار نەزەرىيىۋى تەپەككۇرنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشقان ۋە غەربىي يۇرت ئالىملىرىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئۇتۇقلىرىنى ھەزىم قىلىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويالىغان!! دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى ھېلىمۇ ئۇلارنىڭ ماكانلىرىدا بولۇۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبىمۇ دەل ئەنە شۇ يەردە.

يىپەك يولى خارابىلاشقاندا نەزەرىيىۋى تەپەككۇر يادىكارلىقلىرى ۋەيران قىلىندى. ئالىي ئوقۇش يۇرتلىرى ئورنىغا ئىشانلىق خانىقالىرى، مۇدەررىسلەر ئورنىغا ئىشان – مۇرىت پىرلىرى، ئىلىم – پەن ئورنىغا نادانلىق ۋە ئەسەبىيلىك ئالماشتى. خۇددى شەيخ سەئىد ئېيتقاندەك: سۇمۇرۇغ يوروق دۇنيادىن قېچىپ ئەپسانىۋى جەننەتكە كىرىۋالدى، كىشلەر خالىسۇن – خالىمىسۇن قاغا قانىتى ئاستىدا سايىداشقا مەجبۇر بولدى.

بۇ دىيارنىڭ دۇنياغا يۈزلىنىشى – ئۇنىڭ ئۆرلەش ياكى غەرق بولۇشىنى تىزگىنلەپ تۇرغان تارازا يۈلتۇز. پۈتۈن ئامەت ياكى ئاپەت ئەنە شۇنىڭدا.

– خىيال دەپتىرىمدىن

يېقىنقى يىللاردا خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىنغان ئىلھامبەخش كىتابلار ئارىسىدا «مۇرۇۋۋەت(كەڭ قورساقلىق، كەڭ نەزەر)» ناملىق بىر كىتابنىڭ مۇقەددىمىسىگە مۇنداق بىر ھېكايە بېرىلگەن: تۆت تەرەپى قېلىن تاغلار بىلەن قورشالغان بىر ماكان بولۇپ، بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ ئەمىر –

پەرمانى بويىچە سىرت بىلەن ئالاقىلاشمايدىكەن. بىرەر كىشى جىلغا ئارىلاپ سىرتقا چىقىپ كەتسە، دەرھال تاشبوران قىلىپ ئۆلتۈرۈۋېتىدىكەن. كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئىسمى نامەلۇم بىر جەسۇر، تاشقى دۇنيانى كۆرۈپ قايتىپ كېلىپ، ئۆز خەلقىنىڭ «ئاكاڭ قارىغاي دۇنيادا بىرىنچى» دېگەن بىسىم ۋە روھىيەتتە ئەڭ نادان، ئەڭ كەمبەغەل ياشايدىغانلىقىنى ئېغىزدىن چىقىرىشى بىلەن «ئاسىي – جافىي» دەپ ئۆلتۈرۈلۈپ كۆلى جىلغىغا ئىبرەت ئۈچۈن چېچىلىدىكەن. بىر زاماندا تاغلىق بۇ ماكاندا يەر تەۋرەپ، تاغ ئورۇلۇپ ئاپەت يۈز بېرىپتۇ. كىشىلەر «قاچ – قاچ» دەپ تاشقى دۇنياغا چىقىپ قاپتۇ. قارىسا، ئەھۋال ھېلىقى «ئاسىي-جافىي» دېگەندەك. ئۇلار جاھان تىنچلانغاندا يۇرتلىرىغا قايتىپتۇ، خەلقى «ئاسىي-جافىي»نى روھىي تىرەك بىلىپتۇ. ھەممە ئۇنىڭ خاتىرىسىگە مەڭگۈلۈك تاش قويۇپتۇ. بۇ تاشلار بىر – بىرىگە ئۇلىنىپ، ئۇنىڭ كۆلى سورۇلغان جىلغىدا زامانغا لايىق تاش يول پەيدا قىپتۇ. نەتىجىدە بۇ قاشتاق ماكان تېز گۈللەپتۇ.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدىن تاكى بوگۈنكى كۈنگىچە غەربىي يۇرتنىڭ ئەھۋالى خۇددى شۇ ھېكايىدەك بولۇپ كەلدى! ئالدىن بېشارەت قىلغانلارنىڭ ئەھۋالى فىرەۋىن زامانىدىكى مۇساغا ئوخشاپ قالدى!

مانا ئەمدى يىپەك يولى قايتا ئېچىلدى! تېخى خېلى كۆپ كىشىلەر ئەتراپىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان ھادىسىلەرنىڭ ماھىيىتى يىڭى يىپەك يولى ئىراسىنىڭ ئېچىلىشىنى كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلمىسىمۇ، بۇ ماھىيەت ئۇلارنى كۆنلەر ئۆتۈپ ھېس قىلدۇرىدۇ.

قەدىمكى يىپەك يولى ئۈستىگە غەربىي يۇرتلۇق «خورجا»لار، سازەندىلەر ئولتۇرۇشقان تۆگە سىمۋولى ھەيكەللەشتۈرۈلگەندى. يىڭى يىپەك يولى ئەمدى قاناتلىق تۆگە سىماسىدا مەجازلاشتۇردى.

ئۇنداقتا، ئىككى تۆگە ئارىسىدا بوش قالغان ئەسىرلەرنى – يىپەك يولى خارابلاشقاندىن كېيىن نەچچە يۈز يىلنى نېمە بىلەن سىمۋوللاشتۇرۇش لازىم؟ مېنىڭچە، ئۇنىڭ سىمۋولى «تۆگە قۇش»تىن ئىبارەت! قاراڭ، بېشىنى قۇمغا تىقىۋېلىپ ھەممىنى ئىنكار قىلىدىغان، قورۇق ۋە ئۇنۇمسىز مەغرۇرلىنىپ، دوڭغاقلاپ ئۆز ئىزىدىن يىراق كېتەلمەيدىغان تۆگە قۇشى روھى دەل ئۇنىڭ مۇناسىپ ئوبرازى! دوستۇم، سىز كۆزىڭىزنى يۇمۇپ، ئۆتكەن ئەسىرلەر قوينىغا نەزەر تاشلاڭ! ھىدايىتۇللا ئاپاق خوجىنىڭ دالاي لاما ۋە قونتەيجى ئالدىدىكى ھالەتلىرىنى، ھەتتا پادىشاھ زەھەر قاچىسى تۇتقان،

ئىسمائىلخان ۋە مۇھەممەدخان ئەۋلادلىرى تۇتقۇن قىلىنغان، باباربھم مەشرەپ دارغا ئېسىلغان، زىلىلى چۆلدە كۆز يېشىنى سىياھ قىلىپ «خالايىقنىڭ كۆزىدە پەردە غەپلەت نۇر ئايان بولماس» دېگەن مىسرالارنى يازغان، ئەرشى بۇرھاندىن خوجا قىلىچى ئاستىغا چۈشكەن، جۇڭغار قوشۇنلىرى ئالتە شەھەرگە غالچا چوكان، غالچا يىگىت ۋە كۈمۈش تەڭگە ئالۋىنى سالغان، نوزۇگۇم ئوت كەتكەن قومۇشلۇقتا دەردىسەر بولۇپ يۈرگەن، سادىر پالۋاننىڭ بوينىغا تاقاق چۈشكەن، ۋەلىخان تۆرە قەشقەردە كاللا مۇنارى ياسىغان، تومۇر خەلپە قىلتاقتا چۈشكەن، ئابدۇقادىر داموللام قەتلە قىلىنغان، مەمتىلى ئەپەندى ئوتتا كۆيدۈرۈلگەن، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قىلىچتا چېقىلغان، ل. مۇتەللىپ جادىدا توغرالغان، سانسىز ئوغلانلار تۈرمىدە چىرىگەن، ۋابا ۋە چۇما كېسىلى يۇرتنى قاپلىغان، ھېكمىبەگلەر ئۇتتۇغات كىيىپ نەشىگە بېرىلگەن، ئوغرى – قىمارۋازلار چۈشىدەك يامراپ كەتكەن، ئانىلارنىڭ سۈڭگىچى، ئاتىلارنىڭ گەجگىسى چىقىپ قالغان، جاھاننى جۇت، زامانى زۇلمەت، ماكانى مالامەت قاپلىغان ئەسىرلەرنى قانچە ئويلىغانسېرى شۇنچە ئويلاپ چىققۇچۇ! ئاندىن كۆزىڭىزنى يوغان ئېچىپ، مىڭلىغان مەنبەلەردىن سىز ئۇچۇن تاللىغان تۆۋەندىكى فوتو سۈرەتلەرگە كۆز يۈگۈرتۈڭ!

بۇ سۈرەتنىڭ بىرىدە، يىپەك يولى راسا گۈللەنگەن چاغدىكى «مىڭئۆي» تورۇسىغا سىزىلغان كۆرۈنۈش تارتىلغان. غەربىي يۇرتلۇقلارنىڭ ئېستېتىك قاراشلىرى، روھىي قىياپىتى ۋە تۇرمۇش مەدەنىيىتى ئۇنىڭدا يارقىن گەۋدىلەنگەن.

بۇ سۈرەتنىڭ يەنە بىرىدە، «مىڭئۆي» ئالدىدا خاتىرە سۈرەتكە چۈشكەن ئەجنەبىيلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرغان جۇلدۇر كىيىمگەن ھالەتتىكى غەربىي يۇرتلۇق ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەكىللىرى. ئەزىز ۋەتەننىڭ بۇ پەرزەنتلىرىنى نادانلىق، ھۇرۇنلۇق، سولغۇنلۇق شۇ دەرىجىگە چۈشۈرگەنلىكى، ئۇلار ئازغىنا پۇل ئۇچۇن ئەجدادلىرى بىنا قىلغان سەنئەت قەسىرىنى نابۇت قىلىشقا ياللانغان. مەغرۇر قىياپەتلىك لىكوك، گرونەۋېدىل(ئولتۇرغان) قاتارلىقلار ئۆزلىرى بۇلاپ كېتىۋاتقان بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ياسالغان زاماندا ئۆز ۋەتىنىدە تېخى شەھەرلەر شەكىللەنمىگەنلىكىنى ياخشى بىلسىمۇ، ئۇلار شەخسەن بۇلاڭچىلىق «تۆھپە»لىرىدىن مەغرۇرلىنىپ تۇرماقتا.

قاراڭ، نېمىس ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ 1905 -يىلى 8 – ئايدا تۇرپاندا مەدەنىيەت گۆھەرلىرىنى بۇلاپ ماڭغاندىكى مەغرۇر تۇرقىغا، بۇ مەدەنىيەت گۆھەرلىرىنى ياراتقان خەلقىمىزنىڭ نەس باسقان ئەۋلادلىرىنىڭ بىچارە ھالىتىگە!

مۇشۇ سېلىشتۇرمىدىن يىپەك يولىنىڭ گۈللەش ياكى چۈشكۈنلىشىشىنىڭ ماددىي ۋە

مەنىۋى ھاياتىمىزغا كۆرسىتىدىغان تەقدىر ھالىتىگە غايەت چوڭ تەسىرىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ!

يىپەك يولىنىڭ قايتا ئېچىلىشىنى كۈتۈۋېلىش بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ، مۇھىمى، قەدىمكى يىپەك يولىدا قارار تاپقان توققۇز موجىزىدار ھېكمەتنى قايتا ئويلاش ۋە يېڭى يىپەك يولى جاۋاھىراتلىرىنى بەرپا قىلىشتا. خەير، ئوقۇرمەن، تەپەككۇر كۆكىدە قايتا ئۇچرىشايلى...

1992- يىلى نويابىر، بېيجىڭ – ئۈرۈمچى

# يېپەك يولىدا قايتا ئويلىنىش

## مۇقەددىمە

بىباھا خەزىنە ۋە ھېكمەتلىك تېپىشماق ئۆتمۈش ئادىللىق نۇرى بىلەن يورۇتۇلمىغان جايدا نۇرانە كەلگۈسىنىڭ بولىشى مۇمكىن ئەمەس.

_____خىيال دەپتىرىمدىن (ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن)

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن:

كېلىۋاتقان يېڭى ئەسىر بوسۇغىسىدا كەلگۈسى ھەققىدە ئەمەس، يەنىلا خەلقىمىزگە نەچچە مىڭ يىل ئىنىكئانا بولغان ئۆتمۈش ھەققىدە قايتا ئويلانغانلىرىمنى سىزگە يەتكۈزگۈم كەلدى.

دەرۋەقە، بىز ئەجداتلىرىمىزنىڭ جەسۇرلىقىنى ئارسلان، پەرۋازىنى لاچىن قىلىپ، شۆھرىتىنى ئىپاردەك تاراتقان ۋە ئەزىز ۋەتىنىمىز باغرىدا خۇددى ئۈنچە- مارجانلىق دەريادەك نەچچە مىڭ يىل ئاققان قەدىمكى يىپەك يولىنى قۇم بارخانلىرى تەكتىگە كۆمۈپ قويۇپ، نىمىدىن ئايرىلىپ، نىمىگە دۇچ كەلگەنلىكىمىزنى ئاڭقىرالماي، مانا بەش ئەسىرنى ئۆتكۈزىۋەتتۇق. بۇ بەش ئەسىرنىڭ ۋاقىت تىزمىلىرىغا نەزەر سالساق، كۆڭلىمىزنىڭ غەشلىككە تولۇپ، كۆزىمىزگە ياش كېلىدۇ. بۇ يىللاردا بىزدىن كۆز يورۇتقان بابارەھىم مەشرەپ، مۇھەممەد سىدىق زەلىلى، مۇھەممەد بىنىي ئابدۇللا خاراباتى، ئابدۇقادىر داموللام (ئەزىزى)، مەمتىلى ئەپەندى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، لۇتپۇللا مۇتەللىپ قاتارلىق ئىرپان بۇلاقلىرىمىزنىڭ ئاقۇۋەتلىرى قان لەھەتلىرى بىلەن تۈگەللەندى. بۇ يىللاردا بىزنىڭ تۇرمۇش ھالاۋىتىمىز، بەخت- سائادىتىمىز خۇددى ئەركىنلىك جەڭچىلىرى سادىر پالۋان، نوزۇگۇملارنىڭ قوشاقلىرىدا ئىپادىلەنگەندەك، نادامەت نالىشى ۋە زالالەت ئىڭرىشى بىلەن ئالماشتى. نىياز ھېكىمبەگ، مەھمۇد پوچى، يۈسۈپ جاڭموزا، تاز مەزىن ۋە ئابدۇغوپۇر داموللا شاپتۇلدەك قاندا سەمرىگەن ئاسىي-

مۇناپىقلار ئـار- نومۇسـىمىزنى ئىچىمىزگە يۇتۇشقا بەجبۇر قىلـدى. بىـز قەدىمكـى يىـپەك يولىنى قايتا ئويلانـماي، بىكىنمىچىلىـك ھالىتىـدە ئـۆتكەن يېقىنقى بەش ئەسـىرنى قايتا ئويلانماي، ئۇلارنى ئىلغىماي قارا- قويۇق بىـر لەھەتكە كۆمۈپ قويـۇپ، كەلگۈسى يېڭـى ئەسىرگە، يېڭىدىن ھۆسۈن- جامالىنى تۈزەۋاتقان «يېڭى يىـپەك يـولى»غا قانـداق قەدەم قويالايمىز؟!

خەلقىمىز خـۇددى «ساتكو» نـاملىق ھېكايىـدە سـۆزلەنگىنىدەك ئۇيقـۇ قۇشـىنىڭ: «ئـۇخلا! تىـنىچ ئـۇخلا! ئۇيقـۇ- بەخـت دېمەكتـۇر» دېـگەن ئەفسـۇنكەش سـۆزلىرىدىن خارامانلىشـىپ، «ئەسـھابۇلكەھەب»دەك غـار ئۇيقۇسـىدا ۋەھـمە ئاگـاھلىقىنى يوقۇتـۇپ قۇيدى. دەل مۇشۇ چاغدا مۇنداق بىر ۋەقە سادىر بولدى:

1880 -يىلى بۇخارادىن غۇلام مۇھەممەد قاتارلىق ئۈچ سودىگەر يولغا چىققان. ئۇلار قالقاساي تاغلىرىـدا كىـردو-كـافۇر قەبىلىسـىدىن چىققـان قـاراقچىلار تەرىپىـدىن تۇتقـۇن قىلىنىــپ ئېلىــپ كېتىلىۋاتقانــدا، چەكسـىز تــاغلار ئىچىــدە بىــر ئۆڭكـۈرگە ئۇچراشـقان. قاراقچىلار ئۇلارنى ھەيدەپ بۇ ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىـگە كىرىشكەن. قـاراقچىلار بـۇ ئۆڭكـۈردە ئالتۇن، كۆمۈش، يـاقۇتتىن ئىشـلەنگەن، كـۆز قاماشـتۇرۇپ تۇرىـدىغان نەچـچە يۈزلىگەن نەپىس-ئوبرازلىق بويۇملارنى كۆرۈپ ئەس-ھوشىنى يوقىتىپ، بىر-بىرى بىلەن مـال-دۇنيا تالىشــىپ قــانلىق جېدەللىشــىۋاتقان پەيىتــە قاچقــان بــۇ ئــۈچ نەپەر ســودىگەر ئــامۇ دەرياسـىنىڭ ئافغـان چېگرىسـىدىكى ئىقلاس زاستاۋكىسـىغا كېلىـپ ئەنگىلىيىلـك ف.ن. باتۇنغـا خەۋەر قىلغـان. كاپىتـان قوشـۇن باشـلاپ كېلىـپ قـاراقچىلاردىن بـۇ ئاسـارە-ئەتىقىلەرنى قايتۇرىۋېلىپ، ئەنگىلىيە ھۆكـۈمىتىگە تاپشـۇرۇپ بەرگەن. دۇنيـانى زىلـزىلىگە كەلتۈرگەن ۋە ھازىرقى كۈندىمۇ برىتانىيە مۇ زېيدا مەخسۇس پاۋلىئون بولـۇپ تۇرغـان بـۇ «ئوكساس (ئامۇ دەريا) خەزىنىسـى»، ئىسـكەندەر زۇلقەرنەيـن زامانىسـىدىكى- بۇنىڭـدىن 2400 يىل بۇرۇنقى ئىمپىرىيە خەزىنىلىرىدىن بىرى ئىدى.

«ئوكساس (ئامۇ دەريـا) خەزىنىسـى»نىـڭ تېپىلىشـى ئەپسـانىۋى «ئاتلانتـا ئـارىلى» چۆكمىســـىنى تېــپىش خىيالــــدا يـــۈرگەن ياۋرۇپالىقلارنىــــڭ مەركـــىزى ئاســـىيانى ئارخېئولوگىيىلىك قىدىرىش قىزغىنلىقىنى قوزغىۋەتتى. خۇددى ۋولقاندەك ئۆرلەپ چىققان بۇ شۆھرەتلىك قىدىرىش ئېقىمىغا ئىمپېراتۇر- كارۇللار، بانكىر- تەۋەككۇلچىلار، سەيياھ-مىسسىئونىرلار تاقەتسـىزلىك بىـلەن ئـۆزىنى ئېتىشـتى! ناھـايىتى قەدىمكـى زامـانلاردىلا ئېچىلغان، مىلادىيىدىن بىر ئەسىر ئىلگىرى پارتىلىغـان ۋېزوۋىي يانـار تېغى ۋەقەسـىدىن بۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەن پىلىنۇنىڭ «تەبىئەت تـارىخى» نـاملىق ئەسـىرىدە «يىـپەك ئېلى

يولى» دەپ تىلغا ئېلىنغان بۇ قەدىمكى ياۋروپا-ئاسىيا كارۋان يولى بىردىنلا شۆھرەت كۆككە كۆتۈرۈلدى. نىمىس ئالىملىرى فېردىناد. ۋون. رىختوفىن (1833- 1905) بىلەن ئېبرت. ھېلمان پلىنونىك قەدىمكى ئىبارىسىگە يېڭى ھۆسۇن قوشۇپ « يىپەك يولى» دېگەن مەپتۇنكار نامنى ئوتتۇرغا قويدى! گرونۋېدېل، سىتتەين، لىكوك، پېللىيوت قاتارلىق «يىپەك يولى» قېدىرغۇچىلىرى خوتەن، لوپنۇر، شورچۇق، كۇچا-باي، توققۇز ساراي، تۇرپان، دۇنخۇاڭ مەدەنىيەت نوقتىلىرىدىكى جاۋاھىراتلارغا ئاچ كۆزلۈك بىلەن يوپۇرۇلدى. ئۇلار رىقابەت رەشكىدە بىر-بىرىگە قۇرال كۆتۈرۈپ چىقىشقىچە بېرىپ يېتىشتى! مەركىزى ئاسىيا زىمىنى ئاساسىي چەمبەر قىلىنغان بۇ قېدىرىش تاكى يېقىنقى يىللاردا ئامۇ ۋادىسىدىن ئىككىنچى «ئوكساس (ئامۇ دەريا) خەزىنىسى»- كۇشان-ئۇلۇغ تۇخار ئىمپېرىيىسىنى قۇرغان تۈرك نەسىللىك پادىشاھ كۇچۇلا كادپىسنىڭ ھەشەمەتلىك ئالتۇنلۇق- قەبرىگاھىنى تاپقانغا قەدەر ئۇرخۇن- بايقالدىن كوپت زەرەپشانغىچە، قاراقوتۇ- دۇنخۇاڭدىن ئېسكى قورغان- چىرچىققىچە كەڭ- كۇشادە ئېلىپ بېرىلدى.

مانا، يىپەك يولى باغرىدىكى بىباھا غەزىنە!

مانا، يىپەك يولى قىزغىنلىقىغا سەۋەپ بولغان ماددى مەنپەئەتدارلىق قىممىتى!

يىپەك يولىدىكى بۇ بىۋاستە قىممەت ۋە ئۇنىڭغا قارىتىلغان ھارارەتلىك، ئەسەبىيلەرچە قىزغىنلىق ئادەتتىكى تەپەككۇر ئۇچۇنمۇ چۈشىنىشلىكتۇر. ئەمدىكى گەپ، مۆجىزىدار، مەپتۇنكار، سېھىرلىك يىپەك يولىدىكى تەپەكۇر ھېمەتلىرىنىڭ خەزىنىسىنى ئېچىشتا قالدى. بىز ئەجداتلىرىمىز ياراتقان ئاجايىپ مۆجىزىنى- يىپەك يولىنى ئۇنتۇپ كەتكەندۇق. ئۇنىڭ قىسمەن بايقىلىشىدىن ئالەمشۇمۇل زىلزىلە قوزغىغانلىقىنى ھېس قىلساقمۇ، ئۇنىڭ تەكتى ئەسرادا قالغان تەپەككۇر ھېكمەتلىرى تېخى سىرلىق، ھەتتا بۇ جەھەتتا دادىل ئېغىز ئېچىشمۇ ۋەھىملىك بولغان تېپىشماق بولۇپ تۇرماقتا. بىلىش ھاجەتكى، نۇرانە كەلگۈسى ئامۇ، سىر، يەنسەي، تارىم تاش- تۇپراقلىرىدىن چىققان، چىقىدىغان جاۋاھىراتلار خەزىنىسىنى ئەمەس، بەلكى ئۆتمۈش بىلەن كەلگۈسىنى تۇتاشتۇرىدىغان يىپەك يولى باغرىدىكى تەپەككۇر ھېكمەتلىرىنىڭ خەزىنىسىنى ئۆزىگە ئۆلچەم قىلىدۇ. ئۆتمۈشتىن قالغان ۋە ئۆتمۈشكە ۋەكىللىك قىلىدىغان بۇ قىممەت باھا جاۋاھىراتلار خەزىنىسىنىڭ تەكتىدە، ئۆتمۈشتە جۇغلانغان ۋە كەلگۈسىگە رەھنامالىق قىلىدىغان ئۆلمەس مەنىۋى خەزىنە يېتىپتۇ. ئۇنىڭ تېپىشماقلىرىدا كەلگۈسىنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى ساقلانغان.

# ئۈچ چوڭ ئىقتىدار ۋە ئۈچ ئۇلۇغ قىممەت

ئۆزىنىڭ شانلىق تارىخىنى ياراتقان خەلق، ئۇنداق تارىخنى قايتا يارىتىشى مۇمكىن. ئەمما ئىجادىيەت ئىقتىدارىنىڭ ھەقىقى قىممىتى مۇمكىنلىك بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەمەلدىكى ئىجادىيەت سەمەرلىرى بىلەن ئىسپاتلانغان قىممەتتۇر.

______ خىيال دەپتىرىمدىن (ئابدۇشكۇر مۇھەممەتئىمىن)

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن:

يىپەك يولىنى «جاھاننامە» قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئۆز-ئۆزىنى كۆرۈش، يىپەك يولى ئۇلغان كۆمۈلگەن تېپىشماقلارنى يېشىپ، ئۇنىڭدىن ئەقىل چىرىغىنى يېقىش ئۇچۇن خەلقىمىزگە ئىككى نەرسە كېرەك. ئۇنىڭ بىرىنچىسى، تارىخى ئىپتىخار ۋە ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان ئىشەنچتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئىككىنچىسى، تارىخى خاراكتېرلىك نومۇس تۇيغۇسى ۋە ئۇنىڭدىن يارالغان جاسارەتتىن ئىبارەت. قەدىمكى يىپەك يولىنى ئۇنتۇپ كەتكەن ۋە يېڭى يىپەك يولى بوسۇغۇسىدا تەمتىرەپ تۇرغان خەلق ئۇچۇن بۇ ئىككى روھىي زىلزىلىنىڭ ھېچبىرىمۇ كەم بولماسلىقى كېرەك. روشەنكى، ئىپتىخار تۇيغۇسى بولمىغان قەلبتە نومۇس ئېڭى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ۋاھالەنكى، نومۇس ئېڭى ھەقىقى ئىنسانىي ئىپتىخارنىڭ بىرىنچى ئىستىھكامىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

شەك- شۈبھىسىزكى، يىپەك يولىنى مەركىزىي ئاسىيادا «ئاتلىقلار مەدەنىيىتى» نى ياراتقان ئەجدادلىرىمىز ئاچقان! ئۇلار دەسلىپىدە تۇپتۇز ۋادىلار ياكى دەشت-جەزىرىلەردىكى رەسمى كارۋان يوللىرى ئارقىلىق ئەمەس، تاغ - جىلغىلارنى تاغ-جىلغىلار بىلەن تۇتاشتۇرىدىغان تاغ يوللىرى ئارقىلىق، ئۇنىڭدىن كېيىن پايانسىز يېيىق-يايلاق يوللىرى ئارقىلىق، ئاخىرىدا بوستان يوللىرى ئارقىلىق قەدىمكى ئۇلۇغ كارۋان يولىنى ئېچىپ، قەدىمكى ئۈچ قىتئەنى بىر- بىرىگە تۇتاشتۇردى، تونۇتتى. قاراڭلار، ئالتاي- تارغاباتاي تاغلىرى، تەڭرىتاغلىرى، ئالتۇن تاغ، قاراقۇرۇم، كوئىنلۇن تاغلىرى پامىردا قوشۇلۇپ، ھىندىقۇش، كوپېت، كاپكاز تاغلىرىغا قاراپ سوزۇلغان ئاسىيا قىتئەسىنىڭ مىسلىسىز تاغ ئومۇرۇتقىسىدا ھېلىمۇ قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيالىق تۇرانلارنىڭ ئەۋلادلىرى ياشاپ تۇرۇپتۇ!

مېنىڭ جانىجان خەلقىم- قەدىمكى رىۋايەتلەر بىلەن قولىيازمىلاردا، ھازىرقى جانلىق

تۇرمۇش بىلەن تەنتەنىلىك «ئۇيغۇر» نامى بىلەن شۆھرەتلەنگەن خەلق يىپەك يولى ئېچىلغاندىن كېيىن، مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەر گىرەلەشكەن ئۆتكۈر رىقابەت جەڭگاھىدا ياشاپ، يىپەك يولى ئارقىلىق پۈتكۈل ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى خەزىنىسىگە ئۆزىنىڭ ئىرپان ھۆججەتلىرىنى قاتقان. ئۇلار «قۇت» ئىزگۈلۈكنى قەلبىگە پۈكۈپ، تاغ-جەزىرىلەردىن ئېشىپ، مەغرىپ- مەشرىق ئىستىھكاملىرىدىن ئۆتۈپ، يىراق زېمىننىڭ «سىم تانابى»نى تارتىپ، مۇساپىرەت مەنزىلگاھلىرىدىن بوستانلار مۇساپىرلىق سەرگۈزەشتىلىرىدىن داستانلار يارىتىپ، بىكىنمە ۋە يېرىم بىكىنمە ھالەتكە مايىل ناتونۇش خەلقلەر ۋە مەدەنىيەتلەرنى بىرى- بىرىگە تونۇشتۇرۇپ، ھەقىقىي يوروق جاھان تارىخى ۋە كىشىلىك ئالاقىلىرىغا ئەبەدىيلىك تۆھپىلەرنى قوشتى. ئۇلار ئۆزلىرىدە ئۈچ چوڭ ئىقتىدارنى ھازىرلىغاندى. ئۇ بولسىمۇ: چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق ۋە يىپەك يولى خەلقارا سودىسىدىكى پائالىيەتچانلىق ئىقتىدارى ئىدى. دوكتور ماساداخسائو »قەدىمكى تەڭرىتاغ تارىخ- جۇغراپىيەسى» دېگەن كىتابىدا توغرا ئېيتقان: مەرگىزى ئاسىيادىكى كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەرنىڭ نوقۇل پادىچى قوۋم بولماستىن، يەنە سودا ئالاقىلىرىنى قوزغىتىش خاراتىرىگە ئىگە ئىكەنلىكى؛ بوستان خەلقلىرىنىڭ نوقۇل تېرىقچىلىقلا بولماستىن، يەنە سودىگەرلىك خاراكتىر ئالغانلىقى، ئۇلار قۇرغان چوڭ- كىچىك دۆلەتلەرنىڭ تاشقى سودا- تىجارەت مەملىكىتى خاراكتېرى ئالغانلىقى، ئۇلاردا يىپەك يولى سودا ئالاقىلىرىنى ئۆز ئىلكىدە تۇتۇش ۋە سودا ئالاقە چەمبىرىنى كېڭەيتىش خاھىشىنى كۈچلۈك ئىپادىلىدى. «ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز» دېگەندەك، يىپەك يولىنىڭ ئۇلىنىش ياكى ئۈزۈلۈش ھالقىسى بولغان ئوتتۇرا بەلۋاقتا بىكىنمىچىلىكتىن خالى، ئۈچ چوڭ ئىقتىدارنى ھازىرلىغان، مېھماندوست ۋە جاھانسىز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جايلىشىپ، پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى پۈتۈن يىپەك يولىنىڭ ئامىتى ۋە بەختى بولغاندى. نەتىجىدە يىپەك يولى ئۈچ ئۆلۈغ قىممەتكە ئىگە بولغان ئىدى.

ئۇنىڭ بىرىنچىسى، ئەنئەنىۋى يەرلىك مەدەنىيەتنىڭ خەلقارا قىممىتىدىن ئىبارەت.

ئىيتىش كېرەككى، يىپەك يولىنى ئاچقان ۋە تونۇشتۇرغان، يىپەك يولىنىڭ مەركىزى ھالقىسىدا ئۆزىگە خاس يەرلىك مەدەنىيەت ياراتقان ئەجدادلىرىمىز مىلادىيىدىن ئىلگىرىلا ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ دۇنياغا يۈزلەنگەنلىكىنى تاماشا قىلدى. ئۇلارنىڭ تۆت زات قارىشى ۋە ئىپتىدائىي تىبابەتچىلىك تەجرىبىلىرى گىرىكلارنىڭ «تۆت قىزىس»، ھىندىلارنىڭ «چارۋاقا» قاراشلىرى بىلەن خەنزۇلارنىڭ «خۋاڭدى سۇۋېن» دەستۇرىدا ئىپادىسىنى تاپقان. ئۇلارنىڭ ئاتچىلىقى، ئاتقا مىنىپ جەڭ قىلىشى سەنئەت

ھۆنەرپەزلىكى، مەي ۋە تائام تېخنىكىسى، كېيىم- كېچەك مەدەنىيىتى، ناخشا ئۇسسۇل سەنئىتى، كارۋانكەشلىك تىجارىتى يىراق- يېقىندىكى خەلقلەر ئەللەر تەرىپىدىن قىزغىن قوبۇل قىلىنغان. ئۆز ئەپسانىلىرىدا قوياش ئىلاھى ئاپىللونى ئات قوشقان پەيتون ھارۋىدا ئولتۇرۇپ، شەرقتىن غەرىپكە چېپىپ چىقىدۇ، دەپ تەسۋىرلىگەن گرېكلار تاكى ئىسكەندەر زۇلقەرنەين زامانىسىغىچە ئات قوشقان ھارۋىدا جەڭ قىلىشالمىغان. مىلادىدىن ئۆچ ئەسىر ئىلگىرى پادىشاھ جاۋئۇلىن «خور كىيىمى»نى كىيىپ، ئاتلىق قوشۇن تۈزۈش ھەركىتىنى قوزغىدى. چىن سىخۇاڭ ئاتلىق قوشۇن ئەۋزەللىكىگە تايىنىپ ئۆز رەقىپلىرىدىن غالىپ چىقتى. خەنۇۋدىنىڭ پەرغانىگە قوشۇن ئەۋەتىشىمۇ، ھەرقايسى سۇلالىلارنىڭ ئات- دۇردۇن سودىلىرىمۇ يەنىلا «ئاتلىقلار مەدەنىيىتى» ياراتقان دۇنياۋى قىممەتنى پىشاك قىلغانىدى. ھون- ئاۋارلارنىڭ رىم ئىمپېرىيىسىنى ھالاك قىلىشى، سالجۇق تۈركلىرى، چىڭگىزخان ئارىلاشما قوشۇنلىرى، ئەمىر تۆمۈر ۋە بابۇر چەۋەندازلىرىنىڭ ھىندىقۇش- ئىلبۇرس ئېتەكلىرىدىكى تەنتەنىلىرى «ئاتلىقلار مەدەنىيىتى» ئەنئەنىلىرىنى ئۇل قىلغان. ھازىرقى جاھان خەرىتىسىنىڭ ئېتنىك تەركىبى، چېگرا سىزىقلىرى، مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىدىغان رەڭ- بوياقلارنىڭ تەكتىگە ئات تاقىسى كۆمۈلگەن! كېيىم- كېچەك، زىبۇ- زىننەت، ناخشا- ئۇسسۇل مەدەنىيەتلىرىمىزنىڭ دۇنياۋى شۆھرىتى سۈي- تاڭ پادىشاھلىرى، ئەرەپ خەلىپىلىرىنىڭ مەھلىيالىقلىرىنى قوزغاپ، ئوتتۇرا ئەسىر يىپەك يولى كۆكىدە چاقنىغان زەر ساليۇت فونتانلىرىغا ئايلانغان.

ئۇنىڭ ئىككىنچىسى يىپەك يولى ئوتتۇرا بەلبېغىنىڭ خەلقئارا مەدەنىيەت كاردورى بولۇش قىممىتىدىن ئىبارەت.

ئېيتىش كېرەككى، يىپەك يولى كۆللەنگەن ئۇزاق ئەسىرلەر داۋامىدا غەربى يۇرت بوستانلىقلىرى يولغۇز چارۋىچىلىق- ئاتچىلىق، دېھقانچىلىق ھۆنەرسازلىق ئېچكى ۋە خەلقئارا سوا تىجارەتنى بىرگەۋدە قىلغان ئىگىلىك سېستىمىسى مىخانىزمىنى ئىشق سېلىپ، گرېك- رىم، ئىران- ھىندىستان، تۇران ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيەت چەمبەرلىرىنى تۇتاشتۇرىدىغان تەڭداشسىز كاردورغا ئايلىنىپ قالماستىن، ئۇ يەنە ھىندى- ياۋروپا تىللىرى، ئورال- ئالتاي تىللىرى، خەن- زاڭ تىللىرى بىلەن بۇ تىللارنىڭ نۇرغۇن گۇرۇپپىلىرىغا مۇناسىپ يېزىقتىكى دەستۇرلار توپلانغان ئالەمشۇمۇل مەدەنىيەت مەركىزى ۋە تىل يېزىق پاۋلىئونىغا (كاردورىغا) ئايلاندى. بۇ زىمىن يەنە ئەينى زاماندىكى مەدەنىيەتلەرنى مۇجەسسەملەشتۈرگۈچى ھېكمەت سىستېمىلىرى بولغان زورو

ئاستېر، مانىي، بۇددا دىنلىرى بىلەن ئىسلام دىنىي تەشەببۇسلىرىنىڭ، شەرق- غەرپ تەبىئەت ۋە تىبابەت ئىلمى نەتىجىلىرىنىڭ جۇغلانما خەزىنىسىگە ئايلاندى. ئالەمدە ئىككىنچى بىر زېمىن بۇنداق جاۋاھىراتلار مۇجەسسەم دەرگاھ شاراپىتىگە نېسىپ بولمىغان بولسا كېرەك. ئويلاپ كۆرۈڭچۇ، بىر قاتار ئۆتمۈش تېپىشماقلىرىنىڭ يېشىلىشى ۋە كەلگۈسىنىڭ باشلىنىشى ھەققى قىممەت ئېتىبارى بىلەن بۇ مۇبارەك زېمىنغا تۇتىشىدىغانلىقى ھېچقانداق ئەجەپلىنەرلىك بولمىسا كېرەك.

ئۇنىڭ ئۈچىنچىسى، غەربى يۇرتتا تاۋلىنىپ چىققان مەدەنىيەتتىكى قوشۇلما قىممەتتىن ئىبارەت.

ئېيتىش كېرەككى، بىزنىڭ شۆھرەتلىك ئاتا- بوۋىلىرىمىز نوقۇل «كارۋانكەش» ياكى نوقۇل «سارايۋەن» بولغىنى يوق. ئۇلار ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت تېپى ئاساسىدا تۇرۇپ، شەرق- غەرپ مەدەنىيەتلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشقا بولىدىغان قىسىملىرىنى قوبۇل قىلدى، ئۆزگەرتتى. ئۇنى ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ ئىرسىيەت ئۇزىكى ئاساسىدا ئۆزلەشتۈردى. نەتىجىدە پۈتۈنلەي يېڭى ئۇسلۇب- «غەربى يۇرت ئۇسلۇبى» شەكىللەندى. بىز بىناكارلىق، ھەيكەلتاراچلىق، رەسساملىق، تەرجىمەشۇناسلىق، ئەدەبىيات، دورىگەرلىك قاتارلىق مەدەنىيەت نەتىجىلىرىمىزدىن مۇنداق قوبۇل قىلىپ، ئېشىپ كېتىش خاراكتېرلىك ئالاھىدە قىممەتنى بايقىۋالالايمىز.

## يىپەك يولدا قايتا ئويلىنىشنىڭ زۆرۈرلىكى

يىپەك يولىدا قايتا ئويلىنىشنىڭ تارىخى قىممىتى ئۆتمۈشكە تەنتەنە قىلىش ئىستىكى بولماستىن، بەلكى رېئاللىق قويىنىدا يېتىلىۋاتقان كەلگۈسى تەقدىرنىڭ تەخىرسىز زۆرۈرىيەتلىرىدىن ئىبارەت. شۇ سەۋەپلىك ھەققى تارىخچى بىرىنچىدىن، مەدەنىيە -تشۇناس، ئىككىنچىدىن، كەلگۈسشۇناستۇر.

_____ خىيال دەپتىرىمدىن (ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن)

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن:

يىپەك يولىدا قايتا ئويلىنىش ھالال ۋىجدان، تارىخي جاۋاپكارلىق ۋە سەمىمى ھەمدەملىك بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان مەنىۋى ئەمگەكتۇر.

يېپەك يولىدا قايتا ئويلىنىش- قەدىمكى يىپەك يولىدا جارى قىلىنغان ۋە يىپەك يولى خارابىلاشقاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ نۇرانە جۇشقۇنلۇقى،بىلەن، روھلىمىغان ئىجادىيەت ۋە رىقابەت ئىقتىدارىمىز ھەققىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك، تىرەن، ئىلھامبەخش قايتا ئويلىنىشنى مۇقەددىمە قىلىشى كېرەك! بەش ئەسىرلىك قاتتىق ئۇيقىدىن كېيىن، قىقلىپ-سوقۇلۇپ، يېڭى يىپەك يولى ئالامەتلىرى ئالدىدا كىيىكتەك چۆچۈپ، ئېغىر خورلۇق ۋە ئۆزىنى كەمسىتىش روھىيىتىدە قورۇنۇپ تۇرغان خەلقىمىزگە ئۇنىڭ ئەجدادلىرى ياراتقان تەڭداشسىز مۆجىزىلەرنى تونۇتۇش ھەقىقىي ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ تۈنجى خىزمىتىدۇر. مەيداندا مەردانە ۋارقىراپ ئېيتىش كېرەككى، ئۇلار بۇ شۆھرەتلىك تارىختىن خەۋەردار بولۇشقا ھوقۇقلۇق! ئىپتىخارلىق تارىخ - نومۇس ۋە ئىپتىخارنى پەرق ئېتىش قابىلىيىتىنى يوقاتمىغان مىللەت ئۈچۈن «ئابى ھايات» ۋە «ئىيسا دىمىدىسى» ھەتتا قەيسىرانە جاسارەت ئويغاتقۇچى نوپۇزلۇق ئاڭدۇر! ئۇنىڭغا تىلەكداشلىق ئىنسانىي قەلبنىڭ ئەقەللى بىشارىتى، ئەلۋەتتە.

ئىنسانىيەتنىڭ قەدىمكى يىپەك يولىنى قايتا بايقاشقا تۇتۇنغىنىغا 100 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت بولدى. ئەمما، بۇ ئاساسلىق قېدىرىش تېپىلمىلىرى ئۈستىدىكى ئۇنداق ياكى مۇنداق تەتقىقات بىلەن چەكلەندى. يىپەك يولى ھەققىدىكى قايتا ئويلىنىش خەلقىمىزنىڭ ئۆزىگە قالدۇرۇلدى. بىز بىلەن خەيرلىشىش ئالدىدا تۇرغان 20 ئەسىرنىڭ بېشىدا خەلقىمىزدىن يېتىشىپ چىققان مەرىپەتچى زاتلار تەرەققى قىلغان غەرب بىلەن غەپلەتتە ياتقان شەرقنى سېلىشتۇرۇپ يېڭىچە مائارىپ، يېڭىچە تەلىم -تەربىيە، يېڭىچە تۇرمۇش مەدەنىيىتى تەشەببۇسلىرى بىلەن تارىخ سەھنىسىگە چىقىشتى. ئۇلار گەرچە پاجىئەلىك ئاقىۋەتلەرگە دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ يېڭىلىق تەشەببۇسلىرى مەدەنىيەت تارىخىمىزنىڭ 30- يىللاردىن كېيىنكى يېڭى قاتلىمىنى بېزىدى. بىز شۇ قاتلام موھىتىدا يېتىلدۇق. ۋاھالەنكى، بۇ مەرىپەتچى زاتلار تېخى ئۆز- ئۆزىمىزنىڭ قەدىمكى يىپەك يولىدا ياراتقان شانلىق تارىخىمىزنى قايتا ئويلاش، ئۇنىڭدىن يېڭى مەرىپەت قۇدرىتى ھاسىل قىلىشنى ئۆز تەشەببۇسلىرىغا تېماتىك سەرلەۋھە قىلىشقا ئۈلگۈرمىگەندى. بۇ ھەرقايسىمىزنىڭ تارىخى نىسىۋىمىز بولۇپ قالدى!

20-ئەسىر ئاخىرلىشىپ، يېڭى ئىرانىڭ بىرىنچى ئەسىرى بولغان 21- ئەسىر سائىتى سېكۇنت ساناشقا بەش يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت قالغان مۇشۇ يىللاردا ئۆز ئەقىل- پاراستىنى يوقاتمىغان، بولۇشچە جان بېقىش كويىغا چۈشمىگەن زەكىلىرىمىز ئالدىدا پىكىر تىمىلىرى بىلەن تەپەككۇر ئوبيېكتلىرى ھەرقاچانقىدىنمۇ نۇرغۇن. بىز قەدىمكى

يېپەك يولىغا كۆمۈلگەن تەپەككۇر- ھېكمەت خەزىنىسىنى ئاچقىنىمىز يوق. بىز يېپەك يولى خارابىلاشقاندىن كېيىنكى زۇلمەتلىك بەش ئەسىر ۋە ئۇنىڭ روھىيىتىمىزگە ئۆزلەشكەن خۇنۇك ئىللەتلىرىنى ئوپېراتسىيە قىلغىنىمىز يوق. بىز چىقىپ كېتىۋاتقان مۇشۇ ئەسىرنى داغدۇغلۇق پاراڭلار ۋە شېرىن تاماقلاردىن خالىي ھەقىقى تەپەككۇر ئەينىكىدە تەلقىن قىلىپ يەكۇنلەشكە تۇتۇنغىنىمىز يوق. شۇنداق بولىشىغا قارىماي تارىخنىڭ ۋاقىت تۇلپارى ئالدىمىزدا ئىككى ئالپتە نەرسىنى قويدى: ئۇنىڭ بىرى، يېڭى يېپەك يولى («يېپەك يولى ئىقتىسات بەلبېغى»). ئۇنىڭ يەنە بىرى، يېڭى ئىرانىڭ بىرىنچى ئەسىرى! غەرپكە بۇرۇلۇپ قارىساق، غەرپ ئۇيۇقىدىن مۇشۇ ئەسىر بىشىدىكى مەرپەتچى زاتلىرىمىزغا ئىلھام بېغىشلىغان ھېلىقى ئورنەكلەر جىلۋىلەنمىدى، شەرققە تىكىلىپ قارىساق، شەرق ئاسمىنىدا كۆرۈنگىنى پەقەت غايە بۆھرانلىرى، ئاقچا ساراسىملىقى بىلەن مەي سىمفونىيىسى بولدى. تەپەككۇرىمىزنىڭ يۈكلىرى كۆپەيدى، «توققۇز كىلىنىڭ تولغىقى تەڭ تۇتتى»!

بۇ يەردە شۇنىمۇ قوشۇپ كېتەيكى، يېڭى ئەسىر- 21-ئەسىر بىزگە ئۆتكەنكى 17-، 18-، 19- ئەسىردەك دەخلىسىز تەبىئىي ئىگىلىك، ھەپتىلىك سەييارە بازار يەرمەنكىلىرى، ئەۋلات نەسەپ بويىچە ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق، باي- كەمبىغەللىكنىڭ ئادەتلەنگەن كۈنۈكمىلىرى، ئىتتىقات ئىزچىللىقى، بولۇپمۇ 20- ئەسىردەك دۇنيانى قاپلىغان يېڭىچە مەسلەك، ئاممىۋى ئىنقىلاپ دولقۇنلىرى بىلەن كىرىپ كىلىۋاتقىنى يوق. ئۇ ئىگىلىك قېلىپلىرى بىلەن تۇرمۇش ئۇسۇللىرىدا كۈتۈلمىگەن كاتتا ئۆزگىرىش بىلەن كىرىپ كەلمەكتە. بۇ خەلقىمىزنىڭ روھىيىتى ۋە پىكىر قېلىپلىرىنى ساراسىمىگە سېلىپ قويدى. ئالدىمىزدا ئۇچ خىل پائالىيەت ئەھلى گەۋدىلىنىپ چىقتى:

بىرىنچى خىل كىشىلەر، مىللەتنى قايتا ئويلاندۇرۇپ، ئۇنى قايتا ئويغىتىپ، مىللەت گەۋدىسىدىكى ئۇمىدسىزلىك ۋە ئورۇنسىز مەغرۇرلۇق بېسىپ ياتقان بىر قاتار ئىللەت ۋە زەئىپلىكلەرنى يېڭىپ، مىللەتنىڭ رىقابەت ئىقتىدارى مۇجەسسەملىكنى كۈچەيتىپ، مىللەتنى قابىل ۋە قادىر ئېتنىك تۈركۈمگە ئايلاندۇرۇشنى نىيەت قىلغان مۇنەۋۋەر كىشىلەر ئەھلى. ئۇلار ھاقارەت ۋە خەتەر، بۆھتان ۋە سۈيقەست ئىچىدىمۇ ئۇيقۇ قوشنىنىڭ دۇرۇتلىرىغا دانكودەك ئۆز يۈرىكىنى مەشئەل قىلىپ ئىلگىرىلىمەكتە.

ئىككىنچى خىل كىشىلەر، ئاللىقاچان ھازىرقى زامان سودا رىقابىتىنىڭ ئۇيقۇنلۇق قايناملىرىدا كۆكرەك كېرىپ چۆشكەن غەۋۋاس- ئويغۇر سودا-تىجارەتچىلىرىدىن ئىبارەت. ئۇلار قانچىلىك تەپەككۇر ھېكمىتىدىن بەھرىمەن ياكى ئەمەسلىكىدىن

قەتئىينەزەر، سومېرلار، كىمىر (سىمىلىيان)- سكىتلايلار، ئارى-هونلار، سوغدى- ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ئاياغ باسقان قەدىمكى زېمىنلارغا ئۇرۇقتەك چېچىلدى. ئۇلار ھېچقانداق ھامىيلىق ۋە مەرھەمەتتىن بەھرىمەن بولمىغان، ئىستىخىيلىك ھەركەتلىنىۋاتقان، سەرمايىسى چەكلىك مۇساپىر سودىگەرلەر دۆچ كېلىشى مۇمكىن بولغان ھەممە مۇشەققەت ۋە پېشكەللىكلەر ئىچىدە يېتىلمەكتە. ئۇلار مىللىتىمىزدىكى ئىللەتلەرنى سادىر قىلىپ مەسخىرىگە ئۇچراپ، خەلقىمىزدىكى پەزىلەتلەرنى گەۋدىلەندۈرۈپ كىشىلەرنىڭ زوقىنى قوزغاپ، تۇرمۇشتىن تەربىيە، تەجرىبىدىن تەلىم ئېلىپ، يېڭى يىپەك يولىنىڭ ئاجايىپ سودا-تىجارەت، مالىيە- ئالاقە ماھىرلىرى بولۇپ چىققۇسى، ئۇلارنىڭ ئىزىغا يېڭى يىپەك يولىنىڭ بىر قاتار مۆجىزىلىرى تىزىلغان.

ئۇچىنچى خىل كىشىلەر، بۇلار ئۈچ خىل ئىش بىلەن بارغانسىرى پائالىيەتچان بولۇۋاتقان كىشىلەردۇر. بۇ ئۈچ خىل ئىش: ئەمەل- مەنسەپ ۋەسۋەسىسى، پىتنە-ئىغۋا ھەسەتچىلىكى، كەيىپ- ساپاچۇشكۇنلىكىدىن ئىبارەت. ئۇلار ئېرىشكەن ھالاۋەتلىرى ئىچىدە ئەڭ بىباھا نەرسىنى- ئۆزىنىڭ يورۇق دۇنيا ۋە ئۆمۈر مۇساپىسىدىكى ھەقىقىي ئىنسانىي قىممىتى ۋە تارىخى ئىپتىخارىنى يوقۇتۇپ قويماقتا.

شۇنداق قىلىپ، يېڭى يىپەك يولى («يىپەك يولى ئىقتىسادى بەلبېغى»)نىڭ ئېچىلىشى، يېڭى ئەسىرنىڭ يېقىنلاپ كېلىشى، يېڭى رىقابەتچان بازار ئىگىلىكى تۈزۈمىنىڭ قەد كېرىپ چىقىشى ھەممىمىزنى قوزغىتىۋەتتى. قاغىدەك قارغاپمۇ، مۇشۇكياپىلاقتەك سۆرەتلەت كۆرسىتىپمۇ، تۆگە قۇشتەك بېشىمىزنى قۇمغا تىقىۋېلىپمۇ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان بۇ زامان زۆرۈرىيەتلىرى ئالدىدا نىمىلەرنى ئويلىشىمىز كېرەك؟

ئەلۋەتتە ئويلىنىدىغان نەرسىلەر ناھايىتى نۇرغۇن، شۇنداقتىمۇ ئەڭ يىلتىزلىقى مىللەتنىڭ رىيال قىياپىتى، ھەقىقى كىشىلىك قىممىتى، ئۇنىڭ ئۇنۇرسال رىقابەت ئىقتىدارى ھازىرقى زاماندىكى ئۈچ خىل مىللەت دەرىجىسىدىكى ئورنىنىڭ قانداقلىقىنى بىلىشتىن ئىبارەت.

## ئۈچ خىل مىللەت ۋە مىللىيەتلىكتىكى ئۈچ خىل قىممەت

ئار- نومۇس ۋە رىقابەت جاسارىتىدىكى يالقۇن قوزغاتمىغان مېڭىنىڭ قوزغىتىدىغىنى تەنتەكنىڭ تەمەننىسى بىلەن قورققاقنىڭ شۈركىنىپ تىترىشىدىن باشقا يەنە نېمە بولسۇن؟!

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن:

بىز قەدىمكى يىپەك يولى خاراپلاشقاندىن كېيىنكى كەنجى ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتىنى باشتىن كەچۈرۈپ، كۆپ قىرلىق، كەسكىن رىقابەتكە تولغان بۈگۈنكى دۇنياغا نەزەر تاشلىغىنىمىزدا، مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش قىممىتى بىلەن، راۋاجلانغان مىللەتلەر قاتارىدا گۈللەپ راۋاجلىنىش قىممىتى ئۇنىڭ ئونۋېرسال (ئومۇملاشقان) ئەۋزەللىكىگە ئېگە بولغان رىقابەت ئىقتىدارىغا باغلىق ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز. ۋاھالەنكى، پۈتۈن ھاياتى كۈچ- ئىقتىدارىنىڭ مەركەزلىشىشى، مۇجەسسەملىشىشىدىن تەشكىل تاپىدىغان مۇنداق ئونۋېرسال رىقابەت قىممىتى ھەربىر ئىنسان ئۈچۈن، ھەربىر مىللەت ئۈچۈن، ھەربىر مەملىكەت ئۈچۈنمۇ ئاساسلىق ھايات ۋە قابىلىيەت دەرىجىسىدۇر. ئادەمنىڭ ھاياتى كۈچى، ئىممۇنت ھالىتى، مىزاج -خىلىتلىرى ئۇنىڭ ئىچكى ئەزالىرىدا مۇجەسسەملىشىپ، بەدىننى ئوراپ تۇرغان نۇر چەمبىرىكى- «ئائۇرا» دا جىلۋىلىنىدۇ. بىر مىللەتنىڭمۇ ئۆتمۈش تارىخى ئەمەس، ھازىرقى ئائىلە- جەمئىيەت- مىللەت ئەھۋالى، مەنىۋى، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى، ئىقتىدار ھالىتى ئۇنىڭ ھاياتى سۈپەت ئىقتىدارىنى، رىقابەت ئىقتىدارىنى ۋە ئىجادىيەت كۈچلىرىنى قىسقىسى، ئۇنىڭ ئۇنىڭ ئونۋېرسال رىقابەت ئىقتىدارىدىكى ئەۋزەللىك ياكى زەئىپلىكنى بەلگىلەيدۇ. پۈتۈن بىر مىللەتتىكى ھەرخىل ئىقتىدار ۋە سۈپەتنىڭ ئونۋېرسال رىقابەت ئىقتىدارىغا مەركەزلىشىشىدىكى سەۋەپ شۇكى، يەر يۈزىدىكى نەچچە مىڭلىغان مىللەتنى، تارىختا نامى ئۆچكەن ياكى ھاياتىي ئىقتىدارىنى نامايەن قىلغان مىللەتلەرنى سىېلىشتۇرۇپ ئۆلچەيدىغان، ئۇلارنىڭ كەڭۋسى ھەققىدە «پال» ئاچىدىغان بىرلا مىزان بار، ئۇ بولسىمۇ ئونۋېرسال رىقابەت ئىقتىدارى ۋە ئۇنىڭ سۈپەتلىرىدۇر.

ئېيتىش كېرەككى، ھەربىر ئادەمنىڭ، مەيلى ئۇ تۇغۇلما قابىل ياكى ساھىپجامال بولسۇن، مەيلى ئۇ ئىقتىساد ياكى ئىلىم- سەنئەت بىلەن شۇغۇللانغان بولسۇن، مەيلى ئۇ يۇقۇرى دەرجىلىك سىياسئون ياكى جامائەت ئەربابى بولسۇن، ئۇنىڭ كامالەت ياكى مەئشەت دەرىجىسى، شەخسى ئىززىتى ۋە رىقابەت كۈچى، بەختى ۋە تەقدىر قىسمەتلىرى ئاخىرقى ھىساپتا ئۇنىڭ شەخسى ئىرادىسى ياكى مۇناسىۋەت ئەۋزەللىكى تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇ ھالقىپ- قاڭقىپ چىقىپ كېتەلمەيدىغان، ئۇ تەۋە ئېتنىك تۈركۈمنىڭ ئومۇمىي ھالەت چەمبىرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. مانا بۇ شەخس تەقدىرىنىڭ مىللەت

ھالىتىگە بېقىنىش قانۇنىدۇر.

ھازىرقى دۇنيا مىللەتلىرىنى ئۇلارنىڭ مەلىكە- كامالەت ۋە رىقابەت ئىقتىدارىغا قاراپ ئۈچخىلغا بۆلۈش مۇمكىن. ئۇلار: «ئېتنولوگىيىلىك مىللەت»، «ئىجتىمائىي مىللەت» ۋە «سىياسىي مىللەت» تىن ئىبارەت.

1. ئېتنولوگىيىلىك مىللەت دېگەندە، ئومۇمەن مىللەتشۇناسلىق شەرتلىرى بويىچە ئۆلچىگەندە، مىللەتلىك شەرتلىرى تولغان مىللەتنى نەزەردە تۇتىمىز. ئۇيغۇر خەلقى ئۆز مىللى تىل- يېزىقى، تارىخى، فولكلور بايلىقى، مائارىپ سىستېمىسى، مۇقام- مەشرەپ خەزىنىسى، كىلاسسىك ۋە يېڭى زامان ئەدەبىياتى، توي-تۆكۈن ۋە ئۆلۈم- يىتىم يۇسۇنلىرى، مىللى مەدەنىيەت ئىرسىيىتى بولغان تىپىك ئېتنىلوگىيىلىك مىللەتلىكى سۆزسىز. ئۇلاردىكى كۆپلىگەن ئېپتىخارلىق خاسىيەتلەر بىلەن بىر قاتار ئىللەتلەر، دەل مۇشۇ ماقامغا يەتكەنلىك، ئەمما ئۇنىڭدىن ئېشىپ كېتەلمىگەنلىك بىلەن تۇغرا تاناسىپتۇر. كۆپ ھاللاردا ئۇلار مىللەتنىڭ ئىپتىخارى ۋە ئارنومۇسىغا چېتىلىدىغان نەرسىلەرگە كۈچلۈك غەزەپ- نەپرەت ئىپادىلىسىمۇ ئۇنى ئاقىلانە تەھلىل قىلىش، راست- يالغىنىنى پەرقلەندۈرۈشتە ئاجىزلىق قىلىدۇ. مۇشۇ ئاجىزلىقىدىن ئۇلارنى بىر- بىرىگە ھەتتا ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلىرىگە قارشى سۆز- چۆچەككە سېلىش مۇمكىن. مانا بۇ گۇماندا بولۇپ، ئىشەنچتە بولماسلىق، غەزەپتە بولۇپ، ئەقىلدە بولماسلىقتۇر.

2. ئىجتىمائىي مىللەت دېگەنلىك ئېتنولوگىيىلىك مىللەتنى «تەبىئىي مىللەت» دەپ قاراشقا سېلىشتۇرما قىلىنغان. ئۇ ئېتنولوگىيىلىك مىللەتتىن ئۆزىنىڭ بىر بالداق ئۈستۈنلىكى بىلەن خاراتېرلەنگەن مىللەتتۇر. ئەگەر بىز ئېتنولوگىيىلىك مىللەتنى ئومۇمىي تۈركۈم ئېڭى ۋە مىللىي ھەمدەملىككە ئېرىشمىگەن مىللەت دەپ قارىساق، ئىجتىمائىي مىللەتنى ئېتنولوگىيىلىك مىللەتتىن ئۈستۈن قىلغان نەرسە ئۇنىڭ ئۆز- ئۆزىگە بولغان تۈركۈم ئېڭى، كۈچلۈك ئىچكى ئويۇشۇش كۈچى، ئاڭلىق ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئىزچىللىقى ۋە بۇ ئۈچىدىن مۇجەسسەم بولغان ئونۋېرسال رىقابەت ئۈستۈنلىكىدىن ئىبارەت. دەرۋەقە ئىجتىمائىي مىللەتنىڭمۇ بىر قاتار خۇنۇكلىكلىرى ۋە زەئىپلىكلىرى بولسىمۇ، ئەمما ئۇلاردىن ئۇنىڭ ئەۋزەللىكلىرى ئۈستۈن بولىدۇ. ئۇلار بىكار تەلەپ، لايغەزەللىك، تەلۋىلەرچە ھەشەمەتخورلۇق، مىللەتنىڭ ھەمدەملىكىدىن ئېشىپ چۈشكەن يىرتۋازلىق، ئۆز مەنپەئەتى ياكى گورۇھ مەنپەئەتى ئۈچۈن مىللەت گەۋدىسىنى پېتىقلاپ دەپسەندە قىلىشتىن خېلىلا يىراقلاشقان بولۇپ، بىرياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ ئۆز قېرىنداشلىرىغا خەيرىخاھلىق- تىلەكداشلىق قىلىش ئۇلارنىڭ دائىمىي

ئالامىتى.

3. سىياسى مىللەت دېگەن ئىبارە مىللەتلەرنىڭ كامالەت دەرىجىسىنى ئىجتىمائىي مىللەت كاتېگورىيىسىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلغان بولۇپ، ئادەتتىكى سىياسى سەلتەنەت مەنىسىگە قارىتىلمىغان. سىياسى مىللەت هازىرقى زامان مىللەتلىرى ئىچىدە ئەڭ يۇقىرى مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت، مىللىي ئاڭ ۋە بىرلىك-ھەمدەملىككە، رىقابەت ۋە ئىجادىيەت ئۈستۈنلۈكىگە ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە ئۆزىنىڭ بىر قاتار ئۆزگىچە ئالامەتلىرى بىلەنمۇ كۆزگە تاشلىنىدۇ.

ئۇلار يالغۇز پەن- تېخنىكا، تىۋار ۋە سودىدا دۇنياۋى تەسىر قوزغاپ قالماستىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرمۇشنى تەشكىللەش، تۇرمۇش مەدەنىيىتى جەھەتتىمۇ باشقا خەلقلەرنىڭ ھەۋىسىنى قوزغىغان؛ ئۇلار ئۆز مىللىي تۈركۈمىنى ئەۋزەللىك بىلەن گۈللەندۈرۈپ قالماستىن، يەنە ئۆز- ئۆزىدىن ھالقىغان، ئۆز مىللىتىنىڭ «ئىجتىمائىي مىللەت»، «تەبىئىي مىللەت» چاغلىرىدىكى غەيرى ئىنسانپەرۋەر، غەيرى مەدەنىي ئىللەتلىرىنى ئاشكارا، سېستىمىلىق تەنقىت- مەسخىرە قىلىشقا تۇتۇنغان، بۇ ھەقتە ئەسەرلەر نەشر قىلىنغان، كىنو- فىلىملەر ئىشلىگەن؛

ئۇلار نەزەرىيىۋى تەپەككۇر ۋە ئاساسىي نەزەرىيە تەتقىقاتىدا، ئىنسانىيەت تارىخىنى كەلگۈسى كامالەتكە ئېرىشتۈرۈش ئىزدىنىشىدە ھەممىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلدى.

توپلىشىپ ياشايدىغان ياپونلار بىلەن تارقىلىپ ياشاش ئازابىنى باشتىن كەچۈرگەن يەھۇدىلارغا نەزەر سالساقلا كۇپايە. ياپونلار كىچىككىنە ئۇنۇمسىز تاشلىق ئارالنى ماكان قىلغان، مەدەنىيەت تارىخىغا خېلىلا كېيىن قەدەم قويغان مىللەت. ئۇلاردىكى ياشاش- رىقابەت كۈچى تۈركۈم ئىگىلىك ۋە مىللەتنىڭ قاتتىق ھەمدەملىكىگە شۇ قەدەر زىچ مەرگەزلەشكەنكى، ئۇلار ئۆزىنىڭ ئۆز زېمىنىدىكى ۋە چەتئەلدىكى ھەربىر قەدىمى، ھەربىر سۆزى، ھەربىر ھەرىكىتىگە مىللىي نومۇس- ئىپتىخارنى ئۆلچەم قىلغان. ئۇلار خەلق ئىگىلىكى بىلەن خەلق تۇرمۇشىنى يۇقىرى ئۇنۇمدارلىق مۇمكىنلىكى ئۈستىگە ئويۇشتۇرغان. يەھۇدىلارمۇ ئازغىنە خەلق. ئۇلار تارىخى ھادىسىلار سەۋەبىدىن چەتئەللەرگە چېچىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، نەدە تۇرمۇش پاراۋان بولسا شۇ يەرگە ئۆزىنى ئاتماي يەنىلا كىچىككىنە بولسىمۇ، ئانا زېمىنى ئىسرائىلىيىگە تەخىرسىز توپلىنىپ، تىز ئارىدا كۈچلۈك رىقابەت قۇدرىتىگە ئېرىشتى.

ئەلۋەتتە، بىرىنچىدىن، ھازىرقى بۇ ئۈچ خىل مىللەت كاتېگورىيىسى تۇغما ياكى ئۆزگەرمەس قېلىپتا قۇيۇلغان ئەمەس. ھەرقانداق مىللەت ئۆزىنىڭ يېتىلىش تارىخىدا بۇ

پەللىلەرنى بېسىپ ئۆتىشى ياكى چېكىنىپ تۆۋەنلەپ كېتىشى مۇمكىن. ئىككىنچىدىن، ھازىرقى زامان مىللەتلىرى ئىچىدىكى يۇقۇرى كاتېگورىيىدە تۇرغان مىللەتمۇ تارىخى ۋە ئىجتىمائىي ئاجىزلىقلار، بوھران ۋە زىلزىلىدىن خالى ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئالدىدا تېخىمۇ يۇقۇرى كامالەتكە يۈزلىنىش مەسلىسى مەۋجۇت.

مانا، ھازىرقى جاھان مىللەتلىرىنىڭ قول ئىلكىنىڭ ئۈزۈن- قىسقىلىقى، تۇرمۇش رىسقى، يۈز- ئابروھى، مەتبۇئات نوپۇزى، تونۇلۇش دەرىجىسى، تەسىر دائىرىسىنى بەلگىلەپ تۇرغان ئۈچ تامغا!

مانا ئەمدى ئۆزىمىزگە قايرىلىپ بىر قارايلىچۇ! ئىچكى قىسمىمىدىكى ئىززەت ھۆرمىتىمىزنى قىرقىيدىغان، بىرلىك- ھەمدەملىك قورغانلىرىمىزنى غۇلىتىدىغان، مەرىپەت چىنارلىرىمىزنى ئوتۇن قىلىپ كەسلەيدىغان، كىم نەتىجە قازانسا ئۇنى قەستلەيدىغان ئىلەتلىرىمىزنى ئاز دەپ، چەتئەللەرگە ھەج- ھەرەمگە بېرىپ، سۆزلىسە يۈزنى، قارىسا كۆزنى نۇمۇستىن ئۆلتۈرىدىغان ناچار سۈپەتلىرىمىز، ناباپ ئىللەتلىرىمىزنىڭ قايسى بىرىنى ئېيتايلى! دۇنيادا يەنە بىزنىڭ ھالىمىزدىنمۇ تۆۋەنرەك يەنە قانداق ئىنسان تۈركۈملىرى بولسۇن؟ ئەزمە- سۆرەلمىلىكىمىز بىلەن تەنتەك، تارقاقلىقمىزدىنىمىلەرنى كۆرمىدۇق. يېقىنقى بەش ئەسىر مابەينىدە «ئەۋلىيا چەتتىن، مۇرت بىزدىن» بولۇپ، ئىچكى نىزا ۋە تەپرىقچىلىكتە ئېرىشكىنىمىز زادى نېمە بولدى؟ بۇ روھى ئىللەت ۋۇجۇدىمىزنى ھېلىمۇ چىرماپ تۇرمامدۇ! تارىختا نام- شەرىپىدىن باشقا ھېچ نەرسىسى قالماي يوقىلىپ تۈگىگەن مىللەتلەرمۇ ئۆز دەۋرىگە يارىشا ئېتنولوگىيىلىك مىللەت ئىدىغۇ! ئۇيغۇرلار شۇ زامانلاردا ساكلار، تۇخارلار، سوغدىلارنى ئۆزلەشتۈرۈپ، روسىيىلىك ئالىم مىلنۇرانسكىينىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا «ئۇيغۇرىزىم» ھادىسىسىنى، ئامرىكا ئالىمى گىرسسارتىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا «چەتنىڭ قىلىپلىرىغا قارىغۇلارچە ئەگەشمەيدىغان ئۇيغۇر سىستىمىسى» نى ياراتقاندى. ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ئىرانلىق رىقابەتچىلىرىنى يېڭىپ، چاڭئەن، كونىستانتىنپول سودا مۇساپىسىنى تىزگىنلەپ، لىياۋ، سۇڭ سۇلالىلىرى بىلەن بولىدىغان ھۆكۈمەت سودىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، لىياۋ، سۇڭ ھۆكۈمەتلىرىنى شەھەر سودا مەھكىمىسى ئورنىغا «ئۇيغۇر بارگاھى»نى دەسسىتىشكە مەجبۇر قىلغانىدى. ئۇ چاغلاردا ئۇيغۇرلار نوقۇل «كەتمەن بىلەن ھوسۇل»، «ناماز بىلەن غۇسۇل»، «دۇتار بىلەن ئۇسۇل»دىن ئىبارەت بارى يوق ئۇچلا شادلىق پىقىرىما چاققا بەنت بولغان مىللەت ئەمەس ئىدى.

ئەمدىلىكتە، بۇ نۇسرەت سۇمۇرغى، بۇ ئىقتىدار بۈركۈتى، بۇ سائادەت ئەنقاسى

قېنى؟!

## تۈركۈم ئېڭى ۋە ئويۇشۇش كۈچى

ھەقىقى كىشىلىك پەلسەپىسىنىڭ ۋەزىپىسى ئەقىدىلىك كىشىلەرنىلا ھازىرلاش ئەمەس، دەل ئەكسىچە ئىنسانىنىڭ ئۆز- ئۆزىنى بىلىشىگە ئەرك ۋە بوشلۇق كۆرسىتىشتۇر.

_____ خىيال دەپتىرىمدىن (ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن)

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن:
بىز يېپەك يولى خارابىلاشقاندىن كېيىن، ئۈچ چوڭ ئەڭگۈشتەرنى يوقۇتۇپ قويدۇق. بۇ بىزنىڭ «يۇلتۇز» ىمىزنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىگە سەۋەپ بولدى. ئۇلار: مىللەتنىڭ تۈركۈم ئېڭى ۋە ئىچكى ئويۇشۇش كۈچىدىن تۆرەلگەن بىرلىك- ھەمدەملىكى، مىللەتنىڭ ئۆز مىلىي مەدەنىيەت تىپىگە بولغان تونۇشى ۋە ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان ئەنئەنە ئىزچىللىقى، ئەقىلىنىڭ ھىسسىياتتىن ئۈستۈنلىكى ۋە ئۇنىڭ يۇقۇرى شەكلى بولغان نەزىرىيىۋى تەپەككۇردىن ئىبارەت.
قەدىمكى يىپەك يولى ئۆزى داۋام قىلغان ئۇزاق ئەسىرلەر داۋامىدا خۇددى پەيغۇرچىنىڭ خەزىنىسىدىكى «ئائىنەئى جاھان» دەك، جەمشىد جامى» ۋە ياكى «ئىسكەندەر تىلسىمى» بىلەن «سۇلايمان ئۈزۈكىنىڭ كۆزى» دەك بىقىياس كاتتا، بىتەققاس ئىنچىكە نەرسىلەرنى بىزنىڭ نەزىرىمىزگە تاشلىدى. بىزنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز بەدەنلىرىگە گۈل چېكىپ، باشلىرىغا ئۆكە قاداپ، ئۆز ئورۇق- قەبىلىلىرىگە توتېم قىلىپ، ئۆزىگە خاس ئالەم ئەپسانىلىرى ۋە كىشىلىك مىزانلىرىنى بەلگىلەپ، شۇ خىل ئۆزىگە خاس ئەنئەنە ئىزچىللىقىدا شەكىللەندۈرگەن ئۇنداق ياكى مۇنداق «مەدەنىيەت تىپلىرى»نى كۆردۇق. ئۇلار بۇ خىل «توتېم» رىجىلىرى بىلەن مەدەنىيەت تىپلىرى»نى ئۆز- ئۆزىنى بىلىش ۋە پەرقلەندۈرۈش، ئۆز- ئۆزىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئۆز- ئۆزىگە ئىگە بولۇش ئاساسىنا باشقىلار بىلەن مۇئامىلە قىلىشنىڭ قىبلىنامىسى قىلغان. كۆرۈنىشىچە غەلىتە، سۆزلىنىشىچە تولىمۇ قەدىمىي بولغان بۇ نەرسىدە ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىقىدىكى ئىنتايىن مۇھىم نەرسە- تۈركۈم ئېڭى گەۋدىلەنگەن.

ئېيىتىش كېرەككى، زەررىدىن بەھەيۋەت كاتتا يۇلتۇزلارغىچە، ھۆجەيرىدىن ئىنسانغىچە تۈركۈملۈك ھالەت ساقلانغان. ھەربىر گۈلنىڭ ئۆز تۈرى، ھەربىر ھايۋاننىڭ ئۆز ئائىلىسى بار. بىرلا تامچە سۇ، بىرلا قەترە نېفت، بىرلا تېمىم يامغۇر بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. تۈركۈمدە مەۋجۇتلۇق شەكلى، ھەركەت خاسلىقى، تەرەققىيات قانۇنىيىتى شەكىللىنىدۇ. ئىنسانىيەتمۇ باشتىن- ئاياغ ئۇنداق ياكى مۇنداق تۈركۈم بويىچە ياشايدۇ. مىللەتنىڭ تىل بىرلىكى، تېرتورىيە بىرلىكى، ئىقتىسادى تۇرمۇش بىرلىكى، مەدەنىيەت روھىيىتى قاتارلىق ئالامەتلەرمۇ تۈركۈمنى كۆرسىتىدۇ. ھەرقايسى ئىنسان تۈركۈملىرىدە پوتېنسىئال ھالەتتىكى تۈركۈم خايىشچانلىقى مەۋجۇت. ئۇنىڭدا رەسمىي، ئۆز- ئۆزىگە بولغان تۈركۈم ئېڭىنىڭ بولۇشى دەخلىسىزدۇر. تۈركۈمنىڭ ئىتىراپ قىلىنىشى، تۈركۈم ئېڭى ۋە تۈركۈم مەدەنىيەت تىپلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى، ئالاھىدىلىكلىرى ئىتىراپ قىلىنىشى ۋە ئېتىبارغا ئېلىنىشى ئەقەللىي ئىلمىي ساۋات دائىرىسىدىكى جۈشەنچە، ئەلۋەتتە.

تۈركۈم ئېڭى- ھەرقايسى ئىنسان تۈركۈملىرىنىڭ ئېتنولوگىيىلىك مەۋجۇتلۇقى، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت تىپى، تارىخي كەچمىشلىرىدىن جۇغلانغان شەرەپ ۋە نومۇس ئېڭى، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە قاراتقان مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، ئۆز- ئۆزىنى تونۇش ۋە ئۆز- ئۆزىنى كامالەتكە ئېرىشتۈرۈش جاسارىتى قاتارلىقلارنى مەزمۇن قىلغان پائالىيەتچان ئاڭ سىستېمىسىدىن ئىبارەت. تۈركۈم ئېڭىنىڭ مەركىزى ھالقىسى ئۆز مەدەنىيەت تىپىنى بىلىش ۋە ئۆز مەدەنىيەت تىپى بويىچە تەرەققىياتقا يۈزلىنىش ئېڭىدۇر.

ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭغا ئېتنىك جەھەتتىن قېرىنداش بولغان مىللەتلەر مەدەنىيەت جۇغراپىيىسى جەھەتتىن ئۈچ چوڭ مەدەنىيەت تىپىنىڭ ئىككىنچىسىگە تەۋە بولۇپ كەلدى.

بىرىنچى مەدەنىيەت تىپى- ئىنسان بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋەتلىرىنى كىشىلىك قارىشىنىڭ مەركىزى ئوقى قىلغان «پەرەڭچە» (ياۋروپاچە) مەدەنىيەت تىپى بولۇپ، تەبىئەتكە تەقلىت قىلىش، ئىنسان تەبىئەتنى قاراشلىرى، تەبىئىي ھوقۇق، تەبىئەت پەلسەپىسى ئەنە شۇ مەركىزي ئوقنى دەۋر قىلغان. بىز ياۋروپا مىللەتلىرىنىڭ ئەپسانە ۋە ئىپتىدائىي ئېتىقاتلىرىغا نەزەر سالساقمۇ تەڭرىلەرنىڭ يېرىم ئىنسان، يېرىم ھايۋان خاراكتېرلىك تەسۋىرلەنگەنلىكىنى كۆرىمىز. ياۋرۇپا مەدەنىيەت تىپى، موزىكىلىق مىلودىيىلەر، رەسساملىق- ھەيكەلتاراچلىقتىكى يالىڭاچ ئوبرازلار، ئەدەبىياتتىكى تەبىئەت ۋە ئىنسان تەبىئىتى لىرىكىلىرى، ئەركىن مۇھەببەت ۋە دوئېل رىجىلىرى، تەبىئەتتە يەنى دېڭىز- ئوكيانلار، ئېگىز تاغلار، خەتەرلىك شارقىراتمىلار، ئىنسان ئايىغى يەتمىگەن

ئىقلىملاردا قەھرىمانلىق كۆرسىتىش قاتارلىقلاردىمۇ ئۆز ئالامەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرغان.

ئىككىنچى مەدەنىيەت تىپى- ئىنسان بىلەن مۇقەددەس قۇدرەت (تەڭرى، قۇت)نىڭ مۇناسىۋەتلىرىنى كىشىلىك قارىشىنىڭ مەركىزى ئۇقى قىلغان ئاسىيا يايلاق- جەزىرە خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيەت تىپى بولۇپ، تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھادىسلىرىنى تەڭرى قۇدرىتىنىڭ ئىپادىلىنىشى، تەبىئەت ۋە جەمئىيەت قانۇنلىرىنى تەڭرى ئىرادىسى ۋە قۇت قائىدىلىرىنىڭ گەۋدىلىنىشى دېگەن قاراشقا ئاساسلىنىدۇ. شەھەرلەرنىڭ مەركىزىيدە ھاكىمىيەت سارايلىرى ئەمەس، ئىبادەتخانىلار قەد كۆتۈرگەن. پادىشاھلار ئۆزلىرىنى تەڭرى ئىرادىسى، ئادالەت قۇتىنى بەجا قىلغۇچىلار دەپ قارايدۇ. پارا ئېلىش ئەمەس، مەلۇم ۋاقىتتا ئورا خەزىنىلىرى تەرتىپلىك «بۇلاڭ- تالاڭ»غا قويۇپ بېرىلىدۇ. چارۋىدارلار چۆللەرگە بۆرە ئوزۇقى ئۈچۈن قوي- كالا تاشلايدۇ. پانئىزىملىق (ۋەھدەت ۋۇجۇت) پەلسەپە، قىساسنى تەڭرىگە تاپشۇرۇش (ئەلقىساسۇل مىنەلھەق)، ئىككى دۇنيا قاراشلىرى بىلەن كەمتەر ياشاش روھىيىتى ئەخلاق ۋە ئەدەبىيات- سەنئەتنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسى قىلىنىدۇ. ئىنسان بىلەن ئىنساننىڭ باراۋەرلىك مۇناسىۋىتى گۇمانىستىك، ئادالەتلىك پىكىر ئېقىمىدا گەۋدىلەنگەن بولىدۇ. كۆپ مىللەتتىن تەركىپ تاپقان ۋە ياخشى- يامانلىقنى مىزان قىلغان ئەدەبىيات (مەسىلەن، «شاھنامە»، «مىڭبىر كېچە»، «چاھار دەرۋىش»، «خەمسە») خەلق ئەدەبىياتى بىلەن كىلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ھېساپلىنىدۇ.

ئۈچىنچى مەدەنىيەت تىپى- ئىنسان بىلەن پادىشاھ (ھاكىمىيەت)نىڭ مۇناسىۋىتىنى كىشىلىك قارىشى ۋە كىشىلىك قىممىتىنىڭ مەركىزىي ئۇقى قىلغان شەرقى ئاسىياچە ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت تىپىدۇر. «زېمىن پادىشاھنىڭ»، «پۇقرا پادىشاھنىڭ»، «كۆللى جاھان پادىشاھقا مەنسۇپتۇر» دېگەن قاراش مۇتلەقلەشتۈرۈلۈپ، ئوردا ئەمىر- پەرمانلىرى مۇقەددەس سانىلىدۇ. شەھەر مەركىزىگە خانلىق- بەگلىك قەسىرلەر بىنا قىلىنىدۇ، ئەمەل- مەنسەپكە ئېرىشمەك شەخسنىڭ ئالى بەختى، ئىززىتى ۋە ئارزۇسى ھېساپلىنىدۇ. تەڭرى چۈشەنچىلىرى ئىلاھى ئوبرازلار بىلەن ئەمەس، سەركەردە- باتۇرلىرى بولغان ساماۋى ئىمپىراتۇرلار شەكلىدە زېمىندىن ئاسمانغا كۆچۈرۈلگەن بولىدۇ. پادىشاھقا قۇللۇق ۋە سادىقلىق ئەڭ ئالى پەزىلەت دەپ قارىلىدۇ ۋاھاكازا.

دەرۋەقە بۇ ئۈچ خىل مەدەنىيەت تىپى بىر- بىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدىغان تۈمۈر تاختا بولمىسىمۇ، ئەمما ئۆز تىپلىرى بويىچە، بىرىنىڭ يەنە بىرىنى چۈشىنىپ يېتىشكە بولىدىغان مەنتىقلىق، روھىيەتلىك، ئادەت- يوسۇنلۇق، مىجەز- خاراكتېرلىك

چەكلىمىسى ئېغىر بولۇپ، بىرى بىرىگە غەلىتە تۇيۇلىدۇ. بۇ تەرجىمانىمۇ ھەل قىلالمايدىغان دائىرىدۇر.

خەلقىمىز يېقىنقى بەش ئەسىر مابەينىدە ئىككى قېتىم ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت تىپى ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ ئېغىر بۆھرانىغا ئۇچرىدى.

ئۇنىڭ بىرى، ئاپپاق خوجا ئەۋجىگە كۆتۈرگەن خوجا- ئىشانچىلىقنىڭ مىللى مەدەنىيەت ئىنكارچىلىقى بىلەن دالايلاما- جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى ئالدىدىكى ساتقۇنلۇقلىرى تۈپەيلى يۈز بەرگەن مەدەنىيەت ۋەيرانچىلىقى ۋە مەدەنىيەت قاششاقلىقىدىن ئىبارەت. بىز بابارەھىم مەشرەپ، مۇھەممەد سىدىق زەلىلى، مۇھەممەد بىننى ئابدۇللا خاراباتى، خوجا جاھان ئەرشى ۋە فۇتۇھىدەك گۇمانىستىك شائىرلارنىڭ سەرگەردانلىق دەشتىگە تاشلىنىشى ۋە قەتل قىلىنىشى، كاللا مۇنارلىرىنىڭ تىكلىنىشى، كىتاپ- دەستۇرلارنىڭ كۆيدۈرۈلىشى، مۇرت- قۇلچىلىقنىڭ ئەۋجەرەپ كېتىشىدىن ئۇنىڭ بەزى تەرەپلىرىنى كۆرەلەيمىز.

ئۇنىڭ يەنە بىرى، ئۇچىغا چىققان سول ئىدىيىلەرنىڭ ئەنئەنىۋى شەرق مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى قىرقىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا نوقۇل «ياۋرۇپا مەدەنىيىتى»- ياۋرۇپا پەلسەپىسى، تارىخى، ئەدەبىياتىنى دەسسىتىشتە ئىپادىلەنگەن مەدەنىيەت ئىنكارچىلىقىدىن ئىبارەت. نەتىجىدە «ئۆلىمالىق ئەرەپچە»، «ئەپەندىلىك غەرپچە» دېگەندەك ھالەت بىلەن، «ئۆزىنى ئۇنتۇپ ئۆزگىنى بىلمەك»، «ھەقىقەت پەقەت چەتنىڭ دېمەك» دېگەندەك ھالەت شەكىللەندى. بىز پەقەت قەيسىرانە كۆرەش بىلەن 1980- يىللاردىن كېيىنلا ئۆزىمىزنىڭ پەلسەپە تارىخى، مەدەنىيەت تارىخى، سەنئەت تارىخى، كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىمىزنىڭ كۆمۈلۈپ تاشلانغان ۋە ئۇنتۇلغان تارىخى خەزىنىسىنى ئاچتۇق. شۇنداقتىمۇ مىللىتىمىز، ھەتتا ئۇقۇمۇشلۇق كىشىلىرىمىز تېخى مەدەنىيەت تىپىمىز ۋە خەزىنىمىزدىن يېتەرلىك خەۋەردار ئەمەس. ئۇلار ئىچكى ۋە سىرتقى تەرەپتىن كېلىدىغان ئىنكارچىلىق، سولچىللىق، قاتماللىق ئىدىيىۋى بېسىملىرى ئالدىدا لەقۋالىشىپ، پالەچلىشىپ، خۇددى خىروئىنغا ئۆگىنىپ قالغان ئادەمگە ئوخشاش يەنە ھېلىقى «سول» خىروئىنىنى چەكمىسە تىترەپ- تاتىرىپ تۇرالمايدىغاندەك ئېغىر زەھەرلەنگەنلىكلىرىنى كۆرسەتمەكتە. بۇ، خەلقىمىزنىڭ «ئىجتىمائىي مىللەت» لىككە كۆتۈرۈلىشىگە زامىن بولماقتا.

قېنى ئويلاپ كۆرۈڭچۇ، مەنسەپ تاپسا ئۆيمۇ-ئۆي زىياپەت، پۇل تاپسا مەككە - مەدىنىگە زىيارەت، بۇ ئىككىسى بولمىغاندا كاللا- پاقالچاق، ئۆپكە- ھېسىپ چاغلىق

تىجارەتتىن باشقىسىغا قۇربىتى يەتمىگەن خەلقنىڭ ئەسىر ئالماشقان بىلەن رىسقى-نېسىۋىسى ئالمىشارمۇ؟!

دەرۋەقە، مىللەتنىڭ ئۆيۈشۈش كۈچى ئۇنىڭ تۈركۈم ئېڭى ۋە ئۆز مىللى مەدەنىيەت تىپى تەرىپىدىن پەرۋىش قىلىنىدۇ. ئۆيۈشۈش كۈچىنى ئىنكار قىلىپ ھەرقانداق مىللىي تۈركۈمنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. ئۆيۈشۈش كۈچىنى يوققا چىقىرىش مىللەتنى ھالاك قىلىش دېمەكتۇر. مىللەتنىڭ بىرقانچە مىڭ يىللىق تارىخى ئۇنىڭ ئۆيۈشۈش كۈچىنىڭ ئۇنى چېچىۋەتكۈچى كۈچتىن غەلىبە قىلىشى ئاساسىغا بەرقارار تاپقان تارىختۇر. يېقىنقى بەش ئەسىردىن بۇيان دىنىي مەزھەپچىلىك بىلەن مۇرت-مۇخلىسلىق، يۇرت- مەھەللىۋازلىق، موللام ياكى ئەپەندىلىرىمىزدىكى كىچىك گورۇھۋازلىق، ئەل غېمىنى مۇز دەرياغا پىرقىرىتىپ چۆرۈۋەتكەن مەنسەپ- باللداق ھېرىسمەنلىكى، تۈركۈم ئېڭى ۋە مىللى مەدەنىيەت ئىنكارچىلىقىنىڭ تەلۋە دەبدەبىلىرى بىلەن دەل-دەرەخسىز جەزىرىدىكى قۇيۇنتازدەك مەسئۇلىيەتسىز پىتنە- ئىغۋا تۆھمەتخورلىقى قاتارلىق ئالتە زەھەر تۆپەيلىدىن «ئوغۇز سۈتىدەك ئۇيىماق» دېگەن مەنىدىكى «ئۇيغۇر»لار ئاخىرقى ھېساپتا ئۆيۈشۈش كۈچىنى «ئېچىغان سۈت»كە ئايلاندۇرۇپ قويدى. نەتىجىدە ئىسمىمىز ئۇيغۇر، ئىشىمىز ئۇرغۇي» بولۇپ چىقتى!

تارىخىمىزنىڭ ئېپتىخارلىق سەھىپىلىرى بىر- بىرىدىن مەلۇم دەرىجىدە پەرقلەنسىمۇ، ئەمما بىر قەدەر كۈچلۈك ئۆيۈشقاقلىق ئۇلىدا جىلۋىلەنگەندى. ئۇيغۇرلار دىغار، ھون، تېلى قەبىلىلىرى بىلەن توققۇز ئوغۇزلارنى بىرلەشتۈرۈپ جۇجان ۋە كۆك تۈرك خانلىقىنى غولىتىپ، تاڭ سۇلالىسى سەلتەنەتىنى ئۆكلۈك- سۆيگۈن قوشۇنلىرى بىلەن تۆپۆتلارنىڭ تالاڭ قىلغۇچ مۇھاسىرىسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، يىپەك يولىنى نەچچە قېتىم ئۈزۈپ قويغان كۈچلەردىن تازىلاپ، سامانىيلارنى مۇنقەرز قىلىپ، ئۆز تەسىرىنى ئەرەپ خەلىپىلىكىگە كېڭەيتىپ، ئۆز تىلىنى ئىمپېرىيە تىلى- ئەرەپ تىلى بىلەن «بەيگىدىكى ئاتتەك» مەرتىۋىگە كۆتۈرۈپ ئىچكى ئۆيۈشۈش ۋە سىرتقا قارىتا بىرلىك-ھەمدەملىكىنىڭ شاراپىتىنى نامايىش قىلغانىدى. ۋەھالەنكى، ئىسكەندەر زۇلقەر نەيىنى چېكىندۈرگەن، ساك، سوغدىلارنى ئۆزلەشتۈرگەن، چىڭگىزخان سەلتەنىتىگە مەنىۋى ئوزۇق بېغىشلىغان بۇ خەلق كېيىنچە ئەھمەتشاھ قارىقاشىنىڭ «ئات ھەققىدە مۇخەممەس» ناملىق ساتىراسىدىكى ئەبگا «ئات» ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى! بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر مىللىي تۈركىمىنىڭ ئۆيۈشۈش كۈچى پەقەت مۇقام - مەشرەپ، تىل-ئەدەبىيات، توي- تۆكۈن، ئۆلۈم- يېتىم، ھېيت- ئايەمنى ۋاستە قىلغان ئاددى- تەبئىي

ئېتنولوگىيىلىك ئالامەتلەردىلا قالدى.

## ئەنئەنە ئىزچىللىقى ۋە يېڭىلىق قىزغىنلىقى

ئەنئەنە ئىزچىللىقى ئەنئەنە قاتماللىقى ئەمەس، ئەنئەنىنىڭ راۋاجلانغان تارىخىي قاتلاملىقىدىن ئىبارەت.

_____ خىيال دەپتىرىمدىن (ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن)

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن:

يېقىنقى يىللاردىن بېرى مەدەنىي ھاياتىمىزدا ھاكىممۇتلەقلىق دىكتاتورا بولۇپ، يىپەك يولىدا قايتا ئويلىنىشقا تېگىشلىك بولغان يەنە بىر مۇھىم تېپىشماق، مىللەتنىڭ ئونۇبىرسال ئەۋزەل رىقابەت ئىقتىدارى، باشقىچە ئېيتقاندا مىللەتنىڭ مىللىيەتلىك قىممىتىنىڭ مۇھىم بىر تارىخىي يىلتىزى ھېساپلانغان ئەنئەنە ئىچىللىقى مەسىلىسىدۇر.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى مەدەنىي ھاياتىمىزدا ھاكىممۇتلەقلىق دىكتاتورا بولۇپ، بارلىق جانلىق، مۇنەۋۋەر ئىدىيىلەرنى چەيلەپ كەلگەن ئىنتايىن «سول»چىل ئىقىملىرىنىڭ يىمىرىلىشى، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىپ ئېچىۋېتىش ۋە ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئەگىشىپ، بىزگە ھەرخىل مەدەنىيەت تەشەببۇسلىرى كەلكۈندەك ئېقىپ كىردى. يىپەك يولىنىڭ قايتا ئېچىلىشى، بازار ئىگىلىكى سىستېمىسىنىڭ مەدەنىيەت تاۋارى ۋە مەدەنىيەت بازىرى بەرپا قىلىش تۈرتكىلىرى نەتىجىسىدە مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى بىلەن يېڭىلىققا قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسىدە كەسكىن سوقۇلۇشلار يۈز بېرىشكە باشلىدى. خەلقىمىزگە قارىتىلغان «كونا ئەنئەنە ۋە مىراسلىرىدىن ئېپتىخارلىنىپ ئەس- ھوشىنى يوقۇتۇپ قويۇش»، «يۇسۇپ خاس ھاجىپ بىلەن مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئىككى ئەسىرىنى قۇچاقلاپ يېتىۋېرىش» دېگەن سۆزلەرمۇ، «يېڭىلىقنى قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولۇپ، تارىختا، ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىش ئىقتىدارى ئاجىز» دېگەن سۆزلەرمۇ مۇھاكىمە مۇنبىرىگە چىقتى.

ئېيتىش كېرەككى، ئەجداتلىرىمىزدا قەدىمكى يىپەك يولى گۈللەنگەن زامانلاردا، بىرى تەرەپتىن، چەتكە، يېڭىلىققا، غەيرى ۋە ئەجابى نەرسىلەرگە قىزىقىش روھى ئۈستۈن بولغان، بۇ روھىيەت تۈپەيلى، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت بېكىنمىچىلىكىنى يېڭىپ «غەربى

يـۇرت» قـا خـاس مەدەنـيـەت ئۇسـلۇبى، مەدەنـيـەت قوشۇلمسـنى يارتـپ جاهـان مەدەنىيىتىگە تۆھپە قوشقان. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلار ئۆز مەدەنىيەت تىپىنى ئۈنۈمدىكى يادرولۇق تىپىك ئىرسى ئەۋزەللىك ۋە خاسلىقنىڭ ئەنئەنىۋى خەزىنىسىنى كۈچەيتىشنى مەقسەت قىلىپ، بارلىق غەيرى خەلقلەر مەدەنىيەتلىرىنى ئۆزىگە ئۆزلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرغـان. بىـز خوتەنـدىن قۇمـۇلغىچە بولغـان بـۇددا- مـانى رەسسـاملىق سـەنئەت يادىكارلىقلىرىغا نەزەر سالساق گرېك- ئىران- ھىندىستان تەسۋىرى سەنئەت ئۇتـۇقلىرىنى ھەزىم قىلىپ، ئۆز مىللىتىنىڭ قىياپەت- تۇرمىشىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ھەممە جەھەتتە ئۆزى ھەزىم قىلغان سەنئەت ئۇتۇقلىرىدىن ئىشىپ، ئۆز ئالدىغا خاس تەۋرىي سەنئەت سىستېمىسى ۋە ئىجادىيەت ئۇسلۇبى تىكلەپ، دۇنيا رەسساملىق سەنئىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى ياراتقانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ، بىزگە «ئەنئەنىگە ۋارىسلىق» بىلەن «يېڭىلىق قوبۇل قىلىش» نىڭ مىللەتنىڭ تۈركۈم ئىككى، مىللىيەتلىك قىممىتى ۋە مەدەنىيەت سۈپەتلىرىگە توغرا تاناسىپلىقنى، تۆپكى جەھەتتە گاڭگىراپ قالغان مىللەت جۇزئىلىك جەھەتلەردىمۇ گاڭگىراق قالىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

يېقىنقى بەش ئەسىردىن بېرى، مەدەنىيەت تارىخىمىزنى، ھەتتا ئىلگىركى ئىتتىقادلاردىكى ئەجداتلىرىمىزنى ئىنكار قىلىشقا، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمىزنى خانىۋەيران قىلىشقا، چەتئەللەرگە سېتىشقا بېرىلدۇق. تاكى مۇشۇ ئەسىر باشلانغىچە دۇنيانىڭ، بولۇپمۇ غەرپنىڭ پەن-تېخنىكا ۋە دېموكراتىك ئىدىيە ساھەسىدىكى يېڭىلىقلىرىدىن خەۋەرسىز قالدۇق. بىر زامانلاردا فېئودال بېكىنمىچىلىك ئاسارىتىدە ياۋروپا ماللىرىنى «شەيتان تېرىسى»، «شەيتان ھارۋىسى» دەپ قارىدۇق. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆز غەزەللىرىدە بۇ خىل روھىيەتنى راسا ياخشى سۆرەتلەپ بەردى. ئەمما بىز ئارىمىزدىن چىققان يېڭىلىق پەرۋەر دانالىرىمىزنىڭ بېشىغا چىقمىغۇچە تىنچىمىدۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن، بولۇپمۇ 30-، 40- يىللاردىن كېيىنكى زامانلاردا سوۋېت روسىيىسى ئارقىلىق ئۆزگەرتىلگەن شەكىلدە بىزگە يېتىپ كەلگەن يېڭى پەن-مائارىپ بىلەن تونۇشتۇق. بۇ ياخشى باشلىنىش بىر مورىسى يوق كاپىتانەك ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت تارىخىمىز ۋە مەدەنىيەت تىپىمىزنى دىققەت- ئېتىبارىدىن چەتلەشتۈرۈپ قويدى. بارا-بارا بىز شەرقنى، ئۆز مەدەنىيەت تىپىمىزنى، ئۆز يىلتىزىمىزنى ئۇنتۇپ، غەرپنىڭ شەرقتىكى قوشۇمچىسىغا ئوخشاپراق قالدۇق! يېقىنقى يىللاردىن بېرىقى سىرىتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش بىلەن سوۋېت روسىيىسى ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ئۇلۇغ ئوكيان ۋە دېڭىز ياقىسىدىكى ئۆلكىلەر ئارقىلىق چايقىلىپ كەلگەن غەرب مەدەنىيىتىگە دۇچ كەلدۇق.

نەتىجىدە، گاڭگىراشتىن توختىماي تۈرۈپلا يەنە گاڭگىراشقا كىرىشتۇق. بىر مۇنچە كىشىلىرىمىز بۇرۇنلا ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت تىپى ۋە مەدەنىيەت ئەۋزەللىكلىرىنى ئۇنتۇشقا كىرىشكەن قېرىنداشلىرىمىزنى دوراپ، يامغۇرنى كۆرۈپلا غۇلاپ چۈشۈپ پاتقاققا ئايلانغان كېسەك تامغا ئوخشاپ قالغىلى قوپتى. ھەرخىل چاچ بوياق- پاسونلىرى، غەرپلىكلەرمۇ تازا ياخشى قاراپ كەتمەيدىغان قۇرت- قوڭغۇز شەكىللىك كىيىملەر، مىللىي ئۇسۇللىرىمىزنىڭ لاتاپىتىگە زىر غەلىتە ھەركەتلەر، مۇھەببەت- نىكاھ مۇناسىۋىتىدىكى شەرمى-ھايا گۈزەللىكى ۋە مىللىي ئەخلاققا زىت ئوچۇق سورۇنلاردىكى غىلجىڭ-لاملىقلار خەلقنىڭ ھال- ئەھۋالىدىن چەتلەپ كەتكەن شېئىرىي ۋايساشلار «ئىچى غال-غال، تاشى پال-پال» پەرداش مەدەنىيىتىگە دۈم چۈشۈش، زەھەرلىك چېكىملىككە بېرىلىش... قاتارلىقلار مەدەنىيەت بوسۇغىمىزنى بۆسۈ ئۆتۈپ، روھىيەت سارايىمىزنى بولغاشقا چۈشتى.

مېنىڭچە، مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى دېگەندە تارىخىمىزنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدا يۇقتۇرۇۋالغان مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ كامالەتكە يۈزلىنىش روھى بىلەن ھەرقايسى دەۋرلەردە زامانىۋىلىشىش قەدەملىرىگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان نەرسىلەرگە ۋارىسلىق قىلىش دېگەن مەنىنى ئۇقتۇرمايدۇ. شۇنىڭدەك، مەدەنىيەت توقۇنۇشى ھاسىل قىلغان چەتتىن كىرگەن غەيرى مەدەنىيەت تىپلىرى دېگەندە، بىز مىللەت ۋە دۆلەتتىن ھالقىغان پەن- تېخنىكا بىلەن ئىگىلىك باشقۇرۇش بىلىملىرىنى نەزەردە تۇتمايمىز. مېنىڭچە، يەنە ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت تارىخى، مەدەنىيەت تىپى، مەدەنىيەت نەتىجىلىرى بىلەن ھەرقايسى مىللەتلەر، دۆلەتلەر، رايونلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخى، مەدەنىيەت تىپى، مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى بىلىش، تەتقىق قىلىش، «ئۆزىدىنمۇ، ئۆزگىلەردىنمۇ خەۋەردار بولۇش» ھېچقانداق مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان بىلىش ھادىسىسى ھېساپلىنىدۇ. مەسىلە، باشقا مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلىش، باشقا مەدەنىيەت بىلەن ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت مۇناسىۋىتىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشتا گەۋدىلىنىپ چىقىدۇ. بۇ ھەقىقەتەن جىددى مەسىلە.

ئېيتىش كېرەككى، ھەربىر مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى باشقا مەدەنىيەتلەر بىلەن ئۆز زامانىسىنىڭ مەدەنىيەت موھىتىدىن ئوزۇقلىنىشقا، ئۆز- ئۆزىنى جارى قىلىپ يېنىمۇ راۋاجلاندۇرۇشقا مۇھتاج، مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ئوزۇقلانمايدىغان ھەيكەل ياكى قاماپ قويۇلغان مەھبۇس ئەمەس.

ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇق قىممىتىنىڭ مەنىۋى ئۇلى،

مىللەتنىڭ ئەۋزەل رىقابەت ئىقتىدارىنىڭ ھاياتى بولىقى، دۇنيا مىللەتلىرى مەدىنىيەتلىرى ئارىسىدا ئۆزىگە خاس قەد كېرىپ تۇرۇشنىڭ ئاساسىي. بۇنداق ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى ئوزۇقلاندۇرۇپ، راۋاجلاندۇرۇپ، كەڭ- كۆلەمدە جارى قىلىش بىلەن ئۇنى يەنە باشقا مەدەنىيەت تىپلىرىنىڭ نابۇت قىلىۋېتىشىدىن ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت ھەر ئىككى تەرەپنى بىرلىكتە ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك؟ بۇ مۇرەككەپ مەسىلە.

بىز ھەرخىل مەدەنىيەتلەر ئۇچراشقاندا، بۇ مەدەنىيەتنىڭ سىياسىي ياكى باشقا جەھەتلەر بىلەن تەڭداش مەۋقەدە بولمىغانلىقىنى كۆرىمىز. شۇڭدەك بىز مەدەنىيەتلەر ئۇچراشقاندا بىر- بىرىنى چەتكە قېقىش، بىر-بىرىدىن گۇمانلىنىش، تاللاپ قوبۇل قىلىش، ئۆزگەرتىپ ھەزىم قىلىش، ئۆزىنى كۈچەيتىپ، ئەسلىدىكى مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىن ئېشىپ كېتىش، دۇنياغا يۈزلەنگەن ئالەمشۇمۇل مەدەنىيەت نەتىجىلىرى يارىتىش جەريانلىرىنى بېسىپ ئۆتىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. تارىخ ھاكىمىيەت قۇدرىتى ئۈستۈن مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەتتە ئۈستۈن مىللەتلەر تەرىپىدىن ئۆزلەشتۈرۈلگەنلىكىنى، مەدەنىيەت ئۈستۈنلىكى ھەممە ئۈستۈنلۈكلەرنىڭ قۇدرەتلىك، ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھەردائىم ئىسپاتلىدى.

مەن غەيرى مەدەنىيەتلەرنىڭ تىپىك، خاسلىققا ئىگە يادرولۇق قىسىملىرىدىن باشقا، ئۆز مەدەنىيىتىگە يېقىن، ئۆز مەدەنىيىتىگە سىڭىشلىق ۋە يارىشىملىق قىسىملىرىنى تەدرىجى قوبۇل قىلىپ ئۆزلەشتۈرۈش بىلەن غەيرى مەدەنىيەتلەرنىڭ تىپىك، يادرولۇق ئالامەتلىرىنى كەسكىن پەرقلەندۈرۈش كېرەك دەپ قارايمەن. مىللىي ئۇسۇللىرىمىزغا زورلاپ كىرگۈزۈلگەن «پۈت كۆتۈرۈش»، «قىزنى كۆتۈرۈپ پىرقىرىتىش»، قاتارلىق ھەركەتلەرنىڭ سىڭىزلىق بولماسلىقىدىكى تۈپ سەۋەپ، دەل ئۇنىڭ بالېت ئۇسۇللىرىنىڭ تىپىك- يادرولۇق ھەركىتى بولغانلىقىدۇر. ئەزەلدىن بىرخىل مەدەنىيەت باشقا- باشقا ئىككى يادرولۇق تۈزۈلمە تۈزگەن ئەمەس. تەكىتلەش ھاجەتكى، غەيرىي مەدەنىيەت تىپلىرىدىن قوبۇل قىلىنغان ھەرقانداق تەسىر ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت تىپىنى كۈچەيتىش، راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن بولۇپ، مۇنداقا راۋاجلاندۇرۇش ئۆز مەدەنىيىتىنى ئۇنىڭ ئۆز يادروسى، تۈزۈلمىسى ۋە تىپى بويىچە زامانىۋىلاشتۇرۇشنى مەقسەت ۋە ئۆلچەم قىلىشى كېرەك. شۇ چاغدىلا، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ تۇراقلىق ئەنئەنىۋى سېستىمىسى ۋە راۋاجلىنىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ.

# نەزەرىيىۋى تەپەككۇر- رىقابەت جەڭگاھىدىكى كۆچتۈڭگۈر

بىزنىڭ بارلىق پەزىلەت ياكى ئىللەتلىرىمىز بىلەن قۇدرەت ياكى زەئىپلىكلىرىمىز نەزىرىيىۋى تەپەككۇر دەرىجىمىز بىلەن تۇتاشقان.

_____ خىيال دەپتىرىمدىن (ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن)

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن:

يىپەك يولىدا قايتا ئويلىنىش تۇپ ماھايىتى جەھەتتىن يىپەك يولى ھادىسىلىرى ئۈستىدىكى نەزەرىيىۋى تەپەككۇر پائالىيىتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. تارىخ ئۆز ھادىسىلىرى، ۋەقەلىرى، يىلنامىلىرى جەھەتتىن ئۆتمۈشكە، تەكرارلانماس تارىخىي ئىزغا ئايلىنىدۇ. ئەمما تارىخىي ھادىسىلەر ئىچكە يوشۇرۇنغان ماھىيەتلەر، قانۇنىيەتلەر، تارىخ مەنتىقىلىرى «ئۆلمەيدۇ»، رىياللىق قوينىدا تىرىك، كەلگۈسىنىڭ ئۇلىنى راسلايدۇ. نەزەرىيىۋى تەپەككۇر دەل ئۆلمەس تارىخنىڭ بىلىۋېلىنغان ئاڭ شەكلىدىن ئىبارەت. بۇنداق نەزىرىيىۋى تەپەككۇردىن مەھرۇم ھالەتتە مىللەتنىڭ كامالەت دەرىجىسىنى يۇقىرىغا كۆتۈرۈش، ئۇنىڭ قىممىتى ئىقتىدارى، نىسۋىسىنى ياخشىلاش مۇمكىن ئەمەس. بىزنى ئەزەلدىنلا قايناق ھېسسىيات تۇرتكىسىدە نەزەرىيىۋى تەپەككۇر، ئەقىل- پاراسەت تەمكىنلىكىدىن ئايرىلىپ، تەلۋىلەرچە قارىسىغا دەسسەپ كەلگەن خەلق دېيىش ئادالەتسىزلىك. خەلقىمىز ۋە قېرىنداشلىرىمىزدىن خېلى نۇرغۇن تەبىئەتشۇناسلار، تىبابەتشۇناسلار، ماتېماتىكا، لوگىكا ۋە تىل ئالىملىرى، پەيلاسوپ- مۇتەپەككۇرلار، بىناكار سەنئەتشۇناسلار يېتىشىپ چىققانلىقى ھەممىگە روشەن، شەرقتە كومراجىۋا، غەرپتە ئەل فارابى، شىمالدا تاتۇڭا، جەنۇپتا ئەبۇ رەيھان بىرونى ئالەمشۇمۇل شۆھرەت قازانغان ئالىملار ئىدى. قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ خارابىلىشىشى، فېئوداللىق بىكىنمە ھالەت تۈپەيلى نەزەرىيۋى تەپەككۇر ئەۋزەللىكىنى يوقاتتۇق. ئۇلۇغبېك ۋاپاتىدىن كېيىن، ئەدىپ- شائىرلىقتىن باشقا بىزدە كۆرۈنگەن ئالەمشۇمۇل تەبىئەت ئالىملىرى چىقمىدى. مەنىۋى مەدەنىيەت خەزىنىمىز ھېسسى سەنئەت ۋە ئەدەبىياتنى بىردىنبىر ئىپتىخار پەللىسى قىلىشقا مەجبۇر بولدى. قولىمىزنىڭ يەتكىنى ئۇسۇل دېمىمىزنىڭ يەتكىنى ناخشا بولدى! شۇ زامانلاردىكى ناخشا- غەزەللىرىمىزگە قاراپ كۆرەيلىچۇ، ئاساسلىقى «ۋاھ، دەرىخا» دېگەندەك نالەشتىن يىراقلاشمىدى.

بىز «ئېتنولوگىيىلىك مىللەت» كاتېگورىيىسىدىكى «ناخشا- ئۇسۇل مىللىتى»،

«شېئىر مىللىتى» بولۇپ قېلىشۇردۇق. بوياقچىدىن ئارتۇقراق خىمىك، تۆمۈرچىدىن ئارتۇقراق فىزىكلىرىمىز بولمىدى...

سەنئەتتە داڭ چىقارغان، سەنئەتكە يۆلىنىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان سىگانلارنىڭ ئاقىۋەتتە يۇرت ماكانسىز جاھان كېزىپ، تىلەپ- تىرىپ ياشاشقا چۈشكەن لاماكانلىقى بىلەن، تارىخ بورانلىرىدا چېچىلىپ، جەڭ- جېدەللەردە قىرىلىپ ھالى قالمىغان يەھۇدىلارنىڭ ئىتىقاد، نەزەرىيىۋى تەپەككۇر ۋە ئۆتكۈر پەنلەرگە بولغان يۈكسەك ئېتىبارىدىن «ئالىملار مىللىتى»، «قۇردەتلىك، زامانىۋى مىللەت» كامالىتىگە يەتكەنلىكىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرمىدۇق.

«شېئىر مىللىتى» دېگەن نام بىلەن «تالانتلىق»، «ئاتاقلىق» ئىبارىلىرىگە مەست بولۇپ، بۇ جەھەتتىكى ئۇتۇقلىرىمىز نېمشقا مىللىتىمىزنى «ئېتنولوگىيىلىك مىللەت»دىن ھېچ بولمىغاندا «ئىجتىمائىي مىللەت»لىك ماقامىغا كۆتۈرمىگەنلىكىنى ئويلاپمۇ كۆردۇقمۇ؟ ياكى ئۆز ھالىتىمىزدىن خەۋەرسىز دۇنياغا تونۇلىمىز دەپ يۈرۈپتىمىزمۇ؟!

دەرۋەقە، بىر قاتار ئەدەبىيات تومىلىرىنى نەشىر قىلدۇق، ئەمما ئۇلار بىلەن  ھەقىقى رىياللىقىمىزنىڭ «ئۈچەي- باغرى»نى قانچىلىك سىزىپ بېرەلىدۇقكى؟! ھېچ بولمىغاندا ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرى، مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا  ياشىغان ئەدىپىمىز تەجەللىدىن كېيىنكى ئەدەبىيات ئىجادىيىتىمىزدە ئىلگىرىكى قەلەمكەشلىرىمىزدىن ھالقىغان ياكى پەرقلەنگەن قايسى تەپەككۇر يېڭىلىقنى، قايسى ھېكمەت دۇردانىسىنى ئوتتۇرغا قويۇپ، ئەقلى بىلىش تارىخىمىزغا تۆھپە قوشتۇق؟! ئەدەبى ئوبزورچىلىق مۇشۇ سۈزۈك مەسىلىلەرنى ئەينەك قىلىپ، ھەق- ناھەق نەرسىنى ياڭرىتىپ ھالىمىزغا غەمگۇزار بولالىدىمۇ؟! بىلمىدىم، قەلەمكەشلىرىمىزنىڭ قەلەملىرى بورىۋايدەك نېفىت قاتلاملىرىغا- ھەقىقىي ھال- ئەھۋالىمىزغا يەتمەي، قۇرۇق تاش- توپا قاتلاملىرىدا پىرقىراپ سۈرمەللىشىپ كەتتىمىكى؟!

مىللى مائارىپىمىز ھەممە سەپ بويلاپ كۈچەۋاتىدۇ، ئەلۋەتتە. ئەمما، شەخسى تۇرمۇشىنىڭ چىقىش يولى غېمىدە دىپلوم ۋە خىزمەتكە ئېرىشىۋېلىش ئاساسىي قىزغىنلىق بولۇپ تۇرغاچقا، ھەقىقى قېتىرقىنىپ ئوقۇش بىلەن قاتتىق پەنلەر ۋە كەسىپلەرگە قاتتىق ئۆرۈنۈش، نەزەرىيىۋى پەنلەر بىلەن ئۆتكۈر تېخنولوگىيە پەنلىرى قورغىنىنى ئىگىلەش ھېلىمۇ مائارىپ ئەمەلىيىتىمىزنىڭ مەركىزى نوقتىسى بولغىنى يوق. ئەكسى ھالدا ئوقۇغۇچىلىرىمىز ۋە ياشلىرىمىزنى ھاراقكەشلىك، زەھەرلىك چېكىملىك، قىمارۋازلىق ۋە بىكارتەلەپلىك قاتتىق قورشاشقا تۇتۇندى!

مىللەتنىڭ ئائىلە قاتلىمى خىلىلا بىسەرەمجان. ئاغزىدىن ئاق سۈت تېمىپ تۇرغان پەرزەنتلىرىمىز سەبى چاغلىرىدىن باشلاپ مىللەت گەۋدىسىدىكى ئىللەتلەر بىلەن يۇقۇملىنىپ تۇرماقتا. مىللەتنىڭ مەنىۋى قىياپىتىگە داغ چۈشۈرىدىغان تۇرقى- ھالەت، يۈرۈش- تۇرۇش، سۆز- ھەركەت، خۇلۇق- مىجەز قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئىزىلەڭگۈلۈك، قوپاللىق... قاتارلىق خۇنۇكلىكلىرىمىز رىقابەت ئىقتىدارىمىزغا، قەدىر- قىممىتىمىزگە ئېغىر تەسىر كۆرسىتىپ تۇرماقتا. بۇ جەھەتتە مەكتەپ ۋە جامائەتچىلىك تەربىيىسى ئېلىپ بارالىغىنىمىز يوق.

مىللەتنىڭ ئويۇشۇش كۈچى ۋە ھەمدەملىكىنى پارچىلاۋاتقان ئىللەتلەرنى، جۈملىدىن مۇنەۋۋەر كىشىلىرىمىزنىڭ جامائەت ئىچىدىكى يۈكسەك تەسىرى ۋە تەشەببۇسلىرىنىڭ ئىلھامبەخش كۈچىدىن چۆچۈپ ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان پىتنە- ئىغۋا تۆتەكلىرىنى پەرق ئېتىش- ئېتەلمەسلىكىمۇ نەزەرىيۋى تەپەككۇر ئېگىزلىكىدىكى ئەقىل- پاراسەتكە باغلىق. بۇنداق ئەقىل- پاراسەت بولمىغاندا، ھابىلنى ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرۈپ، ئۇنى باشقىلار تىلى بىلەن ئادىل ئۇردى دەپ غاپىل كىشىلەرنى قايمۇقتۇرىدىغان جاھىل ئىغۋاچىلارنى تونۇپ يەتكىلى بولمايدۇ. كىيىنكى بەش ئەسىردىن بۇيان بۇ ئىشتا ھەسسىلەپ بەرگەن قۇربانلىرىمىز ئازمۇ؟! ئەلۋەتتە، ئېغىر ئەمەلىرىمىز تۆپەيلى، خەلقتە گۇمان، ئەندىشە، غەزەپنىڭ شۇ قەدەر كۈچىيىپ كەتكەنلىكىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئامما ئەقىل- پاراسەتسىز غەزەپ بىلەن ئۆز پۇتىمىزغا پالتا چاپىمىز، خالاس. سۇلتان ئابدۇرەشىتخاننىڭ ئەنە شۇنداق ئىغۋاغا ئالدىنىپ سادىق دوستى مىرزا ھەيدەرنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقى بىلەن، مەزەمزات سۇلتاننىڭ شۇ خىل بۆھتانغا ئىشىنىپ سەردار ئابدۇرۇسۇل بەگنى قەتل قىلىپ، مەھمۇد پوچىنىڭ قاپقىنىغا چۈشۈپ قالغانلىقى پەقەت بۇ جەھەتتىكى ئىككىلا مىسال. كاللىندار سەھىپىلىرى تارىخنىڭ يەنە قانداق ئويۇنلىرىنى كۆتۈپ تۇرىشىدىن قەتئىي نەزەر، بىزدە يېتەرلىك تەپەككۇر قابىللىقى بولىسى كېرەك، ئەلۋەتتە!

## خاتىمە. ئاچچىق ھەقىقەت، چەكسىز مۇھەببەت

ھەقىقەت تولىمۇ ئاچچىق نەرسە بولۇش بىلەن بىللە، ئۇ يەنە پۈتكۈل شېرىنلىكلەرنى پەرۋىش قىلغۇچى ئۇلۇغ باغۋەندۇر.

_____ خىيال دەپتىرىمدىن (ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن)

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن:

سىز بىلەن بۇ قىممەتلىك سۆھبەتلىرىم ئاخىرلىشىش ئالدىدا سىزگە خۇددى تاھارەت بىلەن روكۇدا ئولتۇرغاندەك ۋىجدانىي ئەقىل- تەپەككۇر تىلەيمەن. سىزگە روشەنكى، يىپەك يولىدا قايتا ئويلىنىدىغان نەرسىلەر ناھايىتى نۇرغۇن ۋە كەسكىن. بۇ ھەقتە ئۆزىڭىز مەن كۆزىتەلمىگەنلەرنى كۆزىتىڭ، مەن ئويلاپ يېتەلمىگەنلەرنى ئويلاپ يېتىڭ...

يىپەك يولى قايتا ئېچىلدى. ئۇ ئاللاقاندىقتۇر ئەتلەس- كىمخاپلار تاۋلانغان، پەرۋاز قىلساق قاناتلىرىمىزغا چاڭ-توزان قونمايدىغان، بىزگە چوقۇم يەنە بىر قېتىم دۇنياۋى شۆھرەت ئاتا قىلىشنى قارار قىلغان يول ئەمەس. ئۇ، ھازىرقى زاماندا يۈز بېرىشكە باشلاپ، كەلگۈسىدە داۋام قىلىدىغان كەسكىن رىقابەت جەڭگاھى، غالىپنى گۈللەندۈرۈپ، مەغلۇبنى گۇمران قىلىدىغان قىسمەت دەرگاھىدۇر. بۇ يولدا سىزگە ئۆز ئەقىل- ئىدراكىڭىزدىن باشقا ھېچقانداق خىزىر رەھناما ئەمەس.

ئەلۋەتتە، ئۈمىدلىك بولۇڭ. بىلىڭكى، يېنىڭىزدا ئۈمىدتىن باشقا رۇستەمى پالۋان ھەمراھ ئەمەس. يېڭى يىپەك يولىمۇ ئەگرى- توقايلىقلار، ناتەكشى ئىلگىرلەشلەر ئىچىدە ئۆزىنىڭ تارىخى ھېكايىسىنى يازىدۇ. ئۇنىڭ تاسقاشلىرى قاتتىق، ئۇنىڭ ئەگلەكلىرى قويۇق. مەلۇمكى، ئۈمىد ئەزەلدىن بىخارامانلىق بىلەن چىقىشالىغان ئەمەس. ئامېرىكا مۇھلېنبىرگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىرافېسورى ئىدگارد سۇئىن 1938-يىلى يۈز بېرىۋاتقان دۇنيا ئۇرۇشىغا نەزەر تاشلاپ، ئۆزىنىڭ «دۇنيا مەرىپەت تارىخى» ناملىق كىتابىنىڭ خاتىمە قىسمىدا مۇنداق يازغانىدى: «بىز ياشاپ تۇران كائىنات ھەركەتچان كىچىكە تولغان كائىناتتۇر. ئۇنىڭدا بىرەر نەرسىنىڭ تۈرغۈنلۇقى ئۇنىڭ چۈشكۈنلىكىنىڭ بىشارىتىدۇر. ئىرغىتىپ تاشلىنىدىغان نەرسە، دەل ئۆزگىرىشتىن توختىغان نەرسىدۇر». بىزمۇ يىپەك يولىدا قايتا ئويلىنىش ھەركىتىنى باشلىۋەتكىنىمىزگە مانا ئالتە يىل بولدى. ئۇ چاغدا: «بۇ پاراڭلار بىر ئەسىر بالدۇر قوزغىلىپ قاپتۇ» دېگەن سوستلىرىمىزمۇ بوگۈنگە كەلگەندە بۇ پاراڭغا چۈشتى. ئۇلار:

سەۋرى قىلساڭ غورىدىن ئالما پىشۇر،
چەكتىن ئاشسا تاقىتىڭ قەدرىڭ چۈشۇر.

دېگەننى چۈشەندى. ئۇلار ھېس قىلدىكى، بىز تارىخىمىزنىڭقىممەتلىك يېڭى بىر

مەرىپەتچىلىك دەۋرىدە تۇرۇۋاتىمىز.

شۇنداق، يىپەك يولىدا قايتا ئويلىنىشنىڭ تەمكىن ۋە قايناق، كەسكىن ۋە نۇرانە ئۇيۇق سىزىقى كۆرۈندى. بۇنداق ئويلىنىشنى كەلگۈسىگە روھىي ھازىرلىقلىرى بولمىغان يىپەك يولىدىكى ھەممە خەلقلەر باشتىن كەچۈرۈشى مۇمكىن.

بىر پۈتۈن تارىخىي خاراكتېرلىك قىممەتنى قوچاقلاپ تۇرغان يىپەك يولىدىكى قايتا ئويلىنىش ئاچچىق ھەقىقەت بىلەن چەكسىز مۇھەببەتنى، چوڭقۇر پاراسەت بىلەن قاتتىق جاسارەتنى قوشقان ئىزگۈ ھادىسە. بۇ قېتىم توگە قۇشى بېشىنى قۇمغا تىقىۋېلىپمۇ ئامانلىق تاپالمىسا كېرەك. چۈنكى ئۇچقۇر زامان ئېقىمى قۇم بارخانلىرىنى ئۇچۇرۇپ، توگە قۇشنى خەلقى ئالەم ئالدىدا يالىڭاچلاپ قويىدۇ. ھېلىقى ئامېرىكا ئالىمى ئىدگارد سىۋائىن يەنە مۇنداق دېگەن: «گۇمان يوقكى، زامانىمىز خام خىياللار ھالاك بولىدىغان زامان... تۈنۈگۈن ماختانغان نەرسىلىرىمىز ئەمدىلىكتە مەسخىرىگە ئايلاندى»، بۈگۈنكى كۈندىمۇ قانائەتلىنىپ يۈرىۋاتقان كىشىلەر بەكمۇ پەخەس بولسۇنكى، بولمىسا، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆزىنىڭ تولىمۇ چاكىنا ھەم ئەرزىمەسلىكى بىردىنلا بىلىشكە مەجبۇر بولىدۇ.»

خەير- خوش، ئوقۇرمەن!

ئاخىرىدا مەن، سىز بىلەن سۆھبەتلەشكەن مەسىلىلەر ھەققىدە ئويلىمايدىغان مىڭلىغان ۋە تەۋرەنمەيدىغان مەلەملەرگە ئېچىنىدىغانلىقىمنى ئېيتماقچىمەن. ئامان بولۇڭ، دوستۇم.

1995- يىل 22- يانۋار، ئۈرۈمچى

# بالاساغۇننىڭ ئورنى مەسلىسى ھەققىدە

1.مەسىلىنىڭ ئىلمىي قىممىتى

بالاساغۇن ــ قۇز ئوردا ئۇيغۇر تارىخىدىكى مۇھىم توپونومىيىلىك كاتېگورىيە. بالاساغۇن ئۇيغۇر تارىخىدا قاراقۇجۇ، يارغۇل، قارابالغاسۇن، بېشبالىق، قەشقەر-ئوردا كەنت بىلەن تەڭ دەرىجىدە شانلىق ئورۇن ئالغان.

بالاساغۇن تارىخىي مەنبەلەردە يىراق ئەپراسىياپ ۋە بۇيلاسانغۇن بۆكەقاغان نامى بىلەن تۇتاشقان. بالاساغۇن ئۆزىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن ئىلىك دەۋرلىرىدە ياغما قەبىلىلىرى ۋە قاراخانىلار ياغما سۇلتانلىرىنىڭ نەسەپگاھ دەرگاھى، دەسلەپكى ھەربىي- سىياسىي پائالىيەت مەركىزى، ئوغۇلچاق قەدىرخان تالاستىن قەشقەرگە يۆتكەلگەندىن كېيىن، قاراخانىلارنىڭ سامانىلارغا نىسبەتەن ئالدىنقى قاراۋۇلخانىسى، سۇلتان ساتۇق بۇغراخان ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغان جاي، ئوردا كەنت ـ قەشقەر يېنىدىكى سالقىن ئوردا – قۇز ئوردا بولغان جاي.

بالاساغۇن ــ يېپەك يولىدىكى مۇھىم ئۆتكەل، شەرق بىلەن غەرپ مەدەنىيەت ئالاقىلىرىدىكى مۇھىم بەلباغ، جۇملىدىن قاراخانىلارغا تەئەللۇق بىر قاتار ئالىملار، ئەدىبلەر، سەركەردىلەر دۇنياغا كۆز ئاچقان مەشھۇر شەھەر.

بالاساغۇن تارىخىي شەھەر سۈپىتىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرى ئەسەرلىرىدە تىلغا ئېلىنغاندىن تاشقىرى، نىزامۇل مۇلۇك، تابارى، ئىبىن ھەلقەلى، گەردىزى، ئەبۇل ئەشىر، ئەبۇل فىدا، جۇۋەينى، مىرخاند، دوسسۇن، ۋاڭ گوۋېي، برۇكېلمان، گرېنارد، بېگسىن، گرىگورىيۇۋ، مىلنوۋسكىي، بارتولد، پىرساك، خاندا تورو، ئابېتاكېئو قاتارلىق ئوتتۇرا ئەسىر ۋە ھازىرقى زامان شەرق ۋە غەرب مۇئەللىپلىرى تەرىپىدىن زىكىر قىلىنغان. ئېيتىش كېرەككى، بۇ بىۋاستە كۆزىتىش ياكى توپونوپىيىلىك ئاساستىكى زىكىر بولماستىن، ئاساسەن تارىخىي جەھەتتىكى زىكىر ئىدى.

بالاساغۇن توپونومىيىلىك - جۇغراپىيىلىك جايلاشقان ئورۇن سۈپىتىدە زادى قەيەردە دېگەن مەسىلىدە يۇقۇردا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان مۇئەللىپلەرنىڭ بايانلىرىدا بىر قاتار

ئېنىقسىزلىقلار ۋە ھەرخىل زىددىيەتلىك بايانلار ساقلانغان.

بالاساغۇننىڭ ئۇرنى مەسىلىسى بارتولدتىن كېيىنكى مۇھاكىمىلەردە بارغانسېرى خاتا پەرەز ۋە ئاساسسىز ھۆكۈم تۇتەكلىرىگە كىرىپ كەتتى. نەتىجىدە بالاساغۇننى ياغما ۋە توققۇز ئوغۇز ئۇيغۇرلىرىدىن ئايرىپ مۇھاكىمە قىلىدىغان، بالاساغۇننى ئوردا كەنت يېنىدىكى قۇز ئوردىدىن ئايرىپ مۇھاكىمە قىلىدىغان، بالاساغۇننى ئەرەپ سەيياھلىرىنىڭ ئەينى زاماندا يازغان يەر مۇساپىلىرى توغرىسىدىكى ناتوغرا قىياسلىرىنى دەلىل قىلىۋېلىپ مۇھاكىمە قىلىدىغان، ھەتتا بالاساغۇن، يۇقىرى بارسخان، سۇياب (چۇئاب)، توقماق (بۇرانا ۋە ئاق پېشىم) ئارىلاشتۇرۇلۇپ مۇھاكىمە قىلىنىدىغان ئەھۋاللار كېلىپ چىقتى. بۇ جەھەتتىكى ھۆكۈملەر شۇ پېتىلا قايتا مۇھاكىمىسىز قوبۇل قىلىنىپ، تەكرارلىنىۋېرىپ، قانداقتۇر «بالاساغۇن- توقماق» پىكورىسى دەخلىسىز ئاخىرقى ھۆكۈم بولۇپ قالدى. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە سىياسىي جۇغراپىيىلىك ۋە سىياسىي ئېتنولوگىيىلىك ئېغىشلارغا يۈزلەندى.

«قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى «قۇتادغۇبىلىك» ئۇستىدىكى تەتقىقاتنى يېڭىباشتىن تەتقىق قىلىپ كۆرۈشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلدۇردى. چۈنكى ئۇنىڭ تەركىبىي قىسمىي بالاساغۇننىڭ ئورنى مەسىلىسى ئىدى.

ئۇيغۇر ئالىمى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇخبىر ئاكادېمىكى مەرھۇم مۇراد مەھرايېف 1972-يىلى ئالمۇتادا نەشر قىلىنغان «دەۋر سەھىپىلىرى» ناملىق كىتابىنىڭ 84- بېتىدە سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى پروفېسسور ئا.ن. كونونوفنىڭ «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ رۇسچە تەرجىمە نۇسخىسىغا يازغان مۇقەددىمە ماقالىسىگە ئاساسلىنىپ: «يۈسۈپ بالاساغۇنى تۇغۇلغان بۇ شەھەر ‹قۇزئوردا› نامى بىلەن مەشھۇر بولۇپ، ئۇنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكى ھازىرغىچە ئېنىقلانمىدى»، «بالاساغۇن شەھىرىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكى تەتقىقاتچىلار ئارىسىدا گۇمانلىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياشاپ ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان قەشقەردە ئىكەنلىكى توغرىسىدا ھېچقانداق گۇمان يوق» دەپ يازغانىدى. مەن 1986-يىلى ئۆكتەبىردە ياپونىيە كيوتو ئونىۋېرسىتېتىنىڭ «خانىدا خاترە سارىيى»دا «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ يېتۈك قامۇسى ‹قۇتادغۇبىلىك› » دېگەن تېمىدا ئىلمىي لېكسىيە ئوقۇغاندىن كېيىن، ياپونىيە تارىخچىلىرىنىڭ بالاساغۇننىڭ ئورنى زادى قەيەر ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى ئۆتكۈر سوئالىغا دۇچ كەلدىم. «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە نۇسخىلىرىنىڭ نەشر قىلىنىشى، مەھمۇد قەشقەرى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەبرىگاھلىرىنىڭ قايتا ياسىلىشى

بالاساغۇننىڭ ئورنى مەسىلىسىنى بىۋاستە كۆنتەرتىپكە قويدى.

بالاساغۇننىڭ ئورنى مەسىلىسى ھەققىدىكى تەتقىقات غايەت زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بولغان ئىنچىكە تېما. بۇ مەسىلىنىڭ ئىلمىي جەھەتتە ھەل قىلىنىشى «قۇتادغۇبىلىك» مۇئەللىپىنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى مەسىلىسىنى يورۇتۇشتىن تاشقىرى، پۈتكۈل قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ شەكىللىنىش ۋە راۋاجلىنىش تارىخىنى، غەربىي ئۇيغۇر ئېتنىك تۈركۈمى — توققۇز ئوغۇز — ساتۇق ئۇيغۇرلىرىنىڭ پائالىيەت شەجەرىسىنى يورۇتۇشقا مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇھىم مەسىلە.

## 2.«بالاساغۇن ـ توقماق بۇرانا» قارىشىنىڭ ئاساسلىرى ۋە يېتەرسىزلىكلىرى

«بالاساغۇن — توقماق بۇرانا (مۇنارە) خارابىسىدا» دېگەن قاراش بارتولدنىڭ «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»نىڭ «بالاساغۇن» تېمىسىغا يازغان ماقالىسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

بارتولد بالاساغۇننىڭ قۇز ئوردا دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ بالاساغۇندا تۇغۇلغانلىقىنى، سامانىيلار شاھزادىسى ئەبۇ ناسىر سامانىنىڭ ئوردا ئىختىلاپلىرى تۈپەيلى بالاساغۇنغا ھىجرەت قىلغانلىقىنى، بالاساغۇندا سۇلتان ساتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقى ۋە تاغىسى ئوغۇلچاق قىدىرخاندىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ قەشقەرنى ئىسلاملاشتۇرغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئەمما ئۇ بالاساغۇن مەسىلىسىدە ئىككى موھىم خاتالىققا يول قويىدۇ؛ ئۇنىڭ بىرى، بالاساغۇننىڭ ئورنىنى توقماق قىلىپ بېكىتىدۇ. يەنە بىرى، «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»نىڭ «بالاساغۇن» تېمىسىغا يازغان ماقالىسىدا ئۇ قاراخانىلاردىن ئىلگىرىمۇ بالاساغۇننىڭ توققۇز ئوغۇز ئۇيغۇرلىرى شەھەرلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە «غۇبالىق» دەپمۇ ئاتالغانلىقىنى، بۇ نامنىڭ يوللىغ چۇسەي (1190 ـ 1244)نىڭ «غەرپكە ساياھەت خاتىرىلىرى»، «لياۋ تارىخى»، «ئالتۇن خانلىق تارىخى»، بولۇپمۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا تىلغا ئېلىنغانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، «1218-يىلى بالاساغۇن ھېچبىر قارشىلىقسىزلا چىڭگىزخاننىڭ مەشھۇر سەركەردىسى جەبەنويۇن قولىغا ئۆتتى، موڭغۇللار ئۇنى «بۇغالىق» دەپ ئۆزگەرتتى» دەپ يازىدۇ.

«بالاساغۇن – توقماق بۇرانا» قارىشىدىكىلەرنىڭ ئاساسلىرى موھىمى تۆۋەندىكى ئۈچ نوقتىدىن ئىبارەت:

بىرىنچىسى، «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى «يەرشەكلى» تەخمىن خەرىتىسىدىن ئىبارەت. ئەلۋەتتە بۇ تەخمىن خەرىتە ھازىرقى زامان ئىلمىي خەرىتىسىدىن، جۈملىدىن ملىنوۋىسكىينىڭ «ھۇدۇدۇل ئالەم» ھەققىدىكى ئىزاھاتلىق ئەسىرىنىڭ 279-بېتىگە كىرگۈزۈلگەن خەرىتىدىن پەرقلىنىدۇ.

«بالاساغۇن» ئىبارىسى مەھمۇد قەشقەرى كىتابىغا بېرىلگەن «يەر شەكلى» خەرىتىسىدە ئوردا كەنت قەشقەردىن يىراقلاشتۇرۇلۇپ يېزىلغانىدەك قىلسىمۇ، ئۇ ئۈچ (ئۈچتۇرپان)دىن يەنىلا قەشقەرگە يېقىن جايلاشتۇرۇلغان. بۇ «يەر شەكلى» كىم تەرىپىدىن سىزىلغانلىقىنى ياكى بىزنىڭ قولىمىزغا كەلگىچە قانداق ئۆزگىرىشلەرگە ئۇچرىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. شۇنداقتىمۇ بۇ «بالاساغۇن- توقماق بۇرانا» قارىشىنىڭ بىرىنچى ئاساسى.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئاتلىق تەپەككۇرىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىبارىلەردە بالاساغۇن ئوردا كەنت قەشقەر يېنىدىكى شەھەر دەپ روشەن مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. بۇ روشەن ئىبارىلەر ئۈستىدە ئايرىم توختىلىمىز.

ئىككىنچىسى، «توقماق بۇرانا» خارابىسىدىن ئىبارەت. مەن تېماتىك ئىلمىي مەقسەت بىلەن 1984-يىلى توقماقنىڭ «بۇرانا» (مۇنارە) خارابىسىغا بېرىپ، تەپسىلىي زىيارەت قىلىپ، رەسىمگە ئېلىپ قايتقانىدىم. بۇ كىچىككىنە قورغانچە خارابە بولۇپ، ئۇ پۈتكۈل ياغما سۇلتانلىقىنىڭ پايتەختىگە ئەمەس، بەلكى توقماق تېغى ئاستىغا جايلاشقان مۇھىم مۇسۇلمان قەبرىگاھلىقىغا ئوخشايدىكەن. تاغ تۈۋىگە جايلاشقان ئالامىتىدىن باشقا يىرىمى غۇلىغان بولسىمۇ، ئەسلى تۇرقىنى ساقلىغان يالغۇز مۇنارە، بىر دۆئا- تەكبىر مەسچىتى ھەم «ئوتتۇز ئالتە مۇسۇلمان» قەبرىسى بىر تۇتاش چەمبەر شەكىللىك قەبرىگاھلىق بولۇپ، بۇ قەلئەنىڭ ئەسلى بىر مۇھىم ئىستىراتېگىيىلىك جەڭدە قازا قىلغان مۇسۇلمان شېھىدلىرى خاتىرىسىگە ياسالغانلىقىدىن دېرەك بېرىدىكەن. قەبرىگاھلىق، مەسچىت ۋە خاتىرە مۇنارىسىدىن ئىبارەت ئۈچ نەرسىنىڭ مۇجەسسەملىكى تۇرپانلىق سۇلايمان ۋاڭ، قومۇل ۋاڭلىرى، سۇلتان ساتۇق بۇغراخان قەبرىگاھلىرىدا تولا ئۇچرايدىغان ئورتاقلىق ئىدى. بۇنىڭدىكى مەسىلە بۇرانا قەبرىگاھلىقى بالاساغۇنمۇ- ئەمەسمۇ؟ دېگەن مەسىلە بولماستىن، بەلكى بۇ «بۇرانا» خاتىرە قورغىنىنى 893-يىلى تالاس- چۇ ۋادىسىنى بېسىۋالغان سامانىلار ياسىغانمۇ ياكى 943-يىلى بۇ جايلارنى

قايتۇرۇۋالغان قاراخانىيلار ياسىغانمۇ، دېگەن مەسىلىدىن ئىبارەت بولدى! مۇنار ئەگەر توققۇز بوغۇم بولغاندا ئىدى، ئۇيغۇر قاراخانىيلار سەلتەنىتىگە تەئەللۇق بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن بولاتتى.

شۇنى تىلغا ئېلىش ھاجەتكى، 912-، 913-يىللىرى سامانىيلارغا تەۋە نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلىپ، 1892-يىلى بۇخارادا تومانسكىي دېگەن كىشى تەرىپىدىن تېپىلغان ۋە مىلنوۋسكىي تەرىپىدىن ئىزاھلانغان «ھۇدۇدۇل ئالەم» ناملىق كىتابتا «توقماق» دەپ يېزىلغان بۇ جاي دەل چۇ دەرياسى بويىدىكى «چۇئاب» (سۇياب دەپ ئىستىمال قىلىنماقتا) بولۇپ، گاۋشەنزى زامانىدىن باشلاپ تالاس ـ چۇئاب دېيىلىپ كەلگەن. شۇ سەۋەبتىن ياپونىيىلىك مەشھۇر ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتچىسى پروفېسسور خانداتورو (يۈي تيەن خىڭ) «چۇئاب ھازىرقى توقماق ئەتراپىدا» دېگەن (ئابىتاكېئو: «غەربىي ئۇيغۇر ئېلى تارىخى تەتقىقاتى»، 293-بەتكە قارالسۇن). بۇنىڭدىن باشقا 1973-يىلى بىشكەكتە نەشر قىلىنغان «قىرغىز س س ر تارىخى» (جامغىرچىنوف باش مۇھەررىرلىكىدە ھازىرلانغان) ناملىق كىتابتا: «قىرغىزىستاندا چۇ دەرياسى بويىدىكى سۇياب شەھرى بولغان» (115-بەت)، «ئىسسىق كۆلدىن 250 كىلومېتىر غەرپكە جايلاشقان چۇ دەرياسى بويىدا سۇياب شەھرى بار» (118-بەت)، «766-يىلدىن باشلاپ قارلۇقلار يابغۇسى ئوتتۇرا چۇ ۋادىسىدىكى سۇياب (توقماق يېنىدا) شەھرىنى ئىگىلىۋالدى» (124-بەت)، «كارۋان يولى ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە فاراب، سەمەرقەنت، شاش، تاراز، قۇلان، سۇياب (توقماق يېنىدا) ئارقىلىق ئىسسىق كۆل بىلەن شەرقىي تۈركىستانغا تۇتاشقان» (128-بەت) دەپ يېزىلىپ، سۇيابنىڭ توقماقنىڭ يېنىدا ئىكەنلىكىنى تەكرار جەزىملەشتۈرگەن. بۇ كىتابنىڭ 126-بېتىدە 10 – ئەسىر ئوتتۇرىلىرىدا قازا قىلغان باغداد خەلىپىسى ئەلچىلىرىدىن قۇدامى ئىبن جەئفەرنىڭ تارازدىن چىنغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئاھالە رايونلىرى تەپسىلاتى تولۇق بېرىلگەن: «تاراز شەھرىدىن قولان دېگەن دالاغا 14 پەرسا (84 كىلومېتىر) يۈرگەندىن كېيىن، باي قىشلاق مەرقىغە 4 پەرسا (24 كىلومېتىر) يۈرىمىز. مەرقىدىن ئەلى ئەشپار دالاسىغا 4 پەرسا، ئۇنىڭدىن نۈركەنتكە 8 پەرسا، ئۇنىڭدىن جۇۋاغا (ھۆكەرەككە) 4 پەرسا، جۇۋادىن چۆلگە 4 پەرسا، چۆلدىن سارىغا 2 پەرسا، سارىدىن تۈرك خاقانى قىشلىقىغا 4 پەرسا، تۈرك خاقانىدىن قىرمىراۋغا 2 پەرسا، ئۇنىڭدىن سۇيابقا بارىمىز. سۇياب ئىككى قىشلاق بولۇپ، بىرى كۇبال، ئىككىنچىسى سەغۇر كۇبال دەپ ئاتىلىدۇ. سەغۇر كۇبالدىن بارسخانغىچە مۇساپە ناھايىتى چوڭ، بۇنىڭدىن چىن چېگرىسىغىچە يول 15 كۈنلۈك

بولۇپ، تۈرك پوچتىلىرىغا ئۆچ كۆنلۈك» دەپ يېزىلغان. شۇ كىتابنىڭ 144 بېتىدە ئىككى جايدا «بالاساغۇن بىلەن قەشقەر» نامى بىللە تىلغا ئېلىنغان.

ئۈچىنچى، توقماق رايونىدىن چىققان قەبرە تاشلىرى ئارىسىدا «شەيخ ئىمام مۇھەممەد فقىيە ئەلئۇرۇل بالاساغۇنى» ناملىق قايراق تاشنىڭ چىققانلىقى، ئەسلىدە سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى تارىخچى مىرزا ھەيدەرنىڭ «تارىخى رەشىدىي» ناملىق ئەسىرىدە ئىمام مۇھەممەد بالاساغۇنى ناملىق فقىھ (قانۇنشۇناس)نىڭ ھىجرىيىنىڭ 711-يىلى (1311 -1312)غا ئائىت قەبرىسىنى توقماقتىكى مۇنارە دېگەن جايدا كۆرگەنلىكى قەيت قىلىنغان. ۋ.ك. ترۇتوۋسكىي بۇ يەردىكى قەبرە تاشلىرىنى تەتقىق قىلغاندا ئەرەپ يېزىقىدىكى «شەيخ ئىمام مۇھەممەد فقىھ ئەلئۆمەرۇل بالاساغۇنى» دېگەن خەت يېزىلغان تاپان شەكىللىك قايراق تېشى تاپقان. قىرغىزىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تىل ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى 1982-يىلى نەشىر قىلغان «قىرغىزىيىدە قەبرە خەتلىرى» دېگەن كىتابنىڭ مۇئەللىپى جى. جۇماغۇلۇۋ ئۆز كىتابىنىڭ 69- بېتىدە بۇ ھەقتە توختالغان. قىرغىزىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تارىخ ئىنستىتۇتى 1983-يىلى نەشىر قىلغان «قاراخانىيلار دەۋرىدىكى قىرغىزىيە» دېگەن كىتابنىڭ 228-بېتىدىكى ۋ. ن. ناستىچنىڭ «بۇرانا شەھەرچىسىدىكى ئەرەپ- پارسچە قايراق خەتلىرى» ناملىق ماقالىسىدىمۇ بۇ ھەقتە رەسىم ۋە مەلۇمات بېرىلگەن.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، شەيخ ئىمام مۇھەممەد بالاساغۇنىنىڭ قەبرە تېشىنىڭ توقماق بۇرانىدىن تېپىلغانلىقى بۇ يەرنىڭ بالاساغۇن شەھىرى ئىكەنلىكىنى ئەمەس، بەلكى بالاساغۇنلۇق بۇ كىشىنىڭ خۇددى جۇماغۇلۇبنىڭ كىتابىدا تىلغا ئېلىنغان شەمس سەمەرقەندى، مۇھەممەد ھاپىز بۇخارى، ئەبۇبەكرى بىننى ئەبۇ سەئىد بىننى مۇھەممەد نىشاپورى قايراقلىرىنىڭ تالاس- ئۇترار ۋادىسىدىن تېپىلغىنىدەك ۋاپات بولغۇچىلارنىڭ مۇساپىرلىقتا ئۆلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، خالاس.

«بالاساغۇن –توقماق بۇرانا» قارىشىنىڭ يۇقۇرقى ئاساسلىرىنىڭ ئۆزىمۇ ئىلمىي ئاساسقا ئىگە ئەمەس. بۇلاردىن باشقا «بالاساغۇن- توقماق بۇرانا» قارىشى بىر قاتار جۇغراپىيىلىك، ئېتنولوگىيىلىك، تارىخى مەنتىقىلىق ۋە ئارخېئولوگىيىلىك مەسىلىلەرگە جاۋاپ بېرەلمەيدۇ. خۇددى ئۆزبېكىستان ئالىمى سالىخ مۇتەللىپوف «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ ئۆزبېكچە نەشرى 1-توم، 486-بەتتىكى ئىزاھاتىدا ئېيتقىنىدەك، بارتولدنىڭ «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»گە يازغان بالاساغۇن ھەققىدىكى ماقالىسىدە «دىۋان»دىن مەلۇمات بېرىلمىگەن، «نەتىجىدە بارتولد بالاساغۇن ئورنىنى ئىلگىرىكىدەكلا يەنە

ئېنىقسىز ھالىچە قالدۇرغان».
«بالاساغۇن- توقماق بۇرانا» قارىشىدىكى ئاجىزلىقلار ئۇستىدە مۇناسىۋەتلىك تېماتىك تەپسىلاتلار ئىچىدە مەخسۇس توختىلىپ ئۆتىمىز.

## 3.«بالاساغۇن- باغلا ۋە ساغۇن» قارىشىنىڭ ئوتتۇرغا قويۇلۇشى

«بالاساغۇن ــ باغلا ۋە ساغۇن» قارىشى ھازىرلا مەيدانغا كەلگەن ئەمەس. بۇ قاراشنىڭ مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدىكى ۋەكىللىرى مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى، مۇدەررىس ئابدۇقادىر داموللام (1862- 1924) بىلەن مەرىپەتپەرۋەر شائىر قۇتلۇق شەۋقى (1876- 1837)، جۇملىدىن سابىق «قەشقەر گېزىتى»نىڭ باش مۇھەررىرى مۇدەررىس ۋە ئالىم سەلەيھاجى داموللام ئىدى. بۇ ھەقتە ئابدۇقادىر دامولللامنىڭ جىيەنى، ئوقۇغۇچىسى، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق ۋە ئاتۇش شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش ھەم ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى زەينۇل ئابىددىن مەۋلەۋى داموللا ھاجىم تامغىلىق ئىسپات يازغاندىن تاشقىرى، سەلەيھاجى داموللام بىلەن بىشكەك تۈرمىلىرىدە بىللە مەھبۇسلۇق كۈنلىرىنى كەچۈرگەن رەھىم مۇسا، سەلەيھاجى داموللامنىڭ ئىنىسى يۇنۇس ھاجىم، مىرەھمەد سېيىت ھاجىم، ئابدۇكېرىم ئاخۇن خەلپىتىم، موللاپولات خەلپىتىم، مۇھەممەد شاگىرتى، توختى ھاجىم قاتارلىق پېشقەدەملەر كۆپلەپ روشەن دەلىل- ئىسپاتلارنى كۆرسىتىشتى. قۇتلۇق شەۋقىنىڭ بالاساغۇن ئاتۇشتا دېگەن قارىشىنى ئالىم ۋە شائىر ئەھمەد زىيائى ھازىرغىچە ئىسپاتلاپ كەلدى.
«بالاساغۇن ـ باغلا ۋە ساغۇن» قارىشى مەلۇم نوقتىنەزەرنىڭ مەھسۇلى ۋە ئىپادىسى بولماستىن، بەلكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئاتۇش شەھىرىنىڭ توپونومىيىلىك ۋە ئارخېئولوگىيىلىك پاكىتلىرىغا، جۇملىدىن قاراخانىلارغا ئائىت بىر قاتار تارىخىي ۋە رىۋايەتلىك مەلۇماتلار ئۈستىدە بىۋاستە ئىلمىي قىدىرىش ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئاساسىدا جەزىملەشتۈرۈلگەن. «بالاساغۇن- باغلا ۋە ساغۇن» قارىشى كىتابى مەنبەلەر بىلەن ئەمەلىي مەنبەلەرنى بىرلەشتۈرۈپ مۇھاكىمە قىلىشنىڭ مۇھىم سەمەرىسى سۈپىتىدە قايتا ئوتتۇرغا قويۇلدى. مەرھۇم ئابدۇقادىر داموللام، قۇتلۇق شەۋقى، سەلەيھاجى داموللام قاتارلىق پېشىۋالارنىڭ «بالاساغۇن- ئاتۇش ساغان» قارىشى مەدرىس تالىپلىرى ئارىسىدا قېپقالغان ۋە بۇ پېشقەدەملەرنىڭ پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلۈشلىرى

تۇپەيلى ئىلىم دۇنياسىغا يېتىپ بارالمىغان بولسىمۇ، بۇ قاراش ئاتۇش خەلقى قەلبىدە ساقلانغانىدى.

## 4.«بالاساغۇن - باغلا ۋە ساغۇن» قارىشىنىڭ جۇغراپىيىلىك تەپسىلاتى

«بالاساغۇن ـ توقماق بۇرانا» قارىشىنىڭ ئەكسىچە، ئاتۇش زېمىنىدا بالاساغۇنغا ئائىت جۇغراپىيىلىك، توپونومىيىلىك مەنبەلەر يېتەرلىك تېپىلىدۇ. بىز «بالاساغۇن- باغلا ۋە ساغۇن» قارىشىنىڭ جۇغراپىيىلىك تەپسىلاتىنى ئىككى جەھەتتىن ـــ تەبىئىي جۇغراپىيە ۋە مەدەنىيەت قاتلىمي جەھەتتىن ئىزاھلايمىز.

ئاتۇش دىيارىغا سۇ –تۇپراق تۈزۈلمىسى جەھەتتىن نەزەر سالغىنىمىزدا مۇنۇلارنى مۇئەييەنلەشتۈرىمىز: ئاتۇشنىڭ شىمالى قىسمىدىكى قاتلام- قاتلام تاغلىقلاردىن ئىككى ئېقىن ـ بوغۇز ئېغىزى ئارقىلىق قىران ئېقىنى، سۇغۇن باچاك ئېغىزى ئارقىلىق سۇغۇن ئېقىنى ئېقىپ چىقىپ، مۇز دەۋرىنىڭ ئاياغلىشىشى بىلەن يىلىغا چەكسىز مىقداردىكى لاتقىلارنى ھازىرقى ئاتۇش دىيارىغا تۆكۈپ، بوغۇز –سۇغۇن ئېقى بىلەن قۇمال تېغى ئارىسىدا كۆپ قاتلاملىق ئاتۇش بوستانلىقىنى ھاسىل قىلغان. بۇ لاتقا تىندۇرمىلىرى قۇمساكىر (يەرلىك تىلدا قۇمسېكىر)دا ئۈچ بۇرجەك مۇنبەت كۆرپەزلىك شەكىللەندۇرگەن. ھېلمۇ بۇ لاتقىلارنىڭ قۇمساكىر- بەشكېرەم ئارىلىقىدا ئاقۇزغۇچى سۇ دولقۇنلىرىنىڭ ئاجىزلىششى بىلەن دۆمبەل، زومچەك ھاسىل قىلغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. دېھقان مەخسۇم تۇرسۇنھاجى توقاي يارلىقىنىڭ 6-7 مېتىر تۆۋەندىكى شېغىل قاتلىمىدىن قەدىمكى ياۋا قوتازنىڭ مۈڭگۈزلۈك باش سۆڭىكىنى تېپىۋالغان.

ئاتۇش ئەسلىدە سۇيى يېتەرلىك، مۇنبەت زېمىن بولغان. ئۇنىڭ «چارئارچا»، «چارئارچا دەريا»، «چارئارچا بەل»، «ئىرغاي چات»، «قارىغاي»، «توغراقلىق»، «چىم قورغان»، «كاتتا يايلاق»، «تېكىلىك تاغ»، «قارا تېكە ئاشار تاغ ئاغزى»، «چوك قوشقار»، «كۆك قوشقار»، «ئارقار بۇلاق»، «غۇلجا يايلىقى»، «ئېيىقلىق دەريا»، «تەسكەي قارا جىلغا» قاتارلىق جايلىرى ھازىر «نامى ساقلانغان، زاتى قالمىغان» ئەھۋالغا چۈشكەن. «ئارتۇش» دېگەن توپونومىيىلىك نامىمۇ قارائارچا ـ «ئارتۇچ» دەرىخىدىن ئېلىنغان بولۇپ، ئارتۇچزارلىق دېگەن مەننىنى بىلدۈرەتتى. «تۈركىي تىللار

دىۋانى»دا ئارتۇچ- قارائارچا بولۇپ، قىلتىرىق يوپۇرماقلىق، نەچچە يۈز يىل ياشايدىغان ياغىچى قاتتىق دەرەخ، دەپ كۆرسىتىلگەن. «دىۋان»دىكى «ئارتۇچ سۆكۆت بودىقى يۈز تۈرلىگىن ئىرغالۇر» (ئارتۇچ دەرەخ شاخلىرى يۈزخىل بولۇپ سىلكىنەر) دېگەن سۆزمۇ ئۇنىڭغا قارىتىلغان. مەن مەخسۇم تۇرسۇنھاجى ياردىمىدە ئازاق توقاي يارلىقىنىڭ نەم ساقلايدىغان كۆك سىغىز قاتلىمىدىن كۆپلەپ قارائارچا ياغىچى ۋە يوپۇرماقلىرىنى تاپتىم ۋە ئۇنى جامائەتچىلىككە كۆرسەتتىم.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا موھتىنىڭ تەبىئىي ۋە سۈنئىي ۋاستىلەر بىلەن قۇرغاقلىشىشى، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئون مېتىردىن كۆپرەك تۆۋەنلەپ كېتىشى تۈپەيلى ئارتۇچ دەرىخى قۇرۇپ كەتكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن سۇنىڭ داۋاملىق تۆۋەنلىشى بىلەن توغراق يۇلغۇن، يانتاق ئاران ئۆسىدىغان ھالەت شەكىللەنگەن. مىسال ئۈچۈن قوشنا ناھىيەردىن مارالبېشىنى ئالساق، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە بۇ يەردە توغراق 6 مىليون 570 مىڭ موغا چۈشۈپ قالغان.

ئەسلىدە بوغۇزدىن چىققان قىران ئىبقىنى بىلەن باچاڭ- سۇغۇن ئاغزىدىن چىققان سۇغۇن ئىبقىنى قومساكىردىكى «مورى» (مۇنار)غىچە چۆكمە ھاسىل قىلغان ئۇچبۇرجەك كۆرپەزدە ئوخشىمىغان دەۋرلەردىكى «مەدەنىيەت قاتلاملىرى» شەكىللەنگەندى. ئۇلارنىڭ ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئورىگىنال شەكلى «قۇز ئوردا» ــ بالاساغۇن شەھرىدىن ئىبارەت. بۇ ھەقتە «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا مۇنداق ئۈچۈر بايان قىلىنغان:

«قۇز –تەسكەي، قۇز تاغ- تەسكەي تاغ، تاغنىڭ تەسكەي تەرىپى» (ئۇيغۇرچە نۇسخا، 3-توم، 171-بەت) «قۇز- تاغنىڭ تەسكەي تەرىپى. تاغ ئارقىسى»، «قۇزتاغ. قۇزدا قار ئېقسۇماس، قويدا ياغ ئېقسۇماس» (تەسكەي تاغدا قار كېمەيمەس، قويدا ياغ ئازايماس)، «ياقۇزدا يورىغلى قالىن كۆقۇتۇز» (تەسكەي تاغدا مارال كۆپ يۈرەر) (سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىلشۇناسلىق ئىنستىتوتى تۈزگەن «قەدىمكى تۈرك لۇغىتى»، 1969-يىلى، «پەن» نەشرىياتى 475-بەت).

«ئوردو. خان شەھرى. بۇنىڭدىن ئىلىنىپ خاقانلار تۇرىدىغان قەشقەر شەھرى ‹ئوردا كەنت› دېيىلىدۇ» «كەنت، شەھەر شۇنىڭدىن ئىلىنىپ قەشقەر ‹ئورداكەنت› دېيىلىدۇ. بۇ خان تۇرىدىغان شەھەر، مەركەز دېگەن بولىدۇ. چۈنكى، بۇ شەھەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى بولغانلىقتىن ئەفراسياپ شۇ يەردە تۇرغان» (ئۇيغۇرچە نۇسخا، 1-توم، 168-، 447-بەتلەر).

«ئوردۇ بالاساغۇنغا يېقىن بىر شەھەر. بالاساغۇن شەھرىمۇ قۇز ئوردا دېيىلىدۇ»

(ئۈيغۇرچە نۇسخا، 1- توم، 168-بەت). «ئوردۇ بالاساغۇن يېنىدىكى بىر شەھەر. شۇنىڭ ئۈچۈن، بالاساغۇننى يەنە قوز ئوردا دەيدۇ» (ئۆزبېكچە نۇسخا، 1-توم، 145-بەت).

«ئارغۇلۇقلار بىلەن ئۇنىڭغا تۇتاش ئاھالە ياشايدىغان جايدا شۇنداق شەھەر بار. شۇنىڭ ئۈچۈن بالاساغۇننى قوز ئۇلۇسمۇ دەيدۇ»، «ئارغۇ- ئىككى تاغنىڭ ئارىسى. تىراز (تالاس) بىلەن بالاساغۇن ئارىسىدىكى شەھەرلەر ئارغۇ دېيىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ يەرلەر ئىككى تاغنىڭ ئارىسىدا» (ئۈيغۇرچە نۇسخا، 1- توم، 172-بەت).

تەختىيۇن ئېرىق يېزىسىغا بىشارەت بولىدىغان يۇنئارىق- بالاساغۇنغا يېقىن بىر قىشلاق» (ئۈيغۇرچە نۇسخا، 3-توم، 197-بەت) دېگەن جۈملىلەر دەل سالىخ مۇتەللىپوف تىلغا ئالغان، بارتولد كۆڭۈل بۆلمىگەن بالاساغۇنغا ئائىت «دىۋان»دا كۆرسىتىلگەن مەنبەلەر قاتارىغا كىرىدۇ.

يۇقىرىقىلار بىزگە بۇنىڭدىن مىڭ يىللار ئىلگىرىلا ھازىرقى ئاتۇشنىڭ سۇ -ھاۋاسى تولىمۇ ياخشى، باراقسان ئارتۇچزارلىق بولغانلىقىنى، ئۇ ئورداكەنت ــ قەشقەر يېنىدىكى سالىقىن ئوردا ــ قوز ئوردا بولغانلىقىنى، قوز ئوردا ــ بالاساغۇندىن تالاسقىچە بولغان جايلار ئارىسىدىكى تاغلىق يۇرت بولغان ھازىرقى ئارغۇ يېزىسى ئەتراپىدا ئاھالە ياشايدىغان قىشلاق ۋە شەھەرچىلەر بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر «بالاساغۇن- توقماق بۇرانا» دېيىلىدىغان بولسا بۇ ئارتۇچزارلىق چۇ- تالاس ۋادىسىغا، بۇ ئارغۇ يۇرتلىرىمۇ چۇ- تالاس ئارىسىدىكى قاراۋالتا، مەرقە رايونلىرىغا يۆتكۈلۈشكە، جۈملىدىن قوز ئوردىغا يانداش تۇرغان ئورداكەنت قەشقەر بىشكەك ياكى ئىسكاتا، ئىۋانوۋكا شەھەرلىرى ئورنىغا يۆتكۈلۈشكە توغرا كېلىدۇ. تەنتەنە بىلەن ئېيتىمىزكى، بۇنىڭغا ئەڭ ئالدى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە مەخمۇد قەشقەرى قوشۇلمىغان بولاتتى.

دەر ھەقىقەت، «بالاساغۇن- توقماق بۇرانا» قارىشىدىكىلەر بۇ جايدىن توقماق، ئاق پىشىم، چۇئاب، بۇرانا (مۇنارە) قاتارلىق توپونومىيىلىك ناملارنى كۆرسىتىش بىلەن چەكلىنىدۇ. ۋاھالەنكى، قوزئوردا ــ قەدىمكى ئارتۇچزارلىقتا «باغلا»، «ساغۇن» (ساغان)، «يارقورغان»، «ساراي بويى»، «ئوي مەھەللە» (پۇلخانا)، «سۇن تەخت» (ئالتۇن تەخت)، «سۇغۇن قاراۋۇل»، «سۇغۇن ئېقىن»، «باش سۇغۇن»، «ئاياغ سۇغۇن»، «سۇغۇن ئاغزى تاغ»، «قۇمساكىر»، «مورا»، «موراتام» (مورى تىم)، «خان سۇپا» ۋە بالاساغۇننىڭ ئاياغقى تۈچكىسى بولغان «خان ئۆيى» (خان ئۆي) قاتارلىق توپونومىيىلىك جايلار بار. ئەگەر ئۇنىڭغا «بۇغرا ئاتام» (بۇغرام)، «سۇلتان ساتۇق بۇغراخان مازىرى» (ئېزىز سۇلتانىم مازىرى- ھەسسۇلتۇنۇم)، «ئەبۇناسىر سامانى مازىرى»، «مەشھەد»

(شىھىتلىك) («مەشھەد»- ماھى شەھىد- ئايدەك شىھىتلىك- جەننەتكە سازاۋەت شىھىتلىك)، «جايى پەچچەم»، «كۆكتام»، «قۇمارتاغ» (ئارسلان تاغ) (قۇمارتاغ- قۇمالتاغ- قۇم ئار تاغ- ئاتۇش بىلەن قەشقەرنىڭ ئارىسىدىكى تاغ) قاتارلىق تارىخىي ۋە رىۋايەتلىك جايلارنى قوشقاندا بۇ جۇغراپىيىلىك تەپسىلات تېخىمۇ گەۋدىلىنىپ چىقىدۇ.

ۋاقتى كەلگەندە شۇنى قوشۇپ ئۆتۈش ھاجەتكى، «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن ئىلگىرى يېزىلغان «ھۇدۇدۇل ئالەم»دە، توقماق نامى ئۆز ئەينى «توقماق» دەپ يېزىلغان. ئارتۇچ بولسا قەشقەر بىلەن بىللە ئەڭ يېقىن ئىككى ياغما شەھىرى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان. (ئابىتاكېئو: «غەربىي ئۇيغۇر ئېلى تارىخى تەتقىقاتى»، 329-بەت). 1955-يىلى موسكۋا گېئودېزىيە ۋە كارتوگرافىيە ئىدارىسى تۈزگەن «س س س ر ئاتلىسى»نىڭ 55-، 56- بېتىدە قەشقەرنىڭ شىمالىدا 76 يېرىمىنجى مېردىئان، 40- پاراللېلدا كاتتا يايلاق بىلەن قاراجۇل ئارىسىدىكى باش سۇغۇن ئالاھىدە ئالامەتلەندۈرۈلگەن.

«بالاساغۇن ـ ئارتۇچ (باغلا ۋە ساغۇن)» قارىشىنى رەت قىلىش ئۈچۈن يۇقۇرىقى ئاساسلار ئورنىغا ئاساسلىق، ئەۋزەل باشقا ئاساسلارنى دەسستىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئۇلار مۇجەسسەم، بىر يۈرۈشلۈك سالاھىيەتكە ئىگە بولۇشى لازىم، ئەلۋەتتە.

## 5.«بالاساغۇن ـ باغلا ۋە ساغۇن» قارىشىنىڭ ئېتنولوگىيىلىك تەپسىلاتى

مەلۇمكى، بالاساغۇن نوقۇل جۇغراپىيىلىك ـ توپونومىيىلىك كاتېگورىيە بولماستىن، بەلكى ئۇيغۇر ـ توققۇز ئوغۇز ياغمىلىرىغا خاس بولغان ئېتنولوگىيىلىك- توپونومىيىلىك كاتېگورىيە، ئۇنى ئۆزگە خاس مىللىيەتلىكتىن ئايرىپ تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولمايدۇ. بۇ مەسىلە بالاساغۇننىڭ ئۇيغۇر شەھىرى ئىكەنلىكى، بالاساغۇندا ئاپىرىدە بولغان مەدەنىيەتنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتىلا ئەھمىيىتى زور بولۇپ قالماستىن، قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ ئۇيغۇر ياغما قەبىلىلىرى باشچىلىقىدا قۇرۇلغان ئۇيغۇر سەلتەنىتى ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۈرۈشتىمۇ ئەھمىيىتى زور. ۋەھالەنكى، مۇشۇنداق روشەن مەسىلىدىمۇ چىگىشلەر داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

بىرىنچى، بالاساغۇن ـ غەربىي ئۇيغۇر (توققۇز ئوغۇز) شەھىرى.

بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى يازما مەنبەلەرنى تىلغا ئېلىش كۇپايە قىلىدۇ: خەلىپە

مەھدىنىڭ تەۋسىيىسى بىلەن 771-يىلى توققۇز ئوغۇز زىمىنىغا كەلگەن مۇسۇلمان سەيياھى ياقۇبى قارلۇقلار ئۆز تۆرىلىرىنى «يابغۇ»، توبۇتلىقلار «جايرۇن»، چىنلىقلار «پەغپۇر»، توققۇز ئوغۇزلار «خاقان» دەپ ئاتايدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان. بۇ ھەقتە مىلىنوۋسكىي توققۇز ئوغۇزلار ئەڭ ئالىي ئۇنۋان بولغان «خاقان» ئىبارىسىنى قوللانغانلىقىنى سىلىشتۇرۇپ جەزملەشتۈرگەن. (مىلىنوۋسكىي: «تەمىن» شەرقىي ئافرىقا تەتقىقات ئىنستىتوتى ئاخباراتى». 12-توپلام، 301-بەت). 821-يىلى توققۇز ئوغۇز بارگاھىغا بارغان ساياھەتچى تەمىن ئۆز خاتىرىسىدە: «بارلىق تۈرك قەبىلىلىرى ئىچىدە ئۇلاردىن قۇدرەتلىكى يوق. ئۇلار توپلىشىپ قارلۇقلار بىلەن جەڭ قىلغان چاغدا، ئۇلارنىڭ يۈز ئادىمى قارلۇقلارنىڭ مىڭ ئادىمىگە تېتىيدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار غالىپ» دېگەن. (ئابىتاكېئو: «غەربىي ئۇيغۇر ئېلى تارىخى تەتقىقاتى»، 292-بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىل). 846-يىلى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىدا توققۇز ئوغۇز ئۇيغۇرلىرى بىلەن مۇسۇلمان سەيياھى ئىبىن خۇردادىبخ ئۇچراشقان. 913-يىلى يېزىلغان «ھۇدۇدۇل ئالەم»دە «تۇرپان (چىنچىكەنت)، بىشبالىق (پەنجىكەنت) توققۇز ئوغۇزلار پايتەختى، توققۇز ئوغۇزلار ئېلى تۈرك ئەللىرىنىڭ ئەڭ چوڭى، بارلىق خانلار ئېلگىرى توققۇز ئوغۇزلاردىن چىقاتتى» دېيىلگەن.

مەسئۇدىنىڭ 944-يىلى يېزىلغان «ئالتۇن يايلاق» ناملىق ئەسىرىدە ۋە ئەبۇسەئىد گەردىزىنىڭ 1048 ـ 1052- يىللىرى يېزىلغان «زەينۇل ئاخبار» ناملىق ئەسىرىدە ھەتتا پەرغانە ۋە تاشكەنت ئەللىرىنىڭ توققۇز ئوغۇزلارغا تەۋەلىكى تىلغا ئېلىنغان. ئىبىن ھەۋقەل ئىشلىگەن خەرىتىدە سىر دەرياسىدىن ئىچكى جۇڭغۇغىچە بولغان كەڭ زېمىن ئۇتسىگە توققۇز ئوغۇز ئىبارىسى چۈشۈرۈلگەن. بۇ خەرىتە ئابىتاكېئونىڭ «غەربىي ئۇيغۇر ئېلى تارىخى تەتقىقاتى» ناملىق ئەسىرىنىڭ 330-بېتىگە كۆچۈرۈپ ئېلىنغان.

947-يىلى ئارسلانخان ۋاقتىدا پۈتۈلگەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تاختا خەتتە «ئالپ ئارسلان قۇتلۇق كۆل بىلگە تەڭرىخان»نىڭ غەربىي ساجۇدىن شەرقتە نۈچ (ئۈچ) بارسخانغىچە باشقۇرىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان. (ئابىتاكېئونىڭ «غەربىي ئۇيغۇر ئېلى تارىخى تەتقىقاتى»، 267-بەت). سۇڭ سۇلالىسىدىن 980-يىلى ئىدىقۇتقا كەلگەن ۋاڭ يەندې «ئىدىقۇتقا ئەلچىلىك خاتىرىسى» ناملىق ئەسىرىدە: ئۇنىڭ زېمىنى جەنۇپتا خوتەنگە، غەربىي جەنۇبى ئەرەپ –پارىسقا، غەربى ھىندىستان، پىشاۋۇر، قارلىقتاغ (ھىندىقۇش)، كۆكئارت تېغىغا تۇتاشقان مىڭلىغان يول ئۇزۇنلۇقتا» دەپ يازغان. «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» 940-جىلد بىلەن «لياۋ سۇلالىسى تارىخى»دا ساجۇ ـ گەنجۇدىكى

قالدۇق ياغلىقار قەبىلىلىرى قۇرغان سىرىق ئۇيغۇر خانلىقى «ئۇيغۇر» دەپ، ئادىز، ياغما قاتارلىق قەبىلىلەردىن تەركىپ تاپقان توققۇز ئوغۇزلار «ئارسلان ئۇيغۇرلىرى» (ئابىتاكىپئونىڭ «غەربىي ئۇيغۇر ئېلى تارىخى تەتقىقاتى»، 303-بەت) دەپ ئاتالغان. ئابىتاكىپئو (ئەنبۇجىيەنفۇ) ئۆزىنىڭ «غەربىي ئۇيغۇر ئېلى تەتقىقاتى» ناملىق ئەسىرىدە يەنە «قارىخانىلار بىلەن بېشبالىقنىڭ خانلىق جەمەتى بىر مىللەت ئىدى» (237-بەت)، ئۇلار «توققۇز ئوغۇز ياكى ئوغۇز ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھاكىمىيىتى ئىدى (376-بەت)، «ئۇلار ئارىسىدا 11-ئەسىر بېشىدا دىنىي زىددىيەت كۆچەيگەچكە بىر پۈتۈن غەربىي ئۇيغۇر ئېلى ئىككى قىسىمغا ئايرىلىپ كەتتى» (376-بەت) دەپ يازىدۇ. پروفېسسور گىرىگورىيېۋ 1874-يىلى «روسىيە ئارخېئولوگىيە جەمئىيىتى خاتىرلىرى»نىڭ 17-تومىدا: بالاساغۇن - بۇغراخان شەھىرى، باشقا تۈركىستان پايتەختلىرى قەشقەر، خوتەن، تالاس ئۇنىڭ ئىلكىگە ئۆتكەن ئۇ يەنە ماۋەرا ئۇننەھرگە يۈرۈش قىلىپ بۇخارانى قولغا كىرگۈزگەن دەپ يازغان (ئابىتاكىپئونىڭ «غەربىي ئۇيغۇر ئېلى تارىخى تەتقىقاتى»، 277-بەت). يۇقارقىلار بالاساغۇننىڭ بىرپۈتۈن غەربىي ئۇيغۇر ـ توققۇز ئۇيغۇرلار شەھىرى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ قاراخانىيلار دەۋرىدە ئاساسلىق پائالىيەت مەركىزى بولغانلىقىنى دەلىللەيدۇ. شۇنىڭدەك توققۇز ئوغۇز – غەربىي قانات ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ياغلىقار قەبىلىسى قۇرغان ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلىشتىن ئىلگىرىمۇ بۇ كەڭ تېررىتورىيىدە شانلىق تارىخقا ئېگە ئىكەنلىكىدىن ئۇچۇر يەتكۈزىدۇ.

ئىككىنچى، بالاساغۇن ـ ياغمىلار شەھىرى.

خەنزۇ يىلنامىلىرىدا ساتۇق تۈركلىرى (沙陀) دەپ ئاتالغان توققۇز ئوغۇزلار ئىبنۇل ئەشىر (1160 ـــ 1233)نىڭ «كامىئۇل تەۋارىخ» ناملىق كىتابىدا ئەبۇل فىدا ۋە ئەبۇلھەسەن مەسئۇدىدىن ئالغان مەلۇماتلار ئاساسىدا تىلغا ئالغان «خوراساندىن چىنغىچە» بولغان كەڭ زېمىندىكى توققۇز ئوغۇزلارنى گىرىگورىيېۋ توققۇز ئۇيغۇرلار دەپ مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. دې گۇئىگنې فرائېخن، رېنائۇد قاتارلىق شەرقشۇناسلار قاراخانىيلارنى ئۇيغۇرلار قۇرغان خاندانلىق دەپ موقىملاشتۇرىدۇ. (ئابىتاكىپئونىڭ «غەربىي ئۇيغۇر ئېلى تارىخى تەتقىقاتى»، 304-، 309-بەتلەر).

بارتولد «تۈركىستان» ناملىق ئەسىرىنىڭ 254-بېتىدە، قاراخانىيلارنىڭ بالاساغۇننى ئاساس قىلىپ كېلىپ چىققانلىقى ھەققىدە توختۇلۇپ: قاراخانىيلار «توققۇز ئوغۇزلار تارمىقى بولغان ياغمىلارنىڭ»، «توققۇز ئوغۇز رەھبەرلىرىنىڭ ھاكىمىيىتى» دەپ تىلغا ئالغان. ئۇ «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»نىڭ «تۈركلەر» تېمىسىغا يازغان

ماقالىسىدا، بالاساغۇننى ياغما شەھىرى دەپ تەكىتلىگەن. مىلنوۋسكى «ھۇدۇدۇل ئالەم»گە بېغىشلىغان ئوخشاش نامدىكى ئەسىرىنىڭ 208-بېتىدە: «قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرى توققۇز ئوغۇزلارنىڭ بىر قىسمى بولغان ياغمىلار گۇرۇھى تۆپەيلى باش كۆتۈرگەن. بۇ شۈبھىسىز پاكىتتۇر»، «توققۇز ئوغۇز ياغمىلىرىنىڭ خانلىرى مۇشۇ خەلقلەر خان جەمەتىنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى» (ئابېتاكېئونىڭ «غەربىي ئۇيغۇر ئېلى تارىخى تەتقىقاتى»، 304-، 309-بەتلەر) دەپ كۆرسەتكەن. گىرىگوييېف قاراخانىيلار ئىسلامنى قوبۇل قىلغان ساتۇق قاراخان نامىدا ئاتالدى، ئۇ ھەم بۇغراخان بولۇپ، بالاساغۇن بۇغراخان تۇرغان شەھەردۇر دەپ يازغان. گەردىزىنىڭ «زەينۇل ئاخبار» ناملىق ئەسىرى بىلەن «ھۇدۇدۇل ئالەم»دە ياغمىلاردىن چىققان خانلارنىڭ توققۇز ئوغۇزلارنىڭ باشلىقلىرى ئىكەنلىكىنى بىردەك تىلغا ئېلىنغان بولسا، ئىبنۇل ئەشىرنىڭ «كامىئۇل تەۋارىخ» ناملىق كىتابىدا ياغمىلار خانى بۇغراخان دەپ يېزىلغان. ئابېتاكېئو «غەربىي ئۇيغۇر ئېلى تارىخى تەتقىقاتى» ناملىق ئەسىرىنىڭ 303-، 304-بەتلىرىدە كۆپلىگەن ھۆججەتلىك پاكىتلارغا ئاساسەن، قانداق مەنىدە ئېيتىلمىسۇن ياغمىلار قاراخانىيلارغا ئاساس سالغان دەپ ھۆكۈم قىلىش بىلەن بىللە، شۇ كىتابىنىڭ 324- بېتىدە قەشقەر بالاساغۇن ئارسىلانخانلىقىنىڭ قاراخانىيلارنىڭ كۈللەنگەن دەۋرىدە خاقانىيە دەپ ئاتىلىشى پۈتكۈل توققۇز ئوغۇز خانلىق جەمەتىنىڭ شۆھرىتىنى گەۋدىلەندۈردى دەپ يازغان.

ئۈچىنچى، بالاساغۇن - بويلاساغۇن بىنا قىلغان شەھەر. بالاساغۇن - ئىبارىسىدىكى «ساغۇن» سۆزى بىلەن قۇز ئولۇس ئىبارىسىدىكى «ئۇلۇس» سۆزى ئۇيغۇرلاردا ئەمەل ۋە قەبىلە ئاھالە تۈركىمى نامى سۈپىتىدە تولىمۇ كونا ۋە خېلى كەڭ ئىستېمال قىلىنغان. «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى»نىڭ 490- جىلد 8- بېتىدە بەگ ساغۇن () ناملىق تۇرپان ئەمەلدارى تىلغا ئېلىنغان. پېللىئوت دۇنخۇاڭدىن تاپقان 3046 ئىندېكس قويۇلغان تۈركچە تېكىستتە قۇت ساغۇن دېگەن ئىبارىنىڭ بارلىقى مەلۇم بولغان. پېللىئوت قۇت ساغۇننى گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ 1008- يىلقى ۋەزىرى دەپ ئىزاھلىغان، يەنە «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى»نىڭ 490- جىلد 5- بېتىدە 1009-يىلقى خوتەنلىك روسانغۇن ناملىق ئەلچى، 16-بېتىدە 1025-يىلقى گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى ۋەزىرى ساغۇن ئىيا ()نىڭ نامى تىلغا ئېلىنغان. «بەش دەۋر تارىخى»دا سانغۇن- سەركەردە دەپ، «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ئاتا ساغۇن- تۇتۇپ دەپ ئىزاھلانغان.

موللىر 1915-يىلى ئېلان قىلغان «تۇرپاندىن تېپىلغان ئىككى ئۇيغۇرچە تاختا

خەت» ناملىق ماقالىسىنىڭ 26-بېتىدە: «ئىل ئوغاسى ئەلب تۇتۇغ ئۆگە قۇتلۇغ قوجو ئۇلۇسوغ» (قۇتلۇق قوجو ئىلىنىڭ باشچىسى ئەلب تۇتۇغ ئۆگە) دېگەن سۆزنىڭ بارلىقنى مەلۇم قىلغان. فون. لىكوك 176 .T.M – نومۇر قويۇلغان مانى يېزىقىدىكى پارچە سەھىپىسىدە: «قوجو ئۇلۇس ئىكى ئوتۇز بەلۇق قۇتى ۋە شىسكى» (قوجو ئېلى ۋە يىگىرمە ئىككى شەھەرنىڭ بەخت ھامىيسى) دېگەن سۆزنىڭ بارلىقنى ئىنىقلىغان. روشەنكى ــ قۇز ئۇلۇس، قۇز ئوردا، بالاساغۇن قاتارلىق ئىبارىلەر ئۇيغۇر تىلى ۋە ئېتنولوگىيىلىك ئادەتلىرىگە پۇتۇنلەي ئۇيغۇن ئومۇمىي ھادىسە.

شۇنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىش ھاجەتكى، «يېڭى تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى»دە بالاساغۇن ــ بۇيلاسانغۇن شەھىرى () نامىدا ئىزاھلانغان. كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغىنى شۇكى، شۇنىڭدىن كېيىن ئىلگىركى قەشقەر (سۇللۇق) تەخەللۇسى ئورنىغا بۇيلا تەخەللۇسى قوللىنىلغان ئەھۋال كۆرۈلگەن. مەسىلەن، كومراجىۋا دەۋرىدىكى ماھايانا ئالىملىرىدىن قەشقەرلىك سۇما، باھادىرالار سۇللۇق سۇما، سۇللۇق باھادىرا دەپ يېزىلغان بولسا، بۇيلاسانغۇندىن كېيىنكى قەشقەر ئەدىب ۋە سەنئەتچىلىرى بۇيلا سۆزىنى يۇرت تەخەللۇسى قىلىشقان. بۇنىڭغا بۇيلا خۇيلان ()، بۇيلاشىنفۇ ()، بۇيلاشىننۇ ()، بۇيلاشەنسەي () قاتارلىقلارنى مىسال قىلىش مۇمكىن.

تارىخىي مەنبەلەردە بويلاسانغۇن بۆكەخان، توققۇز ئۇيغۇرلارنىڭ مەشھۇر تەڭرى قاغانى (ئۇلۇغ تەڭرىدىن قۇت بولمىش ئالب كۈلۈگ بىلەگ قاغان)، مۇيۇنچۇرنىڭ دادىسى دەپ ئىزاھلانغان. ئۇ 715-يىلى ئورخۇندا تەختكە چىقىپ 744-يىلى غەرپكە يۈرۈش قىلىپ بېشبالىقنى ئىشغال قىلىپ، قوجو ئۇيغۇر خانلىقىغا ئاساس سالغان، «كامىئول تەۋارىخ» ۋە دۇسسۇننىڭ «مۇڭغۇل تارىخى»دا ئۇنىڭ تۈركىستان تەرەپكە قوشۇن تارتىپ، خۇش ھاۋالىق چوڭ بىر يايلاق يېنىدا بالاساغۇن شەھرىنى بىنا قىلغانلىقى بايان قىلىنغان. ئەلۋەتتە بۇ گاۋشەنزى قوشۇنلىرى بىر مەزگىل تۇرغان چۇئاب (توقماق) بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئۇيغۇر خەلقى تارىخىدا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن قوجو ۋە بالاساغۇن ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىنى بىرلەشتۈرگەن بۆكەخان قەدىمكى تۇران شاھى ئەپراسىياپ بىلەن بىرگەۋدە قىلىنغان لىكىندىلىك قەھرىمان ھېساپلانغان. تۇرپاندىن تېپىلغان مانى تېكىستلىرىدە، ئىبنۇل ئەشىرنىڭ «كامىئول تەۋارىخ» ناملىق ئەسىرىدە، جۇۋەينىنىڭ «تارىخى جاھان كۇشاي» ناملىق كىتابىدا، دۇسسۇننىڭ «مۇڭغۇل تارىخى» ناملىق كىتابىدا بۆكەخان ــ ئەپراسىياپ بىر-بىرىگە ياندىشتۇرىلىدۇ. گرېنارد: «943-يىلقى

مەسئۇدىدىن كېيىنكى مۇئەللىپلەرنىڭ ھەممىسى بىر ئېغىزدىن كۆي تۇۋلىغاندەكلا بۇغراخان سۇلالىسىنى ئەپراسىياپقا تاقايدۇ» دېسە، («ئاسىيا جورنىلى»، 1900-يىلى، 19-بەت) بارتولد «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»نىڭ «ئىلىخانىلار» تېمىسىغا يازغان ماقالىسىدە قاراخانىيلار ئۆز ئەسلىنى «پىرىسىيە تارىخىدا سۆزلەنگەن ئەپراسىياپ جەمەتى بىلەن باغلايدۇ» دەپ يازىدۇ. ئابېتاكېئو قاراخانىيلارنىڭ ئۆز خانلىقىنى «ئىد دۆلىتى ئەپراسىياپ»، «خاقانىيە» دەپ ئاتىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ قالماستىن، ھەتتا بېشبالىقتىكى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى مۇڭغۇل دەۋرىدىمۇ بۇكەخاننى تۇنجى ئاتاخان دەپ قاراپ، ئۇنى ئەپراسىياپ بىلەن بىر كىشى دەپ قارىغانلىقىنى تىلغا ئالغان. ئۇ ھەتتا «بۇكەخان شۇ كىشى ئىكەنلىكى مۇتلەق خاتا ئەمەس» دېگەن (ئابېتاكېئونىڭ «غەربى ئۇيغۇر ئېلى تارىخى»، 259- ۋە 146-بەت) دەرىجىگە يەتكەن. بىز مەسىلىنى مۇنداق مۇتلەلەشتۈرمىسەكمۇ، بۇ يەردىكى ئۇيغۇر ئېتنىك بىردەكلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلەيمىز.

بالاساغۇننىڭ ئۇيغۇر ئېتنولوگىيىسىگە تەئەللۇقلىقى ئۇنىڭ قەدىمكى ۋە ھازىرقى مىللەتلىك تۈزۈلمىسى ۋە ئېتنىك تۇرمۇش ھالىتى بىلەن بىردەك بولغان. يېقىندا ئارتۇچ باغلا- ساغان- سالافلار –قۇمساڭىر –ئاققاش ئەتراپىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەرمۇ ئەينى زامان ئېتنىك تۇرمۇش ئادىتىنىڭ ھازىرقى ئۇيغۇر ئېتنىك تۇرمۇش ئادىتى بىلەن بىردەكلىكىنى كۆرسەتتى. شۇنى ئىلىم دۇنياسىغا تەقدىم قىلىش مۇمكىنكى، مۇنداق ئېتنولوگىيىلىك ئاساس بولمىغاندا ئىدى، ئۇرخۇن خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، تۇركىستانغا يۆتكەلگەن شەرقى ئۇيغۇرلار مۇنداق تېز گۈللىنىپ، باغداد خەلىپىلىكىگە تەھدىت سالغۇدەك رىقابەتچى كۈچ بولۇپ چىقىشى مۇمكىن بولماس ئىدى. ۋەھالەنكى، گەنجۇدا ھاكىمىيەت قۇرغان ياغلىقار ئۇيغۇرلىرى غەربى ئۇيغۇر خانلىقىدىكى توققۇز ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كۆچكەن ئادىز قەبىلىرىدەك كۈللىنىشكە مۇيەسسەر بولالمىدى.

ۋاقتى كەلگەندە شۇنى ئېيتىش كېرەككى، «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ 1-توم، 615- بېتىدە (ئۇيغۇرچە نۇسخىسى) تىلغا ئېلىنغان بالاساغۇندا ئۇلتۇراقلاشقان ۋە تۈركلىشىپ كەتكەن سوغدىلار توغرىسىدا سۆز ئاچقاندا، بۇنداق تۈركلىشىش دەل ئۇيغۇرلىشىش بولۇپ، ئۇيغۇر ياغمىلىرىنىڭ سودا –سېتىق ماھارىتى بىلەن تولىمۇ ئۇيغۇن بولغان.

## 6.«بالاساغۇن- باغلا ۋە ساغۇن قارىشىنىڭ تارىخىي مەنتىقى تەپسىلاتى

بارتولد ۋە «بالاساغۇن — توقماق بۇرانا» قارىشىدىكىلەر سۇلتان ساتۇق بۇغراخاننىڭ بالاساغۇندا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقى ۋە بىر كېچىدىلا قەشقەرگە ھوجۇم قىلىپ تاغىسى ئوغۇلچاق قىدىرخاننى ئۆلتۈرۈپ، ھاكىمىيەتنى ئىسلاملاشتۇرغانلىقىنى ئىنتىراپ قىلىدۇ. بارتولد «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»نىڭ «تۈرك» تېمىسىغا يازغان ماقالىسىدە: ساتۇق بۇغراخان ئىسلامنى بالاساغۇندا قوبۇل قىلغان دېيىش بىلەن بىللە، مۇشۇ ئېنسىكلوپېدىيىگە يازغان «بالاساغۇن» ناملىق ماقالىسىدە بالاساغۇننى توقماق دەپ ھۆكۈم قىلىپ، يول قۇيغىلى بولمايدىغان تارىخىي مەنتىقىي يېڭىلىشقا يول قويىدۇ. بارتولدنىڭ بۇ قارىشىنى موللاھاجىنىڭ سۇلتان ساتۇق بۇغراخانغا بېغىشلانغان تەزكىرىسى «تەزكىرەئىي بۇغراخان» ناملىق ئەسىرى، «تەزكىرەئىي ئوۋەيسى»نىڭ بۇغراخان تەزكىرىسى قىسمى، ئەبۇناسىر سامانى تەزكىرىسى قىسمى، جامال قارشى يازغان «سۇراخ» لۇغىتىنىڭ قوشۇنچە تەۋسىيە قىسمى، ئىبنى ئەشىرنىڭ «كامىئۇل تەۋارىخ» ناملىق ئەسىرى قاتارلىق يازما مەنبەلەر بىلەن سۇلتان ساتۇق بۇغراخان، ئەبۇناسىر سامانىنىڭ ئاتۇشتىكى پائالىيەتلىرىگە ئائىت تارىخىي ۋەقەلەر ھەم رىۋايەتلەرگە پۈتۈنلەي زىت كېلىدۇ.

بىرىنچى، 893-يىلى ئەھمەد سامانى قوشۇنلىرى تالاس- چۇ ۋادىسىنى (جۇملىدىن ئوترارنى) ئىگىلىگەن بولۇپ، توققۇز ئوغۇزلارنىڭ تالاستا تۇرغان سەركەردىسى ئوغۇلچاق قىدىرخان قەشقەرگە چېكىنىشكە مەجبۇر بولغان. بۇ قېتىم ئوغۇلچاقنىڭ ئائىلىسى ۋە ئون مىڭدىن ئارتۇق قوشۇنى ئىسلاملاشقان سامانىلار قولىغا ئەسىرگە چۈشكەن. تالاس –چۇ ۋادىسى 893-يىلدىن 943- يىلى ساتۇق بۇغراخان بۇ قولدىن كەتكەن جايلارنى قايتۇرىۋالغىچە بولغان يېرىم ئەسىر ئىچىدە سامانىلار قولىدا تۇرغان ۋە ئىسلاملاشتۇرۇلغان.

ئىككىنچى، 893-يىلى ئوغۇلچاق قىدىرخان قەشقەرگە چېكىنگەندە ئاتۇشتىكى، باشقىچە ئېيتقاندا بالاساغۇندىكى ئاكىسى بازىل بۇغراخان (بۇغرا ئاتام) تېخى ھايات بولغاچقا، ئوغۇلچاق بالاساغۇندا تۇرماي قەشقەرگە ئۆتۈپ كەتكەن.

ئۈچىنچى، بازىل بۇغرا ئاتا ئاتۇشتا ۋاپات بولغان، شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان، بۇ چاغدا ئۇنىڭ گۆدەك ئوغلى سۇلتان ساتۇق بۇغراخان ئاتۇشتا ياشاۋەرگەن. خانلىق

ئوغۇلچاقنىڭ قولىغا ئۆتۈپ، قەشقەر بالاساغۇنغا نىسبەتەن ئاساسلىق ئورۇنغا ئۆتۈشكە باشلىغان. ۋاھالەنكى، سۇلتان ساتۇق بۇغراخان گۇدەك ھالەتتە توقماقتا تۇرىشى ۋە قۇدرەتلىك سامانىلارغا تاقابىل تۇرۇپ، خاتىرجەم ياششى تەسەۋۋۇرغا سىغمايدۇ. سۇلتان ساتۇق بۇغراخان دادىسىدىن گۇدەك قىلىپ تاغىسى ئوغۇلچاق ھامىيسىدە ئۆستى دېگىنىمىزدە، ئۇنىڭ ئاتۇشتىن ئىبارەت بالاساغۇندا ـ قەشقەرنىڭ يېنىدا تۇرغانلىقىنى چۈشىنىمىز.

تۆتىنچى، ئەبۇناسىر سامانى، ئەبۇل پەتتاھ قاتارلىق سامانىلار جەمەتى ئەزالىرى سامانىلار خانلىقىدىكى ئوردا ئىختىلاپلىرى تۈپەيلى سامانىلار بىلەن دۈشمەنلىشىۋاتقان قاراخانىلارغا پاناھ تىلەپ يولغا چىققاندا، ئۇلار سامانىلار قولىدا تۇرىۋاتقان تالاس- چۇ ۋادىسىغا قاراپ يولغا چىقىشى مۇمكىن ئەمەس. روشەنكى، بۇخارادىن قەشقەرگە كېلىش ئۈچۈن پەرغانە (ئۆزكەنت) رايونىدىن ئۆتۈش كېرەك ئىدى، توقماققا بېرىش ئۈچۈن شاش (تاشكەنت) ئىسفىجاپ رايونلىرىنى كېسىپ ئۆتىشى كېرەك ئىدى. توقماقتىن ئاتۇش –قەشقەرگە كېلىش ئۈچۈنمۇ بارسخان (ئىسسىقكۆل)، ئۈچ (ئۈچتۇرپان) يولىدىن باشقا يول يوق ئىدى. بۇخارا، تالاس- قەشقەر ئۈچ بۇرجىكنىڭ ئارىسىدىكى بەھەيۋەت تاغلار تۈپەيلى، بۇ پۇرجەك بوستانلىقلارنىڭ بىر-بىرىگە تۇتاشمايدىغان تاغ يوللىرى بولغان.

بەشىنچى، 932-يىلى سۇلتان ساتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن چۇ ۋادىسىغا بارغان بولماستىن، بەلكى ئاتۇشتا، بارتولد سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، بالاساغۇندا بۇ يەرگە كەلگەن ئەبۇناسىر سامانىدىن بۇ دىنىنى قوبۇل قىلغان. بۇچاغدا سۇلتان ساتۇق 16 ياشتا بولۇپ، ئۇ 916-يىلى، يەنى ئوغۇلچاق قىدىرخان قەشقەرگە چېكىنىپ 23 يىل ئۆتكەندىن كېيىن تۇغۇلغاچقا، تالاس- چۇ ۋادىسىنى كۆرۈشى مۇمكىن بولمىغان. سۇلتان ساتۇق بۇغراخان بۇ جايلارنى سامانىلاردىن 943-يىلى قايتۇرىۋالغاندا 33 ياشلىق نەۋقىران يىگىت ئىدى.

ئالتىنچى، سۇلتان ساتۇق بۇغراخان ئۆز ھەمراھلىرى بىلەن بىر كېچىدە بالاساغۇندىن چىقىپ، قەشقەردىكى ئوغۇلچاق قىدىرخاندىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ قاراخانىلارنى ئىسلاملاشتۇرۇش ئۈچۈن، بۇ بالاساغۇن ئاتۇشتا بولماي، ئۈچ، بارسغان ئارقىلىق ئۇزاق يول بېسىپ بېرىلىدىغان توقماقتا بولىشى مەيلى ۋاقىت، مەيلى مەخپىيەتلىك نۇقتىسىدىن تارىخي مەنتىقىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. بۇ ھال، بالاساغۇننىڭ قەشقەر يېنىدىكى قۇز ئوردىدا ئىكەنلىكىنى تەستىقلايدۇ.

يەتتىنچى، ئاتۇشتا ھازىرمۇ «بۇغرا ئاتام» (بۇغرام) («بۇغرام» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ

زاراتگاھلىق «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا يەنى 1976-يىلى 2- ئايدا تۈزلۈۋېتىلىپ ئورنىغا ھەربى ئالاقىلىشىش پونكىتى سېلىنغان.)، «سۇلتان ساتۇق بۇغراخان»، «ئەبۇناسىر سامانى» قەبرىلىرى، ساتۇق بۇغراخاننىڭ ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغانلىقىغا ئائىت «جايى پەچچەم»، «كۆك تام» قاتارلىق جايلار ۋە بىر يۈرۈش ئىلاھىلاشتۇرۇلغان رىۋايەتلەر ساقلانغان. ۋەھالەنكى، بۇلار توقماق بۇرانا ئەتراپىدا مەۋجۇت ئەمەس.

«بالاساغۇن ـــ توقماق بۇرانا» قارىشىدىكى بۇ تارىخي مەنتىقىي ئاجىزلىق بالاساغۇننىڭ قەشقەر ـ ئوردا كەنتتىن يىراق توقماقتا بولۇشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاشقا كۇپايە قىلىسا كېرەك. ئەھمەد سامانى قەبرىسى بۇخارادا بولغىنىدەك، سۇلتان بۇغراخان مەقبەرىسى ئاتۇشتا تۇرۇپتۇ!

## 7.«بالاساغۇن ـ باغلا ۋە ساغۇن» قارىشىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك تەپسىلاتى

ئاتۇشتىن تېپىلغان بۇنىڭدىن 20- 30 مىڭ يىللار ئىلگىرىكى تاشقا ئايلانغان ئادەم كاللىسى ئەجدادسىز ۋە ئەۋلادسىز يەككە -يىگانە ھادىسە ئەمەس، ئەلۋەتتە. بۇ يۇرتتا ئۆيغۇر- ئاريان ساكلىرى، ئارغۇ- ياغما قەبىلىلىرى ئىزاقتىن ياشاپ ئوخشىمىغان ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت قاتلىمى قالدۇرغان.

ئاتۇش مەشھەدلىك پىشقەدەم رىھىم مۇسا ماڭا بەرگەن بىر تەرىپىگە تاغ تېكىسىنىڭ رەسمى، بىر تەرىپىگە كۆشان پۇللىرىدەك شاھانە تاج چۈشۈرۈلگەن قىزىل مىس سوقما پۇل بۇجايدا خاقانىيە دەۋرىدىن ئىلگىرىمۇ پۇل چىقىرىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. ئاتۇش دىيارىدىن تېپىلغان كۆپلىگەن جەسەت سۆڭەكلىرى، ھەرخىل تامغىلىق مىس پۇللار، قاش ۋە مارجان، ھىقىق قاتارلىق زىبۇ- زىننەت بۇيۇملىرى، ھەرخىل سىرلانغان «چەشكەل» (كاھىش) پارچىلىرى، كۈپ ۋە ئىدىشلار، تۆمۈر داشقاللىرى بۇ جاينىڭ ئاھالىسى كۆپ ئاۋات ماكان ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس بىر يۈرۈش سىرلىق رىۋايەت- ئەپسانىلىرى بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئاتۇشنىڭ ئارغۇ، ئۈستۈن ئاتۇش، ئالتىن ئاتۇش قاتارلىق رايونلىرىدا قەدىمكى ئاھالە ياشىغان نۇقتىلار، ھەتتا قورغان قالدۇقلىرى، مەشھۇر زاراتگاھلىقلار خارابىلىرى ئۇچرايدۇ. بۇلار ئۆز ئالدىغا خاس ئارخېئولوگىيىلىك چەمبەر ھاسىل قىلغان. ئۇنىڭ

ئۇستىگە بۇ خىل ئارخېئولوگىيىلىك چەمبەردىكى نوقتىلارنىڭ مەدەنىيەت قاتلاملىرى بىر-بىرىگە ئوخشىغان ۋە ئوخشىمىغان دەۋرلەرگە مەنسۇپ بولغان.

بۇ ئارخېئولوگىيىلىك چەمبەرلەر ئىچىدە بالاساغۇن شەھرىگە ئائىت مەدەنىيەت قاتلاملىرى باچاك ـ سۇغۇن ئېغىزى ئېقىنى بىلەن بۇغۇز ــ قىران ئېقىنى ېيقىنلاشقان جايلارغا مەركەزلەشكەن.

ھازىرقى ئازاق يېزىسىغا قاراشلىق توقاي كەنتى بىلەن سالافلار يارلىقى، ھازىرقى سۇنتاغ يېزىسىنىڭ تۆركۆلدىن سۇنتاغ توقاي كەنتىگىچە بولغان ئاياغ قىسمى قەدىمكى ئارچازارلىق ساپ ھاۋاسى ئىچىدە گۈللىنىپ تۇرغان بالاساغۇن شەھەر رايونى ئىدى. بۇ شەھەر رايونى سۇنتاغ ساغان (سوغۇن) كەنتىنى مەركەز قىلىپ، ئۆز ئىچىگە «سالافلار»، «نۇرۇن بۇلاق»، «يار قورغان»، «خەندەكلىك»، «ساراي بويى»، «قوشقار ئاتام»، «تۆركۆل» قاتارلىق جايلارنى ئالغان.

دېھقان مەخسۇم تۇرسۇنھاجى ماشا نەق مەيداندا 2 كىلومېتىردىن ئۇزۇن شەھەر قورغىنىنىڭ ئىز خارابىسىنى كۆرسەتتى. بۇ بوز يەردە تام –قورغاننىڭ قاتتىق ئىزى ساقلانغان. شەھەرنىڭ باش تەرىپىدە قاراخانىيلارغا ئائىت «سۇلتان تەھۇر» (پاكلىق)، «سۇلتان زەھۇر» (ئوچۇق- ئاشكارىلىق) نامىلىق مازار؛ شەھەرنىڭ ئايىغى (سۇن تەخت)دا سۇلتان ساتۇق بۇغراخان مازىرى جايلاشقان. ئېيتىلىشىچە، ھازىرقى ئازاق يېزىسىنىڭ «باغلا» دېگەن جايىدا سۇلتان ساتۇق بۇغراخاننىڭ بوۋىلىرى بارگاھ قۇرغان.

«سالافلار» قۇمساغىر بىلەن بالاساغۇن شەھرى ئارىسىدا بولۇپ، ئېيتىلىشىچە، ئۇ ئىلگىرىكى خان- پادىشاھلار قەبرىگاھى بولغان. ئۇ يەردىكى «سۆڭەك يار»دا نۇرغۇنلىغان جەسەتلەر كۆمۈلگەن. بۇ ئەتراپتىكى سېپىل ئورنى ئەتراپىدىن مەخسۇم تۇرسۇنھاجىنىڭ بوۋىسى ئابدۇگۇل ھاجىم كۈمۈش تەنگە- ئاقچىلار تېپىۋالغان، يەنە يۈز كىلولاپ مىس پۇل تاپقان، ئابدۇغوپۇر تۇردى 1974-يىلى سالافلار قەبرىگاھلىقىنىڭ ئايىغىدا يېزا ئىگىلىك مەكتىپى قۇرۇلغاندا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلۈپ، ئۇستۈن ئاتۇشنىڭ لەنگەر كەنتىدىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلاردىن مۆتىئى، قارى ئىككىسى كۆك سىرلىق ساپال كوزىغا (چەشكەل) سېلىنغان سوقما تەنگە- ئاقچا تاپقانلىقىنى ئىسپاتلىدى. بۇ پۇللار مەكتەپ مۇدىرى، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرىتارى ۋاڭ يۈلەنگە تاپشۇرۇلغان. ئۇنى ناھىيە ھاكىمى تۇرسۇن سائادەت 1977-يىلى 4- ئايدا كۆرۈپ، بىر تەرەپتە ئەرەپچە سۆزە، يەنە بىر تەرەپتە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بولغاچقا ئوقۇيالمىسىمۇ، يىلنامىسىغا قاراپ، شۇ چاغدىن 717 يىل ئىلگىرى چىقىرىلغان دېگەن تونۇشقا كەلگەن.

پىنسىيگە چىققان كادىر ئابدۇرېشت سەلەيىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، 1944-يىلى چوڭ سەل (سۇ ئاپىتى) كەلگەندە سالافلار ئاستىدىكى سۇ ئېقىنىدىن تۆركۆللۈك خوجائاخۇن ئىسىملىك كىشى بىر ئالتۇن تاج تېپىۋېلىپ، ئۇنى مۇھەممەد مىسكەرگە كۆرسىتىپ پارچىلىغان. بۇ ئىشنى ئەينى زاماندىكى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بىلىپ قېلىپ تارتىۋالغان. شۇنىڭدىن كېيىن، خوجائاخۇننى خەلق «جوجا ئالتۇن» دېگەن لەقەم بىلەن ئاتايدىغان بولغان.

«نۇرۇن بۇلاق» قەدىمكى چاغلاردا نورۇز بايرىمىنى ئۆتكۈزىدىغان بوستانلىق جاي بولغانلىقى مەلۇم.

«يار قورغان» بالاساغۇندىكى ئىچكى قورغان بولۇپ، 85 ياشلىق مۇھەممەد موللا شاڭزۇڭ 8- 10 ياش چېغىدا بۇ يەردە قاراخانىيلاردىن قالغان بىر ھەربى قورغان خارابىسىنىڭ بولغانلىقىنى دەلىللەيدۇ. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، قورغاندا ئانچە- مۇنچە ئۆي، ئوچاق، تەكچىلەر، ساقلىنىپ قالغان. قورغان سىرتىدا «توقاي خەندەك» بولغان. بۇ قورغان توپىسى مۇنىڭدىن 75 يىل ئىلگىرى ئوغۇت قىلىپ توشۇلغەن. مۇھەممەد موللا شاڭزۇڭنىڭ چوڭ ئانىسى مەلىكىخان چوڭ دادىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنى بۇ نەۋرىلىرىگە يەتكۈزگەن. ئېيتىلىشىچە، ئۇلارنىڭ ئاتا –بوۋىلىرى بۇ تاشلاندۇق قورغان دەرۋازىسىنى كېسەكتە توسۇپ، كىچىك ئىشىك بېكىتىپ، ئاشلىق ۋە بالا- چاقىلىرىنى قورغانغا كىرگۈزىۋېلىپ، بۇلاڭ –تالاڭ قىلغىلى بېسىپ كىرگەن قىپچاق تۆرىلىرىدىن مۇداپىئە كۆرگەن، سېپىلدا تۇرۇپ تاش ئاتقان. بۇ بىرىگە قىرغىز قىپچاقلىرى تۆرىسى ئاقباش خاننىڭ 17- ئەسىردە قاراتاغلىقلار تەرىپىدە تۇرۇپ، ئاقتاغلىق خوجىلارغا ئەگەشكەن ئاتۇش خەلقىگە قارشى تۇرغانلىقىدەك كۆڭۈلسىز ۋەقەنى ئەسلىتىدۇ. مۇھەممەد موللا شاڭزۇڭ ئېنىق قىلىپ: بالاساغۇن شەھىرى 850-يىلىدىن 13 –ئەسىرگىچە قاراخانىيلارنىڭ ئاۋات شەھىرى بولغان دەپ قەيت قىلدى.

«ساراي بويى» تۆركۆلنىڭ توقاي يارلىقى تەرىپىدە قالغان. ئۇ «ساغۇن» (ساغان) مەھەللىسىگە يېقىن بولۇپ، بۇ يەر مەشھۇر ئالىم ئابدۇقادىر داموللامنىڭ مەسلەكدىشى، دىنىي ئالىم شەمسىدىن داموللامنىڭ زېمىنىغا تۇتاش. بۇ يەردىن 1980-يىلى 3- ئايدا دېھقان ئالىمجان خىش خۇمدانىغا توپا كولىغاندا نۇرغۇن ئادەم سۆڭەكلىرى بىلەن بىللە، تۆمۈر داشقاللىرى، كوكىس (قوقاس) بولغان ئوتۇن قالدۇقلىرى ۋە نۇرغۇن مىس پۇل تېپىلغان. بۇ مىس پۇللارنى ۋېي لىياڭتاۋ «قاراخانىيلار تارىخىدىن بايان» (1986-يىلى خەنزۇچە نەشرى) ناملىق كىتابىنىڭ 198- بېتىدە 17 مىڭدىن ئارتۇق، 130 كىلوگىرام

ئەتراپىدا دېگەن.

«ئوي مەھەللە» سۇلتان ساتۇق بۇغراخان مازىرىغا يېقىن بولۇپ، رىۋەم مۇسانىڭ ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە، 1981-يىلى شۇ يەرلىك ئېسا داخاننىڭ ئابدۇرېھىم دېگەن ئوغلى ئېرىقتا سۇ باشلىماقچى بولۇپ ئېرىق يېنىنى كولىغاندا يېرىم تاغارچە مىس پۇل چىققان. ئانچە ئۆتمەي بۇ جايدىن مىس ئېرىتىدىغان ئوچاق بىلەن مىسنى تاختا ھالىتىگە كەلتۈرۈپ ئۇنى دۈگىلەك كەسكۈچتە ئۈزۈپ كېسىپ پۇل ياسىغاندا ئېشىپ قالغان ھەرە كۆزىنەكىدەك مىس تاختا پارچىلىرى تېپىلغان. دېمەك، بۇ قاراخانىلارنىڭ مەلۇم بىر مەزگىلدىكى ئاقچا ياسايدىغان كارخانىسى بولۇپ چىققان. ئەپسۇسكى، قورغان تۈپلىرى ئوغۇت قىلىنغاندەك، بۇ مىس ئاقچىلارنىڭ ھەربىر كىلو گىرامىنى سەككىز مودىن مىسكەرگە سېتىپ، ھارۋا قوڭغىرىقى قىلىۋېتىكەن!

سالافلار مازارلىقى، قۇمساڭىر ئايىغى، قۇمالتاغ (ئارىسلان تاغ) تۈگىن جايىدا قەدىمكى بالاساغۇن شەھىرى سىرتىدىكى يەنە بىر ئارخېئولوگىيىلىك چەمبەر بار بولۇپ، ئۇ «مورا»، «خان ئۆي» خارابىسىدىن ئىبارەت. «مورا» ئۇيغۇرچە مۇنارە دېگەنلىك بولۇپ، ئوچاقنىڭ مورا –تۈرخىنىمۇ ئەمەلىيەتتە مۇنارىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ يەردىكى «مورا» ئۆچ قەۋەت ئۇل سۇپا ئۈستىگە بىر تەرىپى كەڭ سېغىز قېلىن كېسەك بىلەن ياسالغان بولۇپ، ئەسلىدىكى جەنۇپ تەرەپتىكى ئىشىك ئۈستىگە ئارسلان (يولۋاس) بېشى قاپارتما نەقىش قىلىنغان. مۇنارە ئىچى پەلەمپەيلىك بولۇپ ئۈستىگە چىققىلى بولىدۇ. مۇنارنىڭ غەربىدە 35 كۋادرات مېتىر كەڭلىكتە تۆر شەكىللىك ئېگىز كېسەك قورۇلما بار. بۇ تۆر شەكىللىك قورۇلما قاتتىق پەرمان تۆپەيلىدىنلا ياسىلىدىغان ئېغىر ئەمگەك مۆجىزىسى. بۇ قورۇلما بىلەن مۇنار ئارىلىقىدا ئىبادەتخانا ۋە ئۇنىڭ يېنىدا شەيخ ئۆيى تېمى خارابىسى ساقلانغان.

بۇ قورۇلما تۆر دېيىلسە، تۆرنىڭ بىر يۈرۈش بولۇش كېرەكلىكى قائىدىسىگە سىغمايدۇ. بۇ مۇنار بۇددا مۇنارىسى دېيىلسە، ئۇنىڭدا «شادىرا» (جەسەت كۆلى مۇنارىسى)نىڭ ئالامەتلىرى يوق. ئىسلام قائىدىسىدىكى مۇنار، مەسچىت ۋە زاراتگاھلىق ئۆچى بىرگەۋدە بولۇش ئۆلچىمىگە كۆرە، تۆر شەكىللىك قورۇلما چوقۇم قەبرىلىك بولۇش لازىم. بىز بۇنى سۇلتان ساتۇق بۇغراخاننىڭ ئوغۇلچاق قىدىرخانىنى ئىسلامغا كىرگۈزەلمەي، ئۇنى قەتل قىلىشقا تۇتۇنغىنىدا، يەر تەۋرەپ ئوغۇلچاقنى يەر يۇتقان دېگەن رىۋايەتكە ئاساسەن، سۇلتان ساتۇق ئەمرى بىلەن ياسالغان ئالاھىدە قەبرىگاھ بولىشى ئېھتىمال دەپ قارىدۇق. دىنىي رەقىبى ۋە نەسەپ ئەجدادى زىددىيەتلىرى

تۈپەيلى، ئۇنىڭ روھىنى بولسىمۇ مۇسۇلمانلىققا دەۋەت قىلىش ھەم ئىسلام تەنتەنىسىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن، بۇ مۇنار ۋە مەسچىت ياسالغان بولىشى مۇمكىن، بۇ بىر تەخمىن، ئەلۋەتتە. «خان ئۆيى» ھازىر گەرچە قەشقەرنىڭ بەشكېرەم يېزىسىغا تەۋە بولسىمۇ، ئەينى زاماندا بالاساغۇن شەھەر سىرتى بىناكارلىقلىرىدىن بىرى سۈپىتىدە «مۇرى» ئارخېئولوگىيىلىك چەمبىرىگە كىرىدۇ. روشەنكى، مەھمۇد قەشقەرى ئەينى زامانلاردا قەشقەرنى تۈمەن- قىزىل دەريالىرى ئارىسىدا تەھقىقلەشتۈرگەنىدى.

«خان سۇپا»، «كاتتا يايلاق»، «ھاسا ئاتام» ۋە «باش قاش» بويىدىكى خارابىلىقلار بالاساغۇنغا ئالاقىدار سىرتقى ئارخېئولوگىيىلىك يەنە بىر چەمبەر ھېساپلىنىدۇ. بىر قاراشتا ئۇزۇن سوزۇلغان سىپىل خارابىسىدەك، ھەتتا ئارىلاپ -ئارىلاپ كېسەك تاملار كۆرۈنۈپ تۇرغان «باش قاش»، «ئوتتۇرا قاش»، «ئاياغ قاش» بىناكارلىقى ئەسلىدە ئۈستۈن ئاتۇشتىن كەلگەن چاقماق دەريا ئېقىنىنى كاتتا يايلاق تەرەپكە ئېلىپ بېرىدىغان كۆتۈرمە قانال- ئۆستەڭ ئورنى بولغان. «ئوتتۇرا قاش»تا كۆپلىگەن ئاھالە ياشىغان تۇچكىلار ئۇچرايدۇ. بۇ يەردىن 1989- يىلى 7- ئايدا مەن كۆپلەپ يەرلىك سوقما مىس پۇللارنى، بىردانە داچەن (تۆشۈك پۇل)نى، يەنە مۇنچاق، رەڭدار ساپال پارچىلىرى، كىيىمنىڭ مىس ئىزما (تۈگمە)سى، كۈيتە ساقلىنىپ تۇپا بىلەن قوشۇلۇپ بوزۇرۇپ كەتكەن ئاشلىق قالدۇقى، ياغاچ كۆيۈكى ھەم تۆمۈر داشقىلى، ئۈيغۇر قىمارۋازلىرىنىڭ پاقلان پاقالچىقىدىن ياسالغان سىلىقلانغان تۈت ئوشۇقنى تاپتىم، قارىماققا بۇ ئاۋات ئۆستەڭ بويى كېيىنچە خارابىلىشىپ، ھازىر پۈتۈنلەي شورتاڭغا ئايلىنىپ كەتكەن. بۇ يەردىكى ئەڭ كونا مەدەنىيەت قاتلاملىرى قەدىمكى «بايخان» (بارخان) شەھىرى خارابىلىرىگە تەئەللۇق بولىشى مۇمكىن. «تاڭنەما. غەربى يۇرت جۇغراپىيىلىك تەزكىرىسى»دە قەشقەر (سۇلى)غا بېرىشتا «فۇگۇي» ()دىن ئۆتۈدۇ دېگەن بۇ جاي «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ تابغاچ ئىزاھاتىدا تىلغا ئېلىنغان «تۇۋەن چىن - بارخان» شۇ جايدا بولىشى مۇمكىن. خەلق ئارىسىدا ھېلىمۇ «چىن شەھىرى» بولغان دېگەن رىۋايەت بۇنىڭغا ئۇيغۇن كېلىدۇ.

«خان سۇپا» قىبلىگە يۈزلەنگەن بەش مو چامىسىدىكى كەڭلىك بولۇپ، يەردىن 7- 8 مېتىر ئېگىزلىككە كېسەك بىلەن چۆرىدەپ ياسالغان. بۇ تۈغرا بۇلۇڭلۇق تۆت بۇلۇڭ سەھنىنىڭ تۆت تەرىپى ئات چىقالىغۇدەك بېلىق سىرتى قىلىپ ياسالغان. «كاتتا يايلاق»نىڭ شەرقىي تەرىپىگە ياسالغان بۇ بىناكارلىق خانىنىڭ تەخت سۇپىسى بولماستىن، ئەھۋالدىن قارىغاندا، خان كاتتا يايلاقنىڭ شۇ چاغدىكى باراقسان

جاڭگاللىقىدا شىكار قىلىپ، بەزمە قىلىدىغان جاي، جۈملىدىن ماۋرائۇننەھر ھەم خوتەن تەرەپكە ھەربىي يۈرۈش قىلىشتا قوشۇنلارنى رەتكە سالىدىغان جاي بولۇشى ئېھتىمال. بۇ ئەتراپتىن مۇنچاق قاتارلىق زىبۇزىننەت بويۇملىرىنىڭ تېپىلىشى بۇ مەيداندىكى بەزمىلەردىن قالغان يالداما بولۇشى مۇمكىن. بۇ يەردىن خەت يېزىلغان قارا تاختا تاشنىڭ تېپىلغانلىقى مەلۇم، مەخسۇم تۇرسۇنھاجى بۇ ئەتراپتىن يۇلغۇن يىلتىزلىرى كولىغاندا، يىلتىز تېگىدىن قەدىمكى ئۆز ئىشلىك بېشى ياغىچىنىڭ چىققانلىقىنى ئىسپاتلىغان.

x ئىسىملىك بىر ئۆزبېك كىشى يېقىندا ئۈرۈمچىدىن يۇرتىغا قايتىشتا «خان سۇپا»غا يېقىن شېكەر كۆل ئۆتەڭدە بىر ئوتۇنچى بالىدىن سېتىۋالغان شۇ دەۋرگە تەۋە بىر چاپاننى ماڭا بەرگەن. ئوتۇنچى بالىنىڭ دېيىشىچە، «خان سۇپا» ئەتراپىدا يۇلغۇن كۆتەك يىلتىزى كولىغاندا بىر كۈپ چىققان. بۇ چاپان كۈپتىكى كېگىز ئىچىگە تېڭىپ قويۇلغان بولۇپ، چاپان كېپىنەك تېشىۋەتكەن پىلە غوزىكىنى تىتىپ پاختا بىلەن ئىشلەنگەن يىپتا توقۇلغان، ئارىسىغا نىپىز پاختا ئېلىنغان، ئەستىرى ماتا بولۇپ، يېڭىنە ئىش ئىنچىكە بولغان. چاپان شەكلى مەيدىسى يېپىق، يان ئىزما، يەڭلىرى چەۋەندازلارغا خاس تار، بەستلىك ئەرەنچە چاپان بولغان.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، بالاساغۇن سىرتىدىكى مەشھەد (شېھىتلىك)كە جايلاشقان سۇلتان ساتۇق بۇغراخان مازىرى ئەسلىدە توققۇز مۇنارلىق بەھەيۋەت مەقبەرە بولغان، ئۇنىڭ يېنىدا ئەبۇ ناسىر سامانى قاتارلىقلارنىڭ قەبرىسى بولغان. بۇلار يەنىلا بالاساغۇنغا ئائىت ئارخېئولوگىيىلىك توچكا ھېساپلىنىدۇ.

ئىشىنىمىزكى، بالاساغۇن شەھرىگە ئائىت ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىش تېخى رەسمىي باشلانغىنى يوق. بۇ جەھەتتە كۆپلەپ پاكىتلارنىڭ تېپىلىشىغا گۇمان قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاتۇشتا قۇرغاقلىشىش ھادىسىسى داۋاملىق ئېشىپ باردى. مۇنداق قۇرغاقلىشىشتىن ئىككى ئاقىۋەت كېلىپ چىققان. بىرى، تەبىئەت ھادىسىسى سۈپىتىدە يار پەيدا بولۇش؛ يەنە بىرى، جەمئىيەت ھادىسىسى سۈپىتىدە ئاھالىنىڭ ئېقىن بويلاپ سۇ بېشىغا – يۇقىرى تاغ ئاغزىغا يۆتكىلىشى ۋە «ئوشۇق ئاھالە»نىڭ ياقا يۇرتلارغا يۆتكىلىشىدىن ئىبارەت.

يارلىق يەر نەملىكىنىڭ ئارتۇقچە تۆۋەنلەپ كېتىشى بىلەن كېيىنكى كەلكۈن سۈيىنىڭ يەر نەملىكى تويۇنغان «نەملىك بەلبىغى»نى ئىزدەپ يەرنى تۆۋەنلەپ

كىرىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. روشەنكى يەر نەملىكى يۇقىۇرى ئورۇنىدا قانچە كەڭ دەريا بولسىمۇ يارلىق ھاسىل بولمايدۇ. بۇ ھالدا ئوي جايلارغا لاتقا تاشلاپ تىنىدۇرۇش ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ. تىنىدۇرۇش ۋە كولاش يەر ئاستى سۇيىنىڭ يۇقىۇرى –تۆۋەنلىكىگە مۇناسىۋەتلىك بىر قانۇنىيەت. ئاتۇشتا دەل مۇشۇ يار پەيدا بولۇش ھادىسىسى تۇپەيلى، ئاھالە ئىلگىرىكى ماكانلىرىدىن سۇ بېشى تەرەپكە، بوغۇز ۋە «جىن تۈگمەن» تەرەپكە كۆچكەن. كۆچكەنلەر ئەسلىدىكى مەھەللە- كەنت ناملىرىنى يۆتكەپ كېتىشكەن. 19- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى قۇمساقىردا ھەسەن بالاھاجى قۇمۇلدىن كارىزچى يۆتكەپ كېلىپ كارىز كولىغان بولسىمۇ، كېيىنچە سۈيى تۆۋەنلەپ قۇرۇپ كەتكەن.

ئاتۇش سۇنتاغ رايونىنىڭ بالاساغۇن شەھىرى ئورنى ئىككى ھادىسىگە دۇچ كەلگەن. ئۇنىڭ بىرى، يار يالاپ كېتىش ھادىسىسى. بالاساغۇننىڭ بىر يان قىسمى (ساراي بويى، شەمسىددىن داموللاھاجىم زىمىنىنىڭ نېرىسى) يار ئاستىدا خاراپ بولغان. نەتىجىدە ئىلگىرىكى ئېقىن سۇ ئاققان چوڭ ئۆستەڭ ئورنى يار ئۇستىدە قېلىپ قېلىپ، ئىلگىرىكى ئارچىزار توقايلىق شاللىقا ئايلىنىپ كەتكەن. يەر بۆلگەن (بۆلۈنگەن) جايدىن تۆۋەن قاتلامدىكى سايغا جايلاشقان «بۆگەن» كەنتى يېڭىدىن پەيدا بولغان. بۇ قېتىم ئابدۇكېرىم ھاجى خەلپىتىم، مۇھەممەد موللا شاڭزۇڭ، ئابلەت كامال، مەخسۇم تۇرسۇن ھاجىلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار كىچىك ۋاقتلىرىدا بۇ يارلىق تار بولۇپ، بىر تېرەكنى غولتىپ كۆۋرۈك قىلغىلى بولىدىكەن. باللار ئۇ قاشتىن بۇ قاشقا چالما ئېتىپ ئوينايدىكەن. 1944-يىلدىكى كەلكۈن ئاپتى بىلەن 1952-يىلى 8-ئاينىڭ 19 – كۈنىدىكى كەلكۈن يارلىقنى ھازىرقى ھالەتتە يوغىنىتىۋەتكەن. بالاساغۇن شەھىرىنىڭ ئورنى دۇچ كەلگەن ئىككىنچى ھادىسە شۇكى، بۇ جاي ئايرىم تاشلىنىپ كەتكەن خارابە بولماستىن، قىسمەن تاشلانغان، قىسمەن يار ئېلىپ كەتكەن، قىسمەن ئاھالە ياشىغان ھالەتتە بولغاچقا، سېپىللار ئوغۇت قىلىنغان، كوچا- مەھەللىلەر، ئېتىز –ئېرىقلار كۆپ قېتىم «گۈيخۇا» قىلىنغان (سالالاشتۇرۇلغان). ئاسارە- ئەتىقىلەرنى ئاسراش ئورنى بولمىغان. بۇلۇڭپۇڭ قەشقەرىيىدە خوجىلار دەۋرى باشلانغاندىن كېيىن، گەرچە يېڭىسار، يەركەن تەرەپتىن قاراتاغلىق جوجا مۇخلىسلىرى بۇ جايدىكى مازار- ماشايىقلارنى زىيارەت قىلغىلى كەلسىمۇ، يەرلىك خەلق ئاقتاغلىق خوجىلار تەسىرىدە ئاپاق خوجا مازىرىغا بېرىپ زىيارەت قىلغان.

# 8.مۇھاكىمىنىڭ دەسلەپكى يەكۈنى

بالاساغۇننىڭ ئورنى مەسىلىسى يېشىلمىگەن، قىزىقارلىق، كۆپ باغلىنىشلىق ھالقىلىق تېما.

مۇنداق موھىم چوڭ تېمىنى ئەمدى ھەل قىلىش ۋاقتى كەلدى. بالاساغۇن ئورنى مەسىلىسىنى تەلتۆكۈس ھەل قىلىش ئۈچۈن جۇغراپىيىلىك، ئېتنولوگىيىلىك، تارىخىي، ئارخېئولوگىيىلىك، مەدەنىيەتشۇناسلىق، تېكىستولوگىيىلىك، تومنومىيىلىك، ئابىدەشۇناسلىق (ئېپىگرافىكا)، كونا يۇللار تەتقىقاتى قاتارلىق نۇرغۇن ساھەلەرنىڭ بىرلىكتە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىگە توغرا كېلىدۇ. باشقىلارغا ھاڭ بېقىپ «تەييارغا ھەييار» بولۇپ تۇرۇش يېڭى پەن ئەھلىنىڭ ئىشى بولماسلىقى كېرەك.

بارتولد ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتىغا خۇددى رادلوف ئالتاي تىللىرى تەتقىقاتىغا زور تۆھپە قوشقاندەك مۆلچەرلىگۈسىز قىممەتلىك تۆھپە قوشقان. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخشۇناسلىقىنىڭ جاھان ئېتىراپ قىلغان ئېپتىخارلىق ۋەكىلى.

بارتولدنىڭ «بالاساغۇن — توقماق بۇرانا» فىگورىسى ئىلىم- پەن ئۆلچەملىرى ئالدىدا ئۆز ئاجىزلىقلىرى بىلەن بىرقانچە ئون يىل داۋام قىلىپ كەلدى. كۆپلىگەن كىشىلەر، جۈملىدىن مۇشۇ ماقالە ئاپتورىمۇ خېلى بىر مەزگىل بۇ قاراشقا ئاساسلىنىپ كەلگەن.

بۈگۈنكى كۈندە بىز «بالاساغۇن – ئارتۇچ (ئېنىقراقى باغلا ۋە ساغۇن)» فىگورىسىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. بۇ ئەمەلىيەتتە بارتولدنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق قاراخانىيلار ۋە بالاساغۇن تەتقىقاتى پېشىۋالىرى ئىشلىرىنىڭ داۋامى.

بىز ئەزەلدىن ھەقىقەت ئىككى ئەمەس، بىر دەپ قاراپ كەلدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەقىقەت بىر قېتىمدىلا بىلىنىپ كەتمەيدۇ، ھەقىقەتنى بىلىش بىر جەريان دەپ قاراپ كەلدۇق. پاراللېل ئىككى فىگورىنىڭ بىللە تۇرۇشى ھەقىقەتنى بىلىپ يېتىش جەريانىغا پايدىلىق بولۇپ، بۇ ھەقىقەت ئىككى دېگەن مەنىنى بىلدۈرمەيدۇ، ئەلۋەتتە.

مۇشۇ ئىلىم- پەن بىلىش نەزەرىيىسىگە، مۇشۇ ئىلىم –پەن دېموكراتىيىسىگە، مۇشۇ ئىلىم- پەن ئەدەپ- ئەخلاقىغا مۇۋاپىق، بىز «بالاساغۇن- توقماق بۇرانا» فىگورىسىغا يانداش بولغان ئىككىنچى فىگورىنى — «بالاساغۇن — باغلا- ساغۇن» فىگورىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا ھەقلىقمىز.

ھەقىقەت بەربىر بىر. بۇ ئىككى فىگورىنىڭ قايسىسىنىڭ بۇ مەسىلىدىكى

ھەقىقەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ بۇ تېمىغا قىزىققان ئىلىم- پەن ئەھلى ئىلمىي تەتقىقات ئەمەلىيىتى ئاساسىدا ھەل قىلىدىغان مەسىلە.

بىز بالاساغۇنىنىڭ ئورنى مەسىلىسىنىڭ ئۇزۇل- كېسىل ھەل قىلىنىشى ئالىملار بىلەن كەڭ خەلقنىڭ ھەمجەھەتلىكىنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇق.

1989-يىل. ئۈرۈمچى

# چىن ۋە ماچىننىڭ جۇغراپىيىلىك ئۇقۇم دائىرىسى

چىن ۋە ماچىن ئىبارىسى ئۇيغۇر-تۈرك، ئەرەب ۋە پارس ئالىم-ئەدىبلىرىنىڭ تارىخ، جۇغراپىيە، تىلشۇناسلىق دەستۇرلىرىدا ، ساياھەتنامىلىرىدە ۋە شېئىر داستانلىرىدا مىڭ يىللاردىن بېرى ئىزچىل يوسۇندا ئىستېمال قىلىنىپ كېلىۋاتقان، ھەممىگە تونۇش نام بولسىمۇ، لېكىن مۇشۇ ئەسىرگە كەلگەندە ئىبارىنىڭ تارىختىكى جۇغراپىيىلىك ئۇقۇم دائىرىسىنى چۈشىنىش ۋە ئىزاھلاشتا يول قويغىلى بولمايدىغان خاتالىق كۆرۈلۈۋاتىدۇ.

مەلۇمكى، چىن ۋە ماچىن ئىبارىسى ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقىرىنىڭ " تۈركىي تىللار دىۋانى" ناملىق كىتابىدا، مۇتەپپەككۇر ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ "قۇتادغۇبىلىك "داستانىدا ، مەشھۇر شائىر ئەلىشىر نەۋائىينىڭ داستانلىرىدا ، لۇتفى ۋە زەلىلى قاتارلىق شائىر_ئەدىپلەرنىڭ غەزەللىرىدە؛ نىزامى ، فىردەۋسى، خىسراۋ دېھلىۋى، ھاجۇ گىلمان قاتارلىق پارس كلاسسىكلىرىنىڭ داستانلىرىدا؛ ئوتتۇرا ئەسىر ئەرەب سەيياھلىرى ۋە تارىخچىلىرىنىڭ كىتابلىرىدا؛ ئارىيان ۋە بۇددىزم دەستۇرلىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلغان.

بىزنى چىن ۋە ماچىندىن ئىبارەت بۇ قوشكېزەك ئىبارىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئۇقۇم دائىرىسى ھەققىدە جىددىي مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشقا ئۈندەۋاتقان سەۋەپ يېقىنقى ۋە بۈگۈنكى زاماندىكى بىر قىسىم تەتقىقاتچىلارنىڭ ياكى چۈشەنچىسىنىڭ يېتەرسىزلىكىدىن ياكى ئىلمىگە يات غەرىزىنىڭ نەتىجىسىدىن كېلىپ چىقىۋاتقان ھەم كۆچەپ ئومۇملاشتۇرۇشقا تىرىشىۋاتقان خاتا قاراشلىرىدۇر. ئېنىقنى ئېيتقاندا چىن ۋە ماچىن ئىبارىسى توغرىسىدا تەتقىقاتچىلار ئارىسىدا مۇنداق ئىككى خىل قاراش ساقلانماقتا.

بىرىنچى خىل قاراش: چىن ۋە ماچىن چەتەللىكلەرنىڭ «چاينا» (china) دېگەن سۆزى بولۇپ، توغرىدىن توغرا پۈتۈن تەرجىمىسى «جۇڭگو» دېگەندىن ئىبارەت بۇ ئاتالغۇ ئەسلىدە مىلادىيەدىن ئىلگىركى چىنشىخۇاڭنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ئۇرۇشقاق بەگلىكلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىدىن كېيىن قۇرۇلغان چىن سۇلالىسىنىڭ نامىنى ئۆزىگە مەنبە قىلىدۇ، دېگەن كۆز قاراش. بۇ قاراشتا «چاينا» ئاتالغۇسىنىڭ ھازىرقى تەرجىمىسى «جۇڭگو» دېگەن چۈشەنچە بىلەن چىن سۇلالىسى ۋە چىن ،ماچىن ئاتالمىلىرىنى

ئارىلاشتۇرۇۋېتىش ئەھۋالى كۆرۈلگەن.

ئىككىنچى خىل قاراش: «چاينا» ئىبارىسى چىنشىخۇاڭ بىلەن ئەمەس، بەلكى چىڭ (مانجۇ) سۇلالىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ھەم ئىسپانىيە، پورتۇگالىيە ۋە بۈيۈك برىتانىيىنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ تەسىر دائىرىسىدىكى رايون ھىندى-چىنى ۋە جۇڭگو بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋەتلىرى ۋە كېلىشىملەر بىلەن باغلانغان ھالدا خەلقارا ئىستېمالغا كىرىپ كەلدى دېگەن قاراش. ب. لەۋفەر ئۆزىنىڭ «چاينا ئاتالغۇسى ھەققىدىكى تەكشۈرۈش» ناملىق ماقالىسىدا تۇنجى قېتىم بۇ ئاتالغۇنى چىنشىخۇاڭ بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىزاھلاشقا ئېتىراز بىلدۈرگەن فرانسىيىلىك شەرقشۇناس پىللىوت «china ئىبارىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى» دېگەن ماقالىسىدىمۇ چىن ، تاۋغاچ ، خىتاي ئىبارىلىرىنىڭ مەنبەلىرى ھەققىدە توختالغان.

مېنىڭچە ھازىرقى ئىنگلىز تەلەپپۇزىدىكى «چاينا»ئىبارىسى يېقىنقى زامان تارىخىدىكى جۇڭگونى ئىپادىلەيدىغان ئىبارە بولۇپ، ئۇ مانجۇلار قۇرغان چىڭ سۇلالىسىنىڭ نامۇ ئاستىدا مەيدانغا كەلگەن. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى جۇڭگو تارىخىدا ئۆتكەن ھەر قايسى دۆلەتلەر ياكى سۇلالىلەر ئۆزلىرىگە خاس ۋە بىر دەۋر ئىچىدە قوللىنىلغان نامى بولۇپ، پۈتۈن جۇڭگو ھەرگىزمۇ ئىزچىل يوسۇندا بىر سۇلالە نامىدا ئاتالغان ئەمەس!

بىز چىن «真»، جىن «晋»، چىن «秦»، جىن «金» ۋە چىڭ «清» ئاتالمىسىنى، چاينا ئىبارىسىنى، چىن ۋە ماچىن ئۇقۇملىرىنى تارىخىي يوسۇندا پەرقلەندۈرۈپ تەتقىق قىلىشىمىز كېرەك.

بىز ئالدى بىلەن «چىن» ۋە «ماچىن» ئاتالغۇسى ھەققىدىكى بىر قىسىم تارىخىي ھۆججەتلەر بىلەن تونۇشۇپ چىقايلى. ئەڭ قەدىمكى زامانلاردىن باشلاپ ھىندى دەرياسىنىڭ باشلىنىش قىسمىدىكى بەش ئېقىن (پەنجئاپ) ئىچىدە«چىناپ»دېگەن دەريا بولۇپ ، بۇ چىندىن ئېقىپ چىققان دەريا دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ياپونىيىلىك تارىخچى يويجى لىيوتى «غەربىي يۇرتتا بۇددا دىنى» ناملىق كىتابىنىڭ 313-بېتىدە (خەنزۇچە نەشرى) «پامىر تېغىنىڭ غەربىدە چىناپ (CHENAB) ۋە چېلام (JHELAM) دېگەن ئىككى دەريا بولغان» دەپ يازغان. بۇ ئىككى دەريا لاۋي، باس، ساتلەر دەريالىرى بىلەن قوشۇلۇپ بەش دەريا –پەنجاپ ۋادىسىنى ھاسىل قىلغان. بۇ دەريالار ھىندى دەرياسىنى تەشكىل قىلىدۇ. س.لەرى نىڭ كۆرسىتىشىچە، ھىندىلار «چىن» دېگەن ئاتالغۇنى پامىر(قارلىقتاغ) ئەتراپىدىكى قەبىلىلەرگە قارىتىپ ئىشلەتكەن.

پىلك چىڭجوڭ ئەپەندى «غەربىي يۇرت ۋە جەنۇبىي دېڭىز تارىخ–جۇغراپىيىسىگە دائىر تەتقىقات ماقالىلىرى توپلىمى»ناملىق كىتابىنىڭ 99-بېتىدە «شەرقىي شىيالار بىلەن ھىندىلار ئارىسىدىكى زېمىن سانسكرىت تىلىدا < چىن> دەپ ئاتىلىدۇ» دەپ يازغان.

ھىندىستاننىڭ «مانۇ قانۇنى»، «ماخاپخاراتا»، «قەدىمكى ھادىسىلەر» قاتارلىق قانۇنشۇناسلىق ۋە ئەدەبىيات دەستۇرلىرىدا «چىن» ئىبارىسى تىلغا ئېلىنغان. «قەدىمكى ھادىسىلەر» ناملىق رىۋايەت كىتابىدا 'مانۇنىڭ توققۇز ئوغلى ۋە بىر قىزى بولۇپ ، بۇ قىز ئاي ئىرۇنىڭ ئوغلى بۇدۇ بىلەن نىكاھلىق بولىدۇ. ئۇلاردىن بولغۇسى <ئاي خان> تۇغىلىدۇ. مانۇنىڭ <شېكەر خان> دېگەن ئوغلى مانۇنىڭ ياردىمىدە <چىن >يېرىنىڭ بىر قىسمىنى ئىگەللەپ <ئايتۇ> قەھسىنى سالىدۇ. بۇ <ئايتۇ> ئاي خانلىقىنىڭ باشلىنىشى بولىدۇ (ئا. ئوسپوفنىڭ «10-ئەسىرگىچە ھىندىستان تارىخىنىڭ ئوچېركى» خەنزۇچە نەشرى) دېيىلگەن.

ئەنگلىيىلىك ستەيىن ئۆزىنىڭ «SÉRINDIYA» ناملىق كىتابىدا (بۇ كىتاب خەنزۇچىغا <西域> غەربىي يۇرت دەپ تەرجىمە قىلىنغان)، پىڭچىڭجوڭ ئەپەندى «لولەن ۋە پىشامشان مەسىلىسى»ناملىق ماقالىسىدا لوپچىن ( NOP-CHIN) ئىبارىسىنى تىلغا ئالغان. ئۇلارنىڭ پەرىزىچە، لوپ- كونا لولان شەھىرىنىڭ لوپنۇر كۆلى ساھىلىدىكىنى، چىن سۆزى بولسا، شەھەر- قەلئە مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ سۆز قەدىمكى مىنوسىنسك ۋادىسىدىكى تۇران، تۇرانچىن ۋە قارا شەھەرنىڭ ئاراچىن دېگەن نامى بىلەن بىرلەشتۈرۈلسە، كىشىنى تېخىمۇ ئىزدىنىشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ.

ستەيىن "قەدىمكى خوتەن" (1907-يىلى) ناملىق كىتابىدا خوتەننى ماچىن دەپ تىلغا ئالىدۇ.(ھازىرمۇ خوتەندە < چىنى ماچىنى ماچىن> شەھرى دەپ ئاتىلىدىغان خارابە بار) ماھاما-ماغا ئاتالغۇلىرى قەدىمكى ئارىيان ھەتتا ياۋچىلار تىلىدا چوڭ دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشھۇر راھىپ تاڭ شۈەنزاڭ "ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدە غەربكە قىلغان ساياھەت " ناملىق كىتابىدا «خوتەن پادىشاھلىرىنىڭ پېشۋاسى شەرقىي تۈرك شاھزادىسى( 东土帝子) بولۇپ ، ئۇ ھىندىستانلىق پادىشاھ ئاسۇكا بىلەن زاماندىش ئىدى» دەپ يازغان. خۇنىن(XUNIN)«ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى يادىكارلىقلار» ناملىق ئەسىرىنىڭ 12-بېتىدە بۇ شەرقىي تۈرك شاھزادىسىنى «شەرقىي تۈرك ھېساپلانغان ئۇيغۇرلار ئىدى» دەپ ئىزاھلىغان.

ئارىيانلارنىڭ دىنىي دەستۇرى بولمىش مەشھۇر كىتاب «ئاۋېستا» دا «چىن» ئىبارىسى ئىپادىلەنگەنلىكى مەلۇم. ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە»داستانىدا قەيت

قىلىنىشىچە، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 11-ئەسىرلەرگە ئائىت موسا پەيغەمبەرنىڭ يەھۇدىي دىنى دەستۇرى "تەۋرات" تا چىن –«گوگ»، ماچىن –«ماگوگ» ئىبارىسى بىلەن ئىپادىلەنگەندىن تاشقىرى، چىن-ياپەسىنىڭ نەۋرىسى دېيىلگەن. تارىخچى مىر خاند «رەۋزەتۇسسافا» ناملىق ئەسىرىدە، موللا موسا سايرامى «تارىخى ھەمىدى» ناملىق ئەسىرىدە تۈرك ياپەسىنىڭ ئوغلى، نوھنىڭ نەۋرىسى، چىن ۋە ماچىن بولسا تۈركنىڭ ئوغۇللىرى دەپ بايان قىلغان. مەھمۇد قەشقىرىمۇ «تۈركلەر ئەسلىدە يىگىرمە قەبىلىدۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەڭرى ئەزىز كۆرگەن نوھ پەيغەمبەرنىڭ ئوغلى ياپەس ۋە ياپەسنىڭ ئوغلى تۈرككە بېرىپ تاقىلىدۇ»(«تۈركىي تىللار دىۋانى»1-توم، 37-بەت) دەپ كۆرسەتكەن.

پېلىڭ چىڭجۇن ئەپەندى «غەربىي يۇرت ۋە جەنۇبىي دېڭىز تارىخ –جۇغراپىيىسىگە دائىر تەتقىقات ماقالىلىرى توپلىمى» ناملىق كىتابىدا قەشقەر ھەققىدە :قەشقەر خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتىكى بىر دۆلەت ئىدى. چىن ئاتالغۇسىنىڭ مەپھۇمى مۇشۇ دۆلەتنى كۆرسەتسە كېرەك، ئۇنىڭ چېگرىسى كوشان بىلەن تۇتاشقان بولۇشى مۇمكىن ، مۇنداق دۆلەت پەقەت قەشقەر بولۇشى ئەقىلگە مۇۋاپىق، دەپ يازغان. لۈي جىن ئەپەندى «بۇددىزم مەزھەپلىرىنىڭ مەنبەرلىرى» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە «كوشان خاقانلىرىدىن بولغان كانىسكى چىنتەنلىك (真檀)ئىدى»دېگەن يەكۈننى چىقارغان.

رىم ئىمپېرىيىسى زامانىدىكى ئەسەرلەردىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى رىم شائىرى گوراس (ھوراسە)نىڭ داستانىدا، مىلادىيە 2-ئەسىردە ياشىغان رىم شائىرى پىلىنو (PLINY) نىڭ «تەبىئەت تارىخى» ناملىق ئەسىرى بىلەن پىتلومى (PTOLOMES)نىڭ «جۇغراپىيە» ناملىق كىتابىدا چىن ئېلى ۋە يىپەك مەملىكىتى تىلغا ئېلىنغان. پېلىڭ چىڭجۇن: پىلومىنىڭ يىپەك مەملىكىتى ھەققىدە ئېيتقانلىرى قەدىمكى تۇران (مەركىزى ئاسىيا )دىكى سۇلې)قەشقەر)بىلەن ئالاقىسىز دەپ قارىغىلى بولمايدۇ، دېگەن.(يوقۇرقى كىتاب 99-بەت) پىتلومىنىڭ ئەسىرىگە مەنبە بولغان مارىنوسنىڭ (MARUNUS)ساياھەت نامىسىدا چىن(ceni) ۋە يىپەك مەملىكىتى(seres) دېگەن ئىبارىلەر تولىمۇ روشەن تىلغا ئېلىنغان.

مىلادىيە 3-ئەسىردە ياشىغان ئەبۇدەلىق ئىسىملىك ساياھەتچى ئۆزىنىڭ ساياھەتنامىسىدە «بۇخارادىن چىنغىچە» كەلگەنلىكىنى يازغان. سامانىيلار سۇلالىسى شاھى سۇلتان ناسىر بىننى ئەھمەد ۋاقتىدىكى ئابدۇللا ھىسسارىبىننى ئەل مەھەلھىل ئۆزىنىڭ «ساياھەتنامە» سىدە چىنگە بارغانلىقىنى يازغان. مەلۇمكى، ئابدۇللا ھىسسار

بىننى مەھەلھىلنى سامانىلار شاھى سۇلتان ناسىرى بىننى ئەھمەد قەشقەردىكى قاراخانىيلار ھۆزۈرىغا 943-يىلى نىكاھ ئەلچىلىرى قاتارىدا ئەۋەتكەن ئىدى.

مەھمۇد قەشقىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»نامىلىق كىتابىدا چىن ۋە ماچىنغا مۇناسىۋەتلىك بايانلارنى قىرىققا يېقىن ئورۇندا تىلغا ئالىدۇ ۋە ئىزاھلايدۇ. 1-توم، 38-بەتتە «مەيلى مۇسۇلمان بولسۇن ياكى بولمىسۇن، رۇم ئۆلكىسىنىڭ يېنىدىن كۈنچىقىشقا قاراپ كەتكەن تەرتىپ بويىچە، شەرقتىكى تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ تۇرار جايلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتتۈم» دەپ يېزىپ ئالتاي تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى يىنسەي (ئاناساي) دەريا ۋادىسىدىكى قىرغىزلارنى «قىرغىزلار چىنغا يېقىن جايلاشقان» دەپ كۆرسەتكەن. ئاندىن تۈرك قەبىلىلىرى بولغان خىتاي، تاۋغاچ توغرۇلۇق «خىتاي-چىن دېمەكتۇر»، «تاۋغاچ-ماچىن دېمەكتۇر» دەپ كۆرسىتىدۇ. مەھمۇد قەشقىرى 1-توم، 592-بەتتە«تاۋغاچ» ئىبارىسىگە مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك ئىزاھات بەرگەن.

(1) تاۋغاچ-ماچىن ئېلىنىڭ نامى،(2) تاۋغاچ –تۈركلەرنىڭ بىر بۆلىكى،(3) تاۋغاچ-بۆيۈك ۋە قەدىمي نەرسە دېگەن مەنىدە.

ئورخۇن ئابىدىلىرى بىلەن كۆك تۈرك خانلىقى زامانىدا توقباتلار –تاۋغاچ. تاڭلار – تاڭجازى، كىدانلار –خىتاي دېيىلگەن بۇ مىللەتلەر شۇ دەۋردە ھاكىمىيەت يۈرگۈزىۋاتقان مىللەتلەر ئىدى.

مەھمۇد قەشقىرى «چىن» نى ئۈچكە كۆرسەتكەن . يەنى يوقىرى چىن-تاۋغاچ، ئوتتۇرا چىن-خىتاي، تۆۋەن چىن –قەشقەر،(1-توم ، 592-بەت).

مەھمۇد قەشقىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مىللەتلەرنى «ئارىدا چوڭ سېپىل ۋە چىن يېنىدىكى تاغ-دېڭىزلار بولغىنى ئۈچۈن يەجۈج ۋە مەجۈجلەرنىڭ تىللىرىمۇ بىزگە مەلۇم ئەمەس» (1-توم، 39-بەت)دەپ ئېنىق كۆرسەتكەن. كىتابىغا كىرگۈزگەن خەرىتىدىمۇ بۇنى پەرقلەندۈرگەن. «تات تاۋغاچ» ئىبارىسىنى«بۇ ئۇيغۇر ۋە چىنلىق دېگەن بولىدۇ»(2-توم،409-بەت) دەپ كۆرسەتكەن. «چىگىل، ياغما، توخسى، ئارغۇ، ئۇيغۇر قاتارلىق يوقىرى چىنغا قەدەر جايلاشقان قەبىلىلەر» دېگەن بايانلارنى 2-تومنىڭ 64-، 78- ۋە 88- بەتلىرىدە تەكرار-تەكرار تىلغا ئالغان. 1-توم، 151-بېتىدە«ئۇيغۇر بىر ئەلنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ بەش شەھىرى بار. بۇ شەھەرلەرنى زۇلقەرنەيىن تۈرك خاقانى بىلەن پۈتۈم تۈزگەندىن كېيىن سالدۇرغان ئىكەن» دەپ يازغان بولسا، 3-توم، 567-بەتتە «تۈركمەن» ئىبارىسىگە ئىزاھ بەرگەندە «خاقان <شۇ شۇ> چىن تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ، زۇلقەرنەيىن ئۇنىڭ كەينىگە چۈشىدۇ،

ئۇيغۇرلارغا يېقىن بىر يەردە خاقان زۇلقەرنەينگە بىر قىسىم چارلىغۇچى قوشۇن ئېۋەتىدۇ. توقۇنۇش نەتىجىسىدە زۇلقەرنەينمۇ شۇنداق قوشۇن ئېۋەتىدۇ. توقۇنۇش نەتىجىسىدە زۇلقەرنەين ئەۋەتكەن قوشۇن مەغلۇپ بولىدۇ. بۇ توقۇنۇش <ئالتۇن قان > دېگەن يەردە بولغانىكەن. بۇ تاغ ھازىرقى كۆندە <ئالتۇن قان> دەپ ئاتىلىدۇ. زۇلقەرنەين ئەنە شۇ يەردە خاقان بىلەن سۈلھ تۈزىدۇ» دەپ يازغان. دېمەك مەھمۇد قەشقىرى بۇ ئىككى باياندا «ئۇيغۇر ئېلى» بىلەن «چىن» نى يانداشتۇرۇپ تىلغا ئالغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. بىز يەنە ئۇنىڭ تۈرك يېزىقى توغرىسىدا توختالغاندا«قەدىمدىن بېرى قەشقەردىن يوقىرى چىنغىچە بولغان ھەممە تۈرك يۇرتلىرىدا بارچە خاقانلار بىلەن سۇلتانلارنىڭ يارلىق ۋە خەت ئالاقىلىرى ئەنە شۇ يېزىقتا يېزىلىپ كەلگەن»(1-توم، 11-بەت) دەپ يازغانلىقىنى كۆرۈپ، «چىن » ئىبارىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئۇقۇمى ھەققىدە تېخىمۇ ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە بولىمىز. چۈنكى «ھۇدۇدۇل ئالەم» ناملىق مەشھۇر كىتابتا تۇرپاننى «چىنجكەنت» دەپ ئاتىغانلىقى ھەممىگە ئايان. مەھمۇد قەشقىرى«دىۋان» نىڭ 1-توم، 517-بەتتىكى «كەرەم» سۆزىنى ئىزاھلىغاندا «يوقۇرى ۋە تۆۋەن چىنلىقلار تىلىدا» دەپ قوشۇپ قويغانلىقىنى كۆرىمىز. مەھمۇد قەشقىرىنىڭ تۆۋەن چىن دېگەندە قەشقەرنى كۆزدە تۇتىدىغانلىقى كىتابىنىڭ ئۈچ يېرىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن.

مۇتەپەككۇر ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىغا كېيىنكى كىشىلەر تەرىپىدىن قوشۇپ كىرگۈزۈلگەن نەسرىي ۋە كېيىنچە يەنە نەزمىي مۇقەددىمىدە چىن ۋە ماچىن ئىبارىلىرى مۇنداق چېلىقىدۇ:

«بۇ بەك ئېزىز بىر كىتابتۇر، ئۇ چىن ھۆكىملىرىنىڭ ھېكمەتلىرى بىلەن بېزەلگەن، ماچىن ئالىملىرىنىڭ شېئىرلىرى بىلەن ياسالغانكى، بۇ كىتابنى ئوقۇغان ۋە بېيىتلارنى باشقىلارغا بىلدۈگەن كىشى بۇ كىتابتىنمۇ ئەزىزراقتۇر. چىن-ماچىن ئالىملىرى ۋە ھېكىملىرىنىڭ ھەممىسى بىر قارارغا كەلدىكى، مەشرىق ۋىلايىتىدە، پۈتۈن تۈركىستان ئەللىرىدە، تۈركەي سۆز بىلەن بۇغراخان تىلىدا ھېچكىم بۇنىڭدىن ياخشىراق كىتابنى ھەرگىز يازغىنى يوق. بۇ كىتاب قايسى پادىشاھلىققا ياكى قايسى ئىقلىمغا يەتسە، غەيەت ئۇزلىقى ۋە پەۋقۇللادە گۈزەللىكىدىن، ئۇ ئەللەرنىڭ ھېكىملىرى ئالىملىرى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا ھەر بىرى بىر تۈرلۈك ئات ۋە لەقەم بەردى. چىنلىقلار <ئەدەبۇلمۈلۈك> (شاھلارنىڭ ئەدەپ-قائىدىلىرى) دەپ ئاتىدى؛ ماچىن مۈلكىنىڭ ھېكىملىرى <ئائىنۇل مەملىكە> (مەملىكەتنىڭ دەستۇرى) دېسە، مەشرىقلىقلار <زىننەتۇلۇمرا> (ئەمىرلەر زىننىتى) دېدى؛ ئىرانلىقلار <شاھنامە تۈركىي> دەپ ئات قويدى؛ بەزىلەر <پەندنامە

مۇلۇك> (پادىشاھلارغا نەسىھەت)دەپ ئاتىدى؛ تۇرانلىقلار <قۇتادغۇبىلىك> دەپ ئات قويىدى»بۇ باياندىكى «چىن ۋە ماچىن ئالىملىرى ۋە ھېكىملىرىنىڭ ھەممىسى بىر قارارغا كەلدىكى مەشرىق ۋىلايىتىدە، پۈتكۈل تۈركىستان ئەللىرىدە ، تۈركىي سۆز بىلەن بۇغراخان تىلىدا ھېچكىم بۇنىڭدىن ياخشىراق كىتابنى ھەرگىز يازغىنى يوق »دېگەن جۈملىدىكى«چىن-ماچىن ئالىملىرى ۋە ھېكىملىرى» دېگەن بۆلەك بىلەن «مەشرىق ۋىلايىتىدە ، پۈتكۈل تۈركىستان ئەللىرىدە، تۈركىي سۆز بىلەن بۇغراخان تىلىدا» دېگەن بۆلەكنى بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندا، «چىن ۋە ماچىن» ئىبارىسىنىڭ «قىدان» ئىبارىسىدىن پەرقلىق تىلغا ئېلىنغانلىقىنى، «چىن ۋە ماچىن ئالىملىرى ۋە ھېكىملىرى»ھېچقاچان «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ خەنزۇچە نۇسخىسىنى كۆرۈپ بۇ ھەقتە باھا يۈرگۈزۈۋاتقان لىياۋ ياكى سۇڭ سۇلالىسى ئالىم ھېكىملىرى ئەمەسلىكىنى تەبىي ھېس قىلىمىز.

ستەين ئۆزىنىڭ خوتەن –لوپ ۋادىسىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك ساياھىتىدە مىلادىيىنىڭ بېشىدىكى كاڭىيە يېزىقىدا يېزىلغان بىر ھۆججەتتە ( CINASTAN CYNSTAN)دېگەن ئىبارىنى ئۇچراتقان. بۇ ئىبارە «چىنىستانى ئىلىك بېگ» (چاشتانى ئىلىك بەگ) داستانىنىڭ نامى بىلەن سېلىشتۇرغاندا قىزىقارلىق تېما كېلىپ چىقىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ يەكۈن ئەمەس.

ستەين «قەدىمكى خوتەن»ناملىق كىتابىنىڭ خەنزۇچە نەشرى 173-بېتىدە سۈي-تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خوتەن خانلىرى ۋە چاڭئەندە ياشىغان خوتەنلىكلەرنىڭ ئىسمى ئالدىغا قويغان ۋېي چى (尉迟)ئىروگلىفىنىڭ تۇبۇتلۇقلاردا رىجايا دەپ تەلەپپۇز قىلىنىشىغا ئاساسلىنىپ، ئەسلى خوتەنلىكلەر«ۋېي چىن»(WEICHIN) دەپ ئىشلەتكەن بولىشى مۇمكىن، دەيدۇ. «ماھا» چوڭ دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئەينى زاماندا رىم «دا چىڭ» دەپ ئىشلىتىلەتتى ھەم بۇ چىن ئىبارىلىرى ئوخشىمىغان پاراللېل ئىبارىلەر بولۇپ، خەنزۇ يېزىقىدا پەرقلەندۈرگىلى بولاتتى. بۇنىڭدىن باشقا ۋېي چى (ھازىر ۋىجايا، ۋايسارا دەپ ئۆزىمىز ياسىۋالغان ئىبارە) تاكى خوتەننىڭ ئاخىرقى بۇددا پادىشاھىغىچە قوللىنىلغان. قاراخانىلار ئۇنى ماچىن نامى بىلەن ئاتىغان. ۋېي چى ئىبارىسىنىڭ ماچىن ئىبارىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ۋېي چىشېڭ (尉迟胜) «غالىپ غالىبى»مەنىسىدە ئەمەس «غالىپ ماچىنى»مەنىسىدە بولىشى مۇمكىن. دەرۋەقە تاڭ سۇلالىسىغا زامان جەھەتتە يېقىن تۇرىدىغان قاراخانىيلارنىڭ ئالدى-كەينىدە خوتەندە «ۋېي چى» سۆزى ئەمەس، بەلكى «ماچىن»دېگەن ئىبارە قوللىنىلغانلىقى روشەن. ئى. بىرتشىنىدىرنىڭ ئەرەب تارىخچىلىرىغا ئاساسلىنىپ

يېزىشىچە، ئىسلام دىنىنى تارقىتىش يۈزىسىدىن ئېلىپ بېرىلغان قەشقەر–خوتەن ئارىسىدىكى (1017-يىلى) ئۇرۇش چىن-ماچىن ئۇرۇشى دەپ ئاتالغان. ستەين فرانسوز ئالىمى گرېنارد (M.GRENARD)نىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلىنىپ ئەينى چاغدىكى خوتەن بۇددىستلىرىنىڭ پادىشاھىنى «Jagal- KhalKalu of Machin»ماچىن شاھى ياغلۇ قالقالۇ دەپ يازغان. بۇ خەلق ئىچىدە«قالقالۇ ماچىن»دەپ ئاتىلاتتى. بۇ دەل «ۋىجايا» ، «ۋايسارا» دەپ خاتا قوللىنىۋاتقان ماچىندۇر.

ئوتتۇرا ئەسىر تۈرك ئەدەبىياتىدا «چىن»، «ماچىن» ئىبارىلىرى كۆپ ئىستېمال قىلىندى. بۇ لۇتفى، سەككاكى، ناۋائى، زەلىلى قاتارلىق ئۇيغۇر نەسەبىگە تەۋە كلاسسىك شائىرلار تەرىپىدىنلا ئەمەس ھەتتا ئەزەربەيجان شائىرى نىزامى گەنجىۋى، فۇزۇلى، ھەتتا «يولۋاس تېرىسىنى يېپىنىۋالغان باتۇر» داستانىنىڭ ئاپتورى گرۇزىن شائىرى رۇستاۋىلى شۇتانىڭ ئەسەرلىرىدە تۇران نامى ئورنىدا ئىشلىتىلگەن. لۇتفى «گۈل ۋە نەۋرۇز» داستانىدا چىن ۋە ماچىن ئارىسىدىكى قېرىنداشلار ئۇرۇشىدىن پەرياد چېكىپ مۇنداق مىسرالارنى يازغان:

نى يالغۇز چىنۇ ماچىن تەڭسۇقىدىن،
كى بارچە دۇنيانىڭ تەڭسۇقلىقىدىن.

قارا تاغلىق ۋە ئاق تاغلىق دەپ گۇرۇھ بولۇشۇپ ، تۈگىمەس تەپرىقىچىلىق قۇيۇنلىرىنى قوزغىغان خوجا ئىشانلارنىڭ يەركەن سەئدىيە خانلىقىنى خانىۋەيران قىلىشىپ پەيدا قىلغان جاھالەتلىك يىللىرىدا ياشىغان مەشھۇر شاىر مۇھەممەد سىدىق زەلىلى ئۆزىنىڭ تەڭرىتاغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شەرقىدە ئۆتكەن سەرسان –سەرگەردانلىق ھاياتىنى:

چىندا مۇساپىردۇرمەن ماچىن ئىچىدە غېرىپ،
يار يۈزىن كۆرمەدىم مۇنچەكى مەن سارغىيىپ.

دەپ ئىپادىلىگەن. (<زەلىلى دىۋانى>، مىللەتلەر نەشرىياتى، 300- بەتكە قاراڭ).19-ئەسىردە ئىلى ۋادىسىدا ياشىغان تالانتلىق شائىر موللا بىلال بىن موللا يۇسۇپ تارىخى داستانى «غازات دەرمۇلۇكىل چىن»(چىن يېرىدىكى مۇقەددەس ئۇرۇش)دە ئىلى

ۋادىسىنى «مۇلكىي چىن» دەپ ئاتىغان. بۇ «مۇلكىي ئەجەم»، «مۇلكىي خوتەن» دېگەندەك ئادەت خاراكتېرلىك ئاتاش، ئەلۋەتتە.

ئۇلۇغ شائىر ناۋائىينىڭ «پەرھاد -شېرىن »داستانىدا يارىتىلغان چىن شاھزادىسى پەرھاتنىڭ ئوبرازى بىزگە ھەرگىزمۇ ھازىرقى ئەرەب، پارىس، ۋە تۈرك تىللىرىدا «جۇڭگو» نى «چىن» دەيدىغان پاكىت تۈپەيلى«جۇڭگو شاھزادىسى»بولۇپ تۇيۇلمايدۇ. «چىن» ۋە «ماچىن» دىن ئىبارەت بۇ توپونومىيىلىك نام تارىختا ئۇيغۇر-تۈرك خەلقلىرى ياشىغان غەربىي يۇرتنى كۆرسىتىدۇ. جاڭ خۇڭنيەن ئەپەندىمۇ«شاھنامە» نىڭ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسىدا «چىن» ئاتالمىسى جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىكى تارىختا تۈركىي خەلقلەر ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايوننى كۆرسىتىدۇ. ئۇ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىنى كۆرسەتمەيدۇ، دەپ ئەسكەرتكەن.

يوقىرىدا بايان قىلىنغانلاردىن مۇنداق مۇھاكىمىگە كېلىش مۇمكىن. ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن مەركىزى ئاسىياغا بېسىپ كىرگەندە «چىن» قەبىلىلىرىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. ئەمما ئۇرۇش ھەر ئىككى تەرەپنىڭ تەشەببۇسكارلىقى تۈپەيلى سۈلھى بىلەن ئاخىرلاشقان. بۇ «چىن» قەبىلىلىرى ئەفراسىياپنىڭ «تۇران» قەبىلىلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى.

«چىن» ۋە «ماچىن» ئىبارىلىرى قەدىمكى«غەربىي يۇرت شەھەر-قەلە دۆلەتلىرى» گە باغلىنىشلىق ئاتالغۇ بولۇپ، قەدىمدىن مەۋجۇت ئىدى. بۇ ئاتالغۇ بىلەن چىنشىخۇاڭ بىرلىككە كەلتۈرۈپ قۇرغان سۇلالىنىڭ نامىنى ئارىلاشتۇرىۋېتىشكە ئاساس يوق. چۈنكى بۇ ئاتالما چىن سۇلالىسى زامانىسىدىن تولىمۇ قەدىمىي بولغان دەستۇرلاردا تىلغا ئېلىنغان. روشەنكى ، كېيىنكى كۆنلەردە ئاغدۇرۇلغان ۋە ئەينى زامان سىياسىي مۇھىتىدا نامىنى نىشانە قىلغىلى بولمايدىغان چىن سۇلالىسىنىڭ نامى «چىن» ۋە «ماچىن» ئىبارىلىرىگە ئاساس بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە، جۇ سۇلالىسى زامانىسىدىلا، ئۇنىڭدىن كېيىنكى چۇنچيۇ دەۋرىدىلا شىمالدىكى مىللەتلەر »真人 «(چىنلار) دېيىلگەن. چىن سۇلالىسىگىچە سوقۇلغان سەددىچىن نيەنشۇي ۋادىسىغا يەتمەي ئاخىرلاشقان بولۇپ، سېپىل سىرتى «چىن»دەپ ئاتالغان. بۇ ئومۇمەن مەركىزى ئاسىيانى كۆرسىتىدىغان تۇران زېمىنى چىن ، خوتەن دىيارى ئۇلۇغ چىن-ماچىن دېيىلىدىغانلىقىنى ، «ئوتتۇرا چىن» ئىبارىسى «ماچىن» ئىبارىسىدىن كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

1990-يىلى. ئۈرۈمچى.

# مائارىپ ۋە مائارىپ تارىخىمىزدىن بىر ئۇچۇر

## مۇقەددىمە

«مائارىپ» ئىبارىسى يېقىنقى كۆنلەرگىچە يېڭى ئەۋلادلارغا تەلىم بېرىش خىزمىتى، دەپ قارىلىپ كەلگەندى. بۈگۈنكى كۈندە ياشانغانلار مائارىپى، چوڭلار مائارىپى، ئىشتىن سىرتقى مائارىپ، ھەرخىل كىتاپ- ژورنال ۋە رودىئو- تېلېۋىزىيىنى ۋاستە قىلغان مائارىپ شەكىللىرى مەيدانغا چىققاندىن كېيىن، بۇ ئىبارە ئومۇمىي خەلق بىلىم قۇرۇلمىسى ۋە ئەقلى ئىقتىدارى، ئاھالىنىڭ مەنىۋى قىياپىتىگە ئائىت ئۇلۇغ مەبلەغ سېلىش ۋە تارىخىي خاراكتېرلىك بىناكارلىق دېگەندەك كەڭ مەنىلەرگە ئىگە بولدى. بىز ئەمدىلەتىن «ئىككىنچى ئۇستاز» دەپ داڭق قازانغان ئۇلۇغ ئۇيغۇر- تۈرك ئالىمى فارابىنىڭ مائارىپ ئاددىي ئاۋامدىن سەلتەنەتلىك پادىشاھقىچە ھەممە شۇغۇللىنىدىغان كامالەتكە ئىنتىلىش پائالىيىتى دېگەن ئىدىيىسىنى بىر قەدەر ھەزىم قىلالايدىغان بولدۇق.

«مائارىپ» ئىبارىسى ئومۇمەن ئۈچ قاتلاملىق مەنىدە چۈشىنىلىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ بىرى، مۇئەييەن دەرىجىدە قېلىپلاشقان نوپۇزلۇق ئاڭنى، سىياسىي، ئەخلاقىي ئىدىيىنى ئۆز ئوبيېكتلىرىغا سىڭدۈرۈپ، ئۇنى ئۇلارنىڭ سوبيېكتىپ قاراشلار تىزمىسىغا ئايلاندۇرۇش. بۇ خىل مەنىدە، تەلىم مەزمۇنى قىلىنغان ئاڭ- پىكىر مۇكەممەل ئۇقۇم قۇرۇلمىسى مودىلى سۈپىتىدە، تەلىم بەرگۈچىدىن تەلىم ئالغۇچىغا كۆچۈرۈلۈش مەقسەت قىلىنغان. ئۇنىڭ يەنە بىرى، تاشقى دۇنيا ھادىسىلىرى ۋە قانۇنىيەتلىرىدىن ئېلىنغان بىلىش تىزمىلىرى بولغان بىلىمنى مەلۇم جۈزئىي قىسىملار بويىچە، «بىر لوقما، بىرلوقما»دىن تەربىيەلەنگۈچىلەرگە يەتكۈزۈش، ئۇنىڭ ئەقىل غەزىنىسىنى بىلىم غەزىنىسىگە ئايلاندۇرۇش. بۇ خىل تەلىم ئۆز ئوبيېكتلىرىنى نەزىرىيە ۋە ئەمەلىي ماھارەتتىن ئىبارەت ئىككى جەھەتتە يېتەكلەپ، ئۆز سەۋىيىگە دەرىجىسىگە يەتكۈزۈشنى مەقسەت قىلغان. ئۇنىڭ يەنە بىرى، ئومۇمەن ئىنساننى ئۆيغىتىش، ئىنساندىن ئىبارەت ئۇلۇغ بىلىش ۋە پائالىيەت ئوبيېكتىنىڭ ئۆز- ئۆزىنى، ئۆزى «بىلدىم» دېگەن ئىلىملەرنى، ھازىرى ۋە ئۆتمۈشىنى، دۇنيا ۋە ماھىيەتلەرنى قايتىۋاشتىن بىلىپ، باھالاشقا

يېتەكلەيدىغان «ئارىپ» (ئويغاق)لىققا رىغبەتلەندۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇنداق مائارىپنىڭ مەقسىدى ئىنسانىي ئۆزىنىڭ ھېس- خاھىشلىرى توزىقىدىن، ئىنسان تۈركىمنىڭ ئەنئەنىۋى ئادەت كۈچلىرى توزىقىدىن، زامان ئەپسانىلىرى ۋە ماكان چەكلىمىلىرى توزىقىدىن، ھادىسە –كۆرۈنۈش، ۋەقە – ھېكايىلەر توزىقىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئىنسانىي بىۋاستە ۋە روشەن ھالدا ئۆزى ئۈستىدە ئىزدىنەلەيدىغان، تاشقى ئالەم بىلەن بولغان بىلىش پائالىيىتىدە ماھىيەتلەرنى كۆرۈدىغان ۋە ئېگىلەيدىغان قىلىش. شۇ نەرسە ئايان بولسۇنكى، بۇنداق بىلىش مەدرىس پەلسەپىسى، دوگماتىزىم، سەپسەتىۋازلىق، ساختا شۆھرەتپەرەسلىك، «زاھىد»لىق بىلەن سىغىشالمايدۇ.

تەلىم- تەربىيە سېستىكىلىرىنى تاماملىغان، چوڭ- كىچىك مەكتەپلەرنى كېزىپ چىققان، توم-توم كىتاب –قامۇسلارنى ئوقۇپ چىققان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىلا بىردەك «ئارىپ» بولۇپ كەتمەيدۇ. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەپ، مېنىڭچە ئۇلارنىڭ قانداق مەنىدە، قايسى دەرىجىدە تەلىم- تەربىيىگە ئېرىشكەنلىكىدە بولسا كېرەك. بۇلاردىن مۇنداق ئۈچ يەكۈن چىقىرىش مۇمكىن: بىرىنچى، تەربىيىلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنلەرنىڭ ھەممىسى «ئارىپ» بولۇپ چىقمايدۇ. ئىككىنچى، «ئارىپ»لىق مائارىپنىڭ ئەڭ ئالىي نىشانى ۋە مىزانى. ئۈچۈنچى، قايسى پەن ساھەسىدە بولسۇن، «ئارىپ»لىق مۇتەپەككۇرانە پىكىر ئىقتىدارىنى تەلەپ قىلىدۇ. مەيلى ئۇلارنىڭ قىسمەتلىرى ئوڭۇشلۇق ياكى ئوڭۇشسىز بولسۇن، پەن تارىخى ئۇلارنىڭ ئابىدىگاھى بولۇپ قالىدۇ.

## سىر

غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى ۋە يېپەك يولى مەدەنىيىتى توغرۇلۇق ئالاھىزەل 1980- يىلىدىن باشلاپ ئون نەچچە يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، كىشىلەر ئېڭىدا ئەجدادلىرىمىز تارىختا يۈكسەك سەلتەنەت قۇرغان ۋە شەۋكەتلىك مەدەنىيەتكە ئېرىشكەن ئىكەن، دېگەن تونۇشنى تىكلىۋالدۇق. ئەمما، بۇ شەۋكەتلىك غەربىي يۇرت مەدەنىيىتىنىڭ كەۋدىلىك ئىپادىسى نىمە؟ دېگەن مەسىلىسىدە قاراشلار ھەرخىل.

- «ناخشا ئۇسۇل!» دەيدۇ بىر قىسىم كىشىلەر. ئۇلار بۇنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن تالاي پاكىتلارنى كۆرسىتەلەيدۇ.

– «كېيىم- كېچەك، زىبۇ- زىننەت!» دېيىشىدۇ يەنە بىر قىسىم كىشىلەر. ئۇلار

قىزىلمىلار تاش كىمىر تام رەسىملىرىدىن، 18-ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر ئالىمى ئابدۇلنەپخارنىڭ «قىياپەتنامە» ناملىق ئەسىرىدىن دەلىللەرنى كۆرسىتەلەيدۇ.

ــ «سودىگەرچىلىك!» دېيىشىدۇ يەنە بىر قىسىم كىشىلەر. ئۇلار خور- ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ خانبالىقتىن تاكى رىمغىچە بولغان ئۇزۇن لىنىيىدىكى ئىش- ئىزلىرى بىلەن غەربىي يۇرت ھۈنەر- سەنئىتىنىڭ تارىخىي يالداملىرىدىن يېتەرلىك پاكىتلارنى تىلغا ئېلىشىپ كۆرسىتەلەيدۇ. ھەتتا تارىختا ئۇرخۇن ۋادىسىدىن مەركىزى ئاسىياغا تۇتىشىدىغان يولنىڭ ئۇيغۇر سودىگەرلىرى سەۋەبىدىن «ئۇيغۇرىيە يولى» دەپ شۆھرەت قازانغانلىقىنى تىلغا ئېلىشىدۇ.

- «ۋاستىچىلىك!» دېيىشىدۇ يەنە بىر قىسىم كىشىلەر. ئۇلار غەربىي يۇرتلۇقلارنىڭ غەرپ- شەرق مەدەنىيەتلىرىنى تۇپلاش، قوشۇش، تەجرىبە قىلىش، سۈزۈش، يەتكۈزۈشتىكى خەلقئارا مەدەنىيەتپەرۋەرلىك پائالىيەتلىرىدىن مىساللارنى كۆرسىتەلەيدۇ.

بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى توغرا ئېيتىسمۇ، بىراق تولۇق ئېيتمىدى!

نىمە ئۈچۈن غەربىي يۇرتتىن شەرققە كومراجىۋا، پى خۇيلان، سۇجۇپ قاتارلىق پەن ۋە سەنئەت ساھەسىدىكى مەشھۇر شەخسلەر، يۈەن سۇلالىسى زامانىسىدىكى خەنلىن ئاكادېمىيىسىنىڭ غوللۇق ئەزالىرى ھېساپلانغان مەشھۇر ئالىملار بېرىپ بۇ جايلاردا تارىخىي ئەھمىيەتلىك ئىلمىي، بەدىئىي ئىشلارنى قىلالىدى؟

نىمە ئۈچۈن غەربىي يۇرتتىن غەربكە ئەل خارەزمى، ئەلفەرغانى، ئەل فارابى، ئىبنى سىنا، مەھمۇت قاشقەرى، جالالىدىن رۇمى قاتارلىق ئالىملار بېرىپ، ئۇ جايلاردا ئىلىم مەشئەلچىلىرى بولۇپ قالالىدى؟

نىمە ئۈچۈن غەربىي يۇرتتىن چىققان ئەن روشەن، ئاسىناشىر ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى كىنىرال- ئادمىراللار شەرقتە، تۇلۇنخان، ئىچشىد سۇلتان قاتارلىق سەركەردىلەر غەرپتە مىسلىسىز ھەربىي ھەركەتلەرگە يېتەكچىلىق قىلالىدى؟

نىمە ئۈچۈن مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»غا سىزىپ كىرگۈزگەن خەرىتىسىدە باغداتنى ياكى مەككە –مەدىنىنى ئەمەس، بەلكى بالاساغۇن ۋە قەشقەرنى زېمىن سەتھىنىڭ مەركىزى قىلىپ سىزدى ھەم تۈركىي تىلنى ئۆگىنىشنى موھىم ئورۇنغا قويدى؟

نىمە ئۈچۈن غەربىي يۇرتتىن ئېۋروپىدىس تراگېدىيىلىرى، «ئالۇب» «ۋاكىخ قىزلىرى»، «ئاكىستىد» دراملىرىنىڭ سەھنە كۆرۈنۈشلىرى تەسۋىرى، ئىزوپ مەسەللىرى، قەدىمكى بىراخمان يېزىقى، «شۆەنزاڭنىڭ تەرجىمھالى»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى، كۆك

فۇزنىڭ «موھاكىمە ۋە بايان» ناملىق ئەسىرىنىڭ ئەڭ كونا ھېساپلانغان كۆچۈرمە نۇسخىلىرى ۋە مانى سىزمىلىرى تېپىلدى؟! ئۆز يۇرتىدا كوپىيىسى بولمىغان بۇ مەدەنىيەت ئەۋرىشكىلىرىنىڭ بۇ يەردىن تېپىلىشى تاسادىپىلىقمۇ؟

بىز بۇ بىر قاتار تارىخىي سىرلاردىن چەتنەپ ئۆتەلمەيمىز، شۇڭلاشقا بىر قىسىم تەتقىقاتچىلارنىڭ: غەربىي يۇرت جۇغراپىيىسىنىڭ نوقۇل «تەبىئەت ئانىسى قېلىپى» غەربىي يۇرتلۇقلارنى ئەقلى- نەزىرىيىۋى تەپەككۇردىن تۇغما خالىي (يىراق)، مەڭگۈ ھېس- روھىيەت بويىچە ئىش تۇتىدىغان ئاھالە قىلىپ ياراتقان، دېگىنىدەك بىر تەرەپلىمە قاراشلىرىغا شۈبھىلىك نەزەر تاشلىماي تۇرالمايمىز.

## ئۇچۇر

غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى ھەقىقەتەن ئۆز زامانىسىدا باشقا ئەللەرگە نىسبەتەن يۇقۇرى پەللىدە تۇرغاندى. مەشھۇر ئالىم جەففار ئەل ئەھمەدنىڭ «ئۇيغۇرلاردا قانۇن ۋە مالىيە ئاتالمىلىرى» دېگەن ماقالىسىدا («شەرقى ئوكيان تارىخ تەتقىقاتى مەجمۇئەسى» 4-توم، 510-بەت) مۇنداق دېيىلگەن: «12- ۋە 14- ئەسىرلەردىكى بېشبالىق ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشى مۇندىن 50 — 60 يىل ئىلگىرىكى، يەنى، مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدىكى شۇ جاينىڭ تۇرمۇشىدىن كۆپ ئۈستۈن ئىدى... ئۇلار شۇ ئەسىرلەردە غەربىي ياۋروپا زېمىندارلىرى، رىتسارلىرى، ھەتتا ئېبروۋسالېمغا يۈرۈش قىلغان ئەھلى سەلىب ئارمىيىسىگە قاتناشقان خرىستىيانلارغا سېلىشتۇرغاندا تېخنىكا ۋە تەربىيە كۆرۈشتە يەنىلا ئۈستۈن ئورۇندا تۇراتتى... ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت ئىقتىدارى ۋە تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئەلۋەتتە مۇئەييەنلەشتۈرۈش لازىم».

ماقالە ئاپتورى بېشبالىقلارنى غەربىي غەربىي ياۋروپالىقلارغا سېلىشتۇرغان بۇ جۈملىلەرنى قۇچقۇ خارابىلىرى بىلەن كۇسەن تاشكېمىرلىرىنى قىدىرغان ياۋروپالىق ئېكسپېدىتسىيىچى لىكوكنىڭ ئەسەرلىرىدىن نەقىل ئالغان. بىزگە ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇرلىرىنىڭ مائارىپ سەۋىيىسىدىن روشەن دالالەت بېرىدىغان، تۇرپان رايونىدىن تېپىلغان بۇ رەسىمنىمۇ لىكوك ئېلان قىلغان.

لىكوكمۇ خۇددى غەربىي يۇرتنىڭ بىپايان قۇچقىنى نەچچە قېتىم كېزىپ چىققان ياۋروپالىق ئېكسپېدىتسىيىچى ستەيندەك دەسلىپىدە، ھە دېسىلا تارىم مەدەنىيىتى ئىزلىرىنى «كرېك- رىم مەدىنىيىتىنىڭ تەقلىدى» دەپ يۈردى. بارغانسېرى ئۆزىنىڭ

ئۆزگىچىلىككە باي، مۆجىزىلىك مەدەنىيەت ۋە مائارىپ قەرىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، بۇ يەردىكى تەڭدىشى يوق مەدەنىيەت جاۋاھىراتلىرىغا توختىماي تەسەننا ئوقۇشقا مەجبۇر بولدى.

لېكىن ئىلان قىلغان بۇ رەسىم پارچىسى پارچىسى ئالتە كىشىنىڭ يېزىق ئۇستىلىدە «تەلىم ئېلىش» ياكى ئىمتىھان بېرىشكە ۋە ياكى دىسىرتاتسىيە ياقلاشقا تەييار تۇرغان ھالىتىنى ئىپادىلەيدىغان بىر پۈتۈن تەسۋىرى رەسىمنىڭ ساق قالغان بىرىمى بولۇپ، بۇ رەسىم «ناخشا- ئۇسۇل»، «زىبۇزىننەت» ياكى سودىگەرچىلىك»كە ئائىت رەسىم بولماستىن، بەلكى نوقۇل مائارىپقا ئائىت رەسىم ھېساپلىنىدۇ. رەسىمدە رەسمىي يوسۇندا يۇقۇرى تەلىم ئورنى پورمىسىدا كىيىنگەن، بۇرۇتى خەت تارتقان خەت تارتقان، كېلىشكەن ئۈچ ئەركەك داستىرخان- ياپقۇ سېلىنغان ۋە بىر كىشىگە خاس قىلىپ ياسالغان يېزىق شىرەسىدە يېزىشقا تەييار تۇرغان ھالەتتە تەسۋىرلەنگەن. بۇ كۆرۈنۈش شەرقتىكى بۇددا مۇخلىسلىرىنىڭ ھېكمەت ئاڭلىشى تەسۋىرلەنگەن ياكى غەرپتە سىزىلغان ئىبىن سىنانىڭ ھەممەدان شەھرىدە شاگىرتلىرىغا دەرس سۆزلەۋاتقان ھالىتى تەسۋىرلەنگەن رەسىملەردىن ئالاھىدە پەرقلىق ھالدا، ئۆزىنىڭ خاس ئالاھىدىلىكى بىلەن سېلىشتۇرما ئۇستۇنلۇك ھاسىل قىلغان. مانا بۇ، ئەينى زاماندىكى غەربىي يۇرتنىڭ مۇنتىزىم ئالىي مائارىپىدىن بىر ئۇچۇر.

مانا مۇشۇنداق بىرلەمچى پاكىتقا ئاساسەن شۇنى پەرەز قىلىش تەس ئەمەسكى، شەۋكەتلىك غەربىي يۇرت مەدەنىيىتىنىڭ ئالەمشۇمۇل تەسىرگە ئىگە بولۇشىدىكى ۋە بۈگۈنكى كۈندە ئەقلىمىزنى لال قىلىشىدىكى سىر، مېنىڭچە، دەل ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇرلىرىنىڭ تەرەققى تاپقان مائارىپىدا بولسا كېرەك. بۇ نوقتىنى بىلمەي تۇرۇپ، غەربىي يۇرتنىڭ پەلسەپە، ئەخلاق، مەدەنىيەت، سەنئەت تارىخىنى ئۆز ۋاقتىدا قىياس قىلىش مۇمكىن ئەمەس. مائارىپتىن مۇستەسنا قارالغان غەربىي يۇرت پەقەت «يىپەك يولى»دىكى بىر ئۆتەڭ- قونالغۇ بولۇپ قالىدۇ. شۇنداقلا بىر جۇغراپىيىلىك ماكان چۈشەنچىسى بولۇپ قالىدۇ.

## خاتىمە

ئوتتۇرا ئەسىردىن بىزگە يېتىپ كەلگەن بۇ ئۇچۇرغا نەزەر تاشلىغىنىمىزدا ماددىي بايلىق ۋە مەنىۋى بايلىقنىڭ مائارىپ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە ئائىت مۇھىم بىر

بىزارەتكە ئىگە بولمىز. ئۇ بولسىمۇ: «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى «ئۈگرەت ئانىڭ بىلىگىن»، «قۇت قولغىن تاپىنغىل» دېگەن نەسىھەت بىلەن خەلقىمىز ئارىسىدىكى «جىن سەكرىسە سەكرىسۇن، مەن سەكرىمەي ئوقۇيمەن» دېگەن قەتئىي مائارىپ ئىدىيىسىدىن ئىبارەت.

شۇنداق، مائارىپ ئەتىۋارلىق ئورۇنغا قويۇلۇپ تېپىلغان بايلىق بىلەن مائارىپ «پەگا»غا سۈرۈپ قويۇلۇپ تېپىلغان بايلىق پەرقلىقتۇر؛ مائارىپ ئەتىۋارلىنىپ ئىستىمال قىلىنغان لەززەت بىلەن مائارىپ چەتكە قايرىپ قويۇلۇپ كۆرۈلگەن ھوزۇر- ھالاۋەت ئوخشىمايدۇ.

ئەلۋەتتە، مائارىپ بايلىق يارىتىدۇ. ئەمما، مۇنداق ئىككى خىل قاراش ئۈستۈنلىكنى ئالغان چاغدا كىرزىسقا دۇچ كېلىدۇ. بىرى، يىراق كەلگۈسىدە مۆھىم ئىلمىي قىممەت يارىتىدىغان ئەمەس، بەلكى تېز ئارىدا تاۋار قىممىتى يارىتىدىغان مائارىپ ئەۋجىرەپ كەتكەندە؛ يەنە بىرى، مەنىۋى بايلىق يارىتىشنى ئاساس قىلماي، ماددىي بايلىق يارىتىشنى ئاساس قىلغان مائارىپ ئۈستۈنلىكنى ئىگىلىگەن چاغدا. بىلىش لازىمكى، مائارىپ – بىر ئىككى يىل كۆڭۈل بۆلىنىدىغان «سېغىن كالا» بولماي، بىرقانچە ئەسىر نىشانلىنىدىغان ئىجتىمائىي بىناكارلىق!

مائارىپ ئاھالىنىڭ رېئال مەنىۋى قىياپىتى بولۇپ ئۆزىنى، تەبىئەتنى تىزگىنلەش ۋە تەرەققى قىلدۇرۇش ئىقتىدارى تەرىپىدىن ئۆلچىنىدۇ، مائارىپنى تار كاتاگىغا، قىسقا مۇساپىلىق يۈگۈرۈشكە، خەير- ساخاۋەت تىلەش يولىغا باشلىغان مائارىپچى تەپەككۇرانە ئاڭ- پىكىرگە ئىگە بولمىغان كالتا پەم مائارىپچىدۇر، مائارىپ سېپى ئەمدارلىق نوپۇزىنىڭ قارا سايىسىدا قالمىغان، يۈزەكى دەبدەبىلەر ئۇچۇن تارىخىي بەدەل تۆلىمەيدىغان بىردىن بىر سەپ بولۇشى كېرەك. مائارىپ مۇئەككىلىنىڭ كۆزى خىرەلەشكەندە، تىبابەت دەرگاھى پاكلىق ۋە ئالىجاناپلىق خىسلىتىدىن مەھرۇم بولىدۇ. ئېنگىلس توغرا ئېيتىدۇ: «زېمىننى سېتىش ئىنسان بەدىنى سىرتىدىكى ئەڭ ئاخىرقى سېتىشتۇر». ئىنسان ئۆز ئېپپىتىنىمۇ ساتقاندىن ياكى بۇلغىغاندىن كېيىن كۈتۈپ تۇرغان ئىككىنچى قەدەم ئوچۇق بۇلاڭ- تالاڭدىن ئىبارەت. مانا بۇ دەھشەتلىك ھادىسىلەر بايلىق بىلەن مائارىپنىڭ مۇناسىۋىتى، مائارىپسىز بايلىقنىڭ پاجىئەلىك قىسمىتىنى ئىزاھلاپ بېرىدۇ.

مائارىپ ئۇلۇغلىنىشى ۋە يېتەرلىك كۆڭۈل بۆلۈشكە ئېرىشىشى كېرەك! ھەشەمەتلىك شەھەر- بىنالارغا، چىرايلىق كوچا –رەستىلەرگە مەبلەغ سالغاندا پايدا –

زىيان، بەدەل- تاپاۋەت نوقتىسىدىن قاراش كېرەك. ئەمما، مائارىپقا مەبلەغ سالغاندا زىيان- بەدەل نوقتىسىدىن نوقتىسىدىن قارىماسلىق كېرەك. چۈنكى ئىجتىمائىي بەخت- سائادەت ۋە كىشىلىك كامالىتىنىڭ ھەقىقىي ئوق يىلتىزى، ئۇلى ۋە پىشتىقى مائارىپتۇر.

ماقالەمنى ئەلشىر ناۋائىنىڭ فانىي تەخەللۇسىدا پارسچە يازغان، تەپەككۇر ئۇلۇغلانغان «تەپەككۇر تۆھپىسى» دېگەن قەسىدىسىدىن بىرقانچە بېيىتنى نەقىل كەلتۈرۈش بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمەن:

نۇرلى پىكرى-باغى جەننەت، ھەرگىياھنىڭ بەرگىدە،
ئەكس ئېتەر رۇخسار قوياشى بەرق ئۇرۇپ گويا چېچەك.
تەبئىي يوكسەك چىمەن، ھەرگۈل بەئەينى كۆڭلىكى،
كۆڭلىكىنىڭ تۈگمىسى شۆھرەتتە ئاسمانۇ-پەلەك.
چەرخ تەپەككۇر ئىلمىدىن چەتكە ئۆزىن قانداق ئالۇر،
جامى ئىچرە ھەر كۆپۈك دېڭىزغا قاپقاق بولغۇدەك،
بىلكى ھېكمەت شەمئى يوقلۇق ئۆيىدە غەمگە شىپا،
تۈندە ئۆزگەن كېمىگە ئۇ، رەھناما يۇلتۇز دېمەك.

1993-يىل 8-ئاي

# ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدىنىش ھەقىقى تەتقىقاتچىنىڭ بۇرچى

(مەتىمىن يۈسۈپ يازمىلىرىغا يېزىلغان ئوبزور)

___ پەلسەپە_ ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىمىزدىكى ناچار ئىللەتكە سوغاق نەزەر

## 1. مۇئەللىپىنىڭ سۆزى

ھەممە غالىبىيەت ئۆزى ئۈستىدىن قازانغان غەلىبىدىن باشلىنىدۇ.

____ ل.م. لېئونوۋ

مەن «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژورنىلى»نىڭ 1988-يىللىق 2-سانىدا سەي دېگۈي ئىسىملىك ناتونۇش ئاپتورنىڭ فارابى تەتقىقاتىدىكى مەنتىقىلىق زىددىيەتلەرنى تەنقىتلەيدىغان بىر ماقالە ئېلان قىلغىنىمىدىن باشقا تەنقىدى ماقالە يازمىغانىدىم. دەرۋەقە، سەي دېگۈينىڭ فارابى تەتقىقاتىدىكى خاتا قاراشلىرى جىددى خاراتېرلىك مەسىلە بولۇپ، ئۇنى تەنقىتلەشكە، قائىدە بىلەن ئىزاھلاشقا ئەرزىيتتى.

ۋاھالەنكى، بۇ ئىككىنچى تەنقىدىي ماقالىنى يېزىش-يازماسلىق ھەققىدە ئون يىل مابەينىدە كۆپ قېتىم ئىككىلەندىم. بۇنىڭ سەۋەبى، ئاپتورنىڭ مەن نەزەردە تۇتقان بىر قانچە ماقالىسىدىكى غەلىتە قاراشلار ئىلمىي تەنقىتكە ئەرزىپ كەتمەيتتى، قائىدە بىلەن ئىزاھلاپ چىقىشقا «گۇڭ كۆتۈرگىدەك» ئەمەس ئىدى، كۆڭۈلدىلا كۈلۈپ قويۇۋېشقا لايىق ئىدى. پەممىچە، ئۇنىڭ ماقالىلىرىدىن ئىلمىي ھوزۇر ئېلىۋاتقانلار يوق دېيەرلىك بولۇپ، ئەكسى ھالدا، مەلۇم سەۋەپ ھەتتا بىر مەھەللىك سۇكۇنات تۇيۇپىلى، «قولىدا چاۋاك چېلىپ قويۇپ، مىيىغىدا كۈلۈپ قويىدىغانلار» خېلىلا نۇرغۇن بولسا كېرەك.

دەرۋەقە، بىر قارىماققا ئەخلەت ئەرزىمەس بىر نەرسە. ئەمما، ئەخلەتمۇ ئەگەر توپلىنىپ كەتسە، نورمال مۇھىتنى بولغايدۇ. كومىدىيىلىك ھادىسىلەر ئەۋجىرەپ كەتسە،

پاجىئەلەر پەيدا قىلىدۇ. ئىلىم ۋە ھەقىقەت نامى بىلەن ھاۋاغا كۆتۈرۈلگەن ئەخمىقانە ئىدىيە، قاراش، ھۆكۈملەرنىڭ ئىلىم-پەن نامىنى، ئىلىم-پەن خادىملىرى ئوبرازىنى بولغىشى، ياش ئەۋلاتلارنى قايمۇقتۇرۇشى تېخىمۇ خەتەرلىك بولىدۇ. بۇنداق بولمىغۇر ساختىا «ئىلىم» ھادىسىسى، ئۆز تەبىئىتى بىلەن، يالغان نىقاپ، تار مەزھەپ، يۈقۇرى-تۆۋەننى ئالداش ۋاستىلىرىنى قوللىنىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. نەتىجىدە «ئىلىم» نامىدا ئىلىم دەپسەندە قىلىنىپ، مىللەتنىڭ ساغلام، بىر پۈتۈن ئىلىم-پەن تۈزۈلمىسى پارچىلىۋېتىلىپ، ئۇنىڭ ئىچكى ئەخلاقىي ئۇيۇشۇشچانلىقى بىلەن تاشقى ئىززەت-نومۇسى يەكسان بولۇشقا يۈزلىنىدۇ. روشەنكى، ھەقىقەتنىڭ ئەڭ چوڭ كۈشەندىسى ساختىلىق ۋە نادانلىق، تەنتەكلىك، جاھىللىق ۋە قەبىھلىكنىڭ ھەقىقەت ھەتتا تەنتەنىلىك ھەقىقەت قىياپىتىدە پىكىر يوللىرىنى قامال قىلىۋېلىشىدىن ئىبارەت.

راستىن ئېيتقاندا، مەن تەنقىدىي ماقالە يېزىشنى ئەزەلدىن ئانچە خالاپ كەتمەيمەن. چۈنكى، بۇ خىل پائالىيەت يېڭى ئىجادىي ئەمگەككە قارىغاندا كۆڭۈللۈك تۇيغۇ، سەممىي ئىلھام، بىۋاستە ئىلمىي-بەدىئىي نەتىجە بېغىشلىمايدۇ. كىشى قانداقتۇر ئاز-تولا ئەسەبىلىيلىشىدۇ، ۋاقىت سەرپ قىلىدۇ، بىر ياكى بىر قاتار كىشىگە ئازار بېرىدۇ. سەن ھەقىقەت ئۈچۈن قولغا قەلەم ئالساڭمۇ، ھەقىقەت يولىدىكى باشقا پائالىيەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا، قانداقتۇر پوكان-تاجىلىرى ئۈتتەك قىزىرىپ كەتكەن دەرغەزەپ خورازغا ئوخشاپ قالىسەن، بەلكى مېنىڭ خاتادۇر، بۇ قىياپەت ھەرھالدا «تاڭنى چىللىغان» خوراز ئوبرازىدەك نۇرانە بولمىسا كېرەك.

مەن ئىلىم ۋە بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى شەكىل ھالەتلىرى___ قايسى خىل ئىلمىي ياكى بەدىئىي ئېقىمدا يېزىلغانلىقى، قايسى خىل ئىستىل- ئۇسلوب ئىشلىتىلگەنلىكى، تىل- جۈملە ئىشلىتىش خاھىشى ___ تەنقىددىن مۇستەسنا دەپ قارايمەن، ئۇ خىل ئېقىم ۋە ئۇسلوبتا تۇرۇپ، بۇ خىل ئېقىم ۋە ئۇسلوبنىڭ «ئۆلچەم ئىدارىسى» بولۇش ئادالەتسىزلىك. بۇ، مىللەتنىڭ مىڭبىر مۈشكۈلدە ئېرىشكەن تەپەككۇر گۈلشىنىنى نابۇت قىلىش ھېساپلىنىدۇ.

گەپ مەزمۇنغا تاقاشقاندا، ھەقىقەتكە تاقاشقاندا، ھەقىقەتنى ھەقىقەتكە لايىق نىيەت ۋە ئۇسۇلدا ھىمايە قىلماسلىق مىللەتنىڭ ۋە ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى قوياشى بولغان ئىلمىي تەپەككۇرغا قىلىنغان ئاسىي- خائىنلىق بولۇپ قالامدۇ؟! بىلىش لازىمكى بىر قىسىم ئادەملەر بار، ئۇلار ھەقىقەتنى سۇيى-ئىستىمال قىلىپ يورۇق توچكىلارغا خىرە چۈشۈرۈش بەدىلىگىلا ھايات كەچۈرەلەيدۇ گىيوتى ئېيتقاندەك «ھەقىقەتنى تەن ئېلىش

ئۇنىڭ ئۇچۇن ئىزسىز يوقۇلۇپ كېتىش دېمەكتۇر.»

مېنىڭ بۇ ماقالەمگە تۈۋەندىكى بۇ ھېكمەتلەرنىڭ ئىلھام بەرگەنلىكىنى كىتابخانلارغا تاپشۇرۇپ ئۆتمەكچىمەن. بۇ ھېكمەتلەر ھەممىمىزنىڭ تەپەككۇر ۋە ھسياتىمىزنى يورۇتقۇچى ئورتاق پىكىر بولۇپ قالسۇن:

«پەن ئىنسانىيەتنىڭ ئالى ئەقلىدۇر. بۇ ئىنسان ئۆزجىسمى ۋە قېنىدىن ياراتقان قوياشتۇر.» (م. گوركىي)

ـــــ «ئالىمنىڭ ئەمگىكى ـــ پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ مۈلكى. شۇ سەۋەپتىن ئىلىم-پەن ئەڭ غەرەزسىز سەپ ھېساپلىنىدۇ.» (م. گوركىي)

ـــــ «كىمكى ئىلىم-پەننى ئۆزىنىڭ سىغىن كالىسى دەپ قارىسا ئۇ ھالال بولمىغان ئادەم، ئۇ ئىلىم-پەننىڭ مۇقەددەس نامىنى سودا-سېتىققا ئايلاندۇرىۋالغان ھۈنەرپەز.» ()

ـــــ «ئەقلىنىڭ تىلى ـــ تەپەككۇرنىڭ تەرجىمانىي، تەلۋىنىڭ تىلى بولسا گەپ قوشۇش ۋە غەيۋەت قىلىش قۇرالىدۇر.» ()

ـــــ «بىلمەسلىكتىن ئەمەس ساختا بىلەرمەنلەردىن ھەزەر قىلىڭ. دۇنيادىكى ھەممە كۈلپەتلەر شۇلاردىن كېلىدۇ.» (ل. تولستوي)

ـــــ «خاتالىقنى تۈزەش ئورنىغا تەلۋىلىك قىلىش، ئابروي تۆكۈشتۇر.» (فرانكلىن)

ـــــ «باشقىلاردىن يادلىۋالغان نەرسىلەرنى سۇدا سۈيۈلدۈرۈپ ماقالە ۋە كىتاپ يازىدىغان ئالدامچى ۋە تەييارتاپلارنى بارلىق پەلسەپە ۋە ئىلىم لاگىرلىرىدا تاپقىلى بولىدۇ.» (پىسارېۋ)

ـــــ «پەن بۈزۈق كىشىلەر قولىدا ئۆزگىلەرگە ياۋۇزلۇق قىلىش قۇرالى بولۇپ قالىدۇ.» (فونۋىزېن)

ـــــ «دوزاقنىڭ ئەڭ دەھشەتلىك جايلىرى ئۇلۇغ مەنۋىلىكنى سىناش پەيتلىرىدە بىتەرەپ تۇرىۋالىدىغان ئادەملەرگە قالدۇرىلىدۇ.» (دانتى)

مەن تەنقىدىي ماقالىنى يېزىشقا نىيەت باغلاش بىلەن بىرگە، يەنە ئىككى ئىلمىي ئىنسانىي پەزىلەت ئۈستىدە «پاكلىنىش» ئېلىپ باردىم. ئۇنىڭ بىرى، پاكىتلار ئېنىق، سالماقلىق ۋە تەكرارلانغان ماھىيەتلىك پاكىت بولۇشى، تەھرىرلىك ياكى مەنبە خاتالىقى، ئەرزىمەس پاكىتلار بولماسلىقى شەرتى. ئۇنىڭ يەنە بىرى، ئەخلاق-پەزىلەت شەرتى. مەن، ئومۇمەن، تەنقىد ئوبيېكتىمنىڭ مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغان ماقالىلىرىدىن تاشقىرى، ئۇنىڭ باشقا پائالىيەتلىرىنىڭ مەندە پەيدا قىلغان سەلبى تەسىراتلىرىنى بۇ ماقالىدا تىلغا

ئىلىنىدىغان پاكىتلارغا يۆلىنىپ ئىشلەتمەسلىكنى شەرت قىلدىم. مېنىڭچە، پاكىتلىق _____ سەممىلىكتۇر. تەنقىد ___ ئىلىم، تەنقىد ___ ئەخلاق، تەنقىدچىلىكتە غەلىبە قازانغان بىرەر تەنتەكنى تېخى تەنقىتچىلىك تارىخى بىلمەيدۇ! خاتالىقنى تازىلايمەن دەپ خاتاغا يولغا قويۇش تەنتەكلىكتىنمۇ بەتتەر تەلۋىلىك بولىدۇ. مەن ئۆز ماقالەمدە تەنقىد ئوبيېكتىمنى ئۇنىڭ ئەسلى ھالىتىدىن ئاجىزلاشتۇرۇپ، سۇسلاشتۇرۇپ، ھاي بىرىپ تىلغا ئالغانلىقىمنى ئاشكارا ئېتىراپ قىلىپ ئۆتىمەن.

## 2. نوقتا قىلىنغان ماقالىلەر

مەرتلىك ئادالەتنى بىلىش بىلەن ئۆزىنى تىزگىنلەشنى بىلىشتۇر.

_____ سەئدى شىرازى

مەن تەنقىدى ئوبيېكتىمنىڭ ئىسمىنى ئۇنىڭ ئىككى پەيغەمبەر نامىغا تەقلىد قىلىنغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، يەنە شەخسى نامىنىڭ ئىززىتى ئۈچۈنمۇ بۇ ماقالىدە تىلغا ئالماسلىقنى تاللىدىم. ئەمما ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۈچ تۈرگە بۆلۈپ كۆرسىتىپ ئۆتمەكچىمەن. بۇنداق تۈرگە ئىخچاملاش ئۇنىڭ بىر ماقالىنى نامىنى يۆتكەپ بىرقانچە قېتىم ئېلان قىلىش نوقسانلىرىدىن خالىي ئەمەسلىكىنىمۇ كىتاپخانلارغا يىغىنچاقلاپ ئېيتىپ بىرەلەيدۇ.

پەلسەپىگە ئائىت ماقالىلىرى:

1. «11- ئەسىردىكى ئاتاقلىق ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى توغرىسىدا قىسقىچە مۇھاكىمە» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1982-يىللىق 1-سان).

2. «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ <قۇتادغۇبىلىك> داستانى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىسى توغرىسىدا» («شىنجاڭ ئونۋېرسىتىتى ئىلمىي ژورنىلى»، 1983-يىللىق 4-سان.)

3. « <قۇتادغۇبىلىك> ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى توغرىسىدا دەسلەپكى پىكىرلىرىم» (« <قۇتادغۇبىلىك> ھەققىدە بايان»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2-توپلام، 1986-يىل).

4. «مەملىكەتلىك تۇنجى قېتىملىق <قۇتادغۇبىلىك> تەتقىقاتى ئىلمىي مۇھاكىمە

يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز» («<قۇتادغۇبىلىك> ھەققىدە بايان» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 3-توپلام، 1987-يىل).

5. «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى توغرىسىدا يەنە بىر قېتىملىق ئىزدىنىش» («<قۇتادغۇبىلىك> ھەققىدە بايان»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 4-توپلام، 1988-يىل).

6. «ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنىڭ پەلسەپە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىكى بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1984-يىللىق، 1-سان).

موقام سەنئىتىگە ئائىت ماقالىلىرى:

1. «ئون ئىككى مۇقام توغرىسىدا دەسلەپكى مۇھاكىمىلەر» («تۇنۇگۇن ۋە بۈگۈن»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988-يىل نەشرى).

2. «ئون ئىككى موقام سىنىپلىكى ئېنىق بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىك تەشۋىقات قۇرالى» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»، 1990-يىللىق 4-سان).

3. «ئون ئىككى موقام تەتقىقاتىنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تىسىرىگە دائىر بىرقانچە مەسىلە» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر بىرلەشمىسى خەۋىرى»، 1989-يىللىق 3-سان).

4. «ئون ئىككى موقام تەتقىقاتى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمىدۇر» («ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ھەققىدە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1992-يىل نەشرى).

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىغا ئائىت ماقالىلىرى:

1. «ئۇيغۇرلارنىڭ 18-ئەسىردىكى لىرىك شائىرى ئىبراھىم مەشھۇرى» («دىۋان مەشھۇرى» غا سۆز بېشى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1985-يىل نەشرى).

2. « <دىۋان مەشھۇرى> توغرىسىدا دەسلەپكى تەتقىقات» (شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1985-يىللىق 4-سان).

3. « <دىۋان مەشھۇرى> توغرىسىدىكى دەسلەپكى ئىزدىنىش» («تۇنۇگۇن ۋە بۈگۈن» توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن).

4. «دىۋان قىدىرى (سۆز بېشى) » (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1986-يىل نەشرى).

5. «16-ئەسىردىكى ئۇيغۇر شائىرى قىدىرخان يەركەندى توغرىسىدا» («تۇنۇگۇن ۋە بۈگۈن» توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن).

6. «كىلاسسىك ئەدەبىيات توغرىسىدا قىسقىچە بايان» («تۇنۇگۇن ۋە بۈگۈن» توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن).
7. «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ غەرپ ۋە شەرق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»، 1992-يىللىق 1-سان).
بۇ تىزىملىكتە ئۇنىڭ «لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن بولغان بىر قېتىملىق سۆھبەت» ناملىق ماقالىسىنى كىرگۈزمىدىم. چۈنكى، بۇ ماقالە «ئاقسۇ ئەدەبىياتى»دا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇزاق ئۆتمەي «ئىلى دەرياسى» ژورنىلىدا، پۈتۈنلەي ماكسىم گوركىينىڭ «لېنىن بىلەن سۆھبەت» ناملىق ئەسىرىنى سۆزمۇ سۆز دىتالمۇ دىتال كۆچۈرۈپ، يالغاندىن ياسالغان دەپ تەنقىتلەنگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، ئاپتورنىڭ قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلغان، بارلىق شېئىر، دراما، ماقالىلىرى توپلانغان «تۇنۇگۇن ۋە بۈگۈن» دېگەن كىتابىغا بۇ ماقالىسىنى كىرگۈزمىگەنلىكىنىمۇ ئېتىبارغا ئالدىم.
يۇقۇرقى 17 پارچە ماقالىنى تەكرار ئوقۇپ چىقىش ئارقىلىق، ئۇلاردىن «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى»، «ئون ئىككى مۇقامنىڭ سىنىپى كۆرەش قۇرالى ئىكەنلىكى»، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنى تونۇشتۇرۇش»تىن ئىبارەت ئۈچ تېمىنى ماقالە شەكلىدە قايتا-قايتا بايان قىلىشتىن مۇئەييەنلەشتۈردۈم.

## 3.پەلسەپىگە ئائىت تېماتىك خاتالىقلار

ـــــ دۇنيا ھەركىم ئۆز قىياپىتىنى كۆرسىتىدىغان ئەينەكتىن ئىبارەت.

ـــــ تېككېرى

ئاپتور پەلسەپە ئىلمىنى ئۇنىڭ ئەقلىي ۋە ئىلمىي ھىكمەتلىرى ئۈچۈن قېتىرقىنىپ ئۆگەنمىگەن، بەلكى ئۆزىگە شۆھرەت دەبدەبىسى تېپىش ئۈچۈن بۇ ناتونۇش قەسىرگە كىرىپ قالغان! ئۇ ئۆزى ئانچە كۆزگە ئىلىپ كەتمەيدىغان ھەققىي ۋە كەسپى پەيلاسوپ فارابىنىڭ: «كىم ئىلىم تەتقىقاتىغا كىرىشنى خالىسا، ئۇ ئۆز تەبىئىتى بىلەن نەزىرىيەۋى بىلىمگە قىزىقىدىغان بولۇشى، شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا ناھايىتى ياخشى ئۇقۇم ۋە چۈشەنچىلەرگە ئېگە بولغان بولۇشى، ئىلىم ئۆزلەشتۈرۈش جەريانىدا تەمكىن ۋە ئۆزىنى تۇتقان بولۇشى»، «ئۆز ھەۋەسلىرىگە نىسبەتەن خالىغىنىنى قىلىدىغان سەخسىيەتچى بولماسلىقى» دېگەن نەسىھىتىگە قۇلاق سالمىغان.

ئۇنىڭ پەلسەپە جەھەتتىكى خاتا ۋە غەلىتە ھۆكۈملىرىنى «12 بۇرچ» قارىشى، پەلسەپىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى قارىشى، بىلىش نەزەرىيىسى جەھەتتىكى قارىشى، كاتېگورىيىلەر جەھەتتىكى قالايمىقان ھۆكۈملىرى، پەلسەپە تارىخىغا ئائىت تاقىقا-تۇققا سۆزلىرىدىن ئىبارەت بەش تارماقتا ئىخچاملاپ كۆرستىمەن.

1) «12 بۇرچ» ھەققىدىكى كۈلكىلىك تەپسىلات

ئۇ «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ يەشمىسىنى يەنىمۇ يىشىپ بېرىشنى «پەلسەپە تەتقىقاتى» دەپ يەڭگىل چۈشەنگەن ھالدا، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىلمىي تار ئاستورنومىيىلىك «12 بۇرچ (ئۆگەك)» قارىشىنى بۇزۇپ سىخىملاشتۇرغان. بۇ، باشلانغۇچ ياكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ جۇغراپىيە دەرسلىكىدىكى يەرشارىنىڭ قۇياش ئوربىتىسىدىكى ئايلىنىشىدىن ھاسىل بولىدىغان تۆت پەسىلنى چۈشەندۈرىدىغان ئاددى سىخىمىنى يەرشارىنىڭ قۇياشنى بىر يىلدا بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقىش جەريانىدا شۇ ئوربىتا ئىچىدە بېسىپ ئۆتىدىغان 12 قونالغۇ ياكى يۇلتۇزنىڭ جايلىشىش سىخىمىسى قىلىپ قويغان (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشىر قىلغان « <قۇتادغۇبىلىك> ھەققىدە بايان» <2-تومۇلار> بىلەن «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژورنىلى» 1983-يىللىق 4-سانىدىكى ماقالىسىغا قاراڭ). ئېيتىش كېرەككى، 12 ئۆگەك قۇياش سىستېمىسىغا تەۋە بولغان، شۇنداقلا يەرشارىنىڭ قۇياشنى ئايلىنىش ئوربىتىسىگە جايلاشمىغان يۇلتۇز تۈركۈملىرىدىن ئىبارەت. بۇ يۇلتۇز سىستېمىلىرى يەرشارىدا تۆت پەسىل ۋە 12 ئاينىڭ بۆلۈنىشىگە سەۋەپچىمۇ ئەمەس، پەقەت يەرشارىنىڭ ئۆز ئوربىتىسىنى بويلاپ قۇياشنى بىر يىلدا بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقىش جەريانىدا، بۇ يىراقتىكى ئاسمان جىسىملىرى شىمالىي يېرىم شار ئوربىتىسىدا ھەرقايسى ئايلاردا كىشىلەر كۆزگە كۆرۈنۈپ، شۇ ئايدىكى شىمالىي يېرىم شار ئاسمىنىدا گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ، كىشىلەر بۇ ھادىسىنى ئاي-پەسىل بۆلگۈچى ئالامەت سۈپىتىدىلا قوبۇل قىلغان، خالاس.

ئۇ يەنە تۆت تادۇ (تۇپراق، سۇ، ھاۋا، ئوت)نى تۆت پەسىلگە تەقسىم قىلىپ، كۆزنى تۇپراق، قىشنى سۇ، باھارنى ھاۋا، يازنى ئوت دەۋالغان («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژورنىلى»، 1983-يىللىق 4-سان). شۇنىسى قىزىقكى، بۇنداق بىر پەسىلدە بىرلا تادۇ بولىدىغان مېتافىزىك ھۆكۈم بويىچە بولغاندا، قالغان ئۈچ تادۇ قەيەرگە توپلىشىپ نۆۋەت كۈتۈپ تۇرىدۇ؟ ھەرقايسى ئايلارنى بۇ تۆت تادۇغا يەنە قانداق تەخسىملەيمىز؟ روشەنكى، 12 ئۆگەكنى قۇياشنى مەركەز قىلغان يەر ئوربىتىسىدىكى 12 ۋاقىتنى

كۆرسەتكۈچى 12 توچكىلىق سائەت شەكلىدە تەسۋىرلەش ئىپتىدائىي مەلۇماتقىمۇ زىتتۇر.

2) پەلسەپىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى غەلىتە قاراش

ئۇ پەلسەپىنىڭ بىرخىل پەن سۈپىتىدە مەيدانغا كېلىشىنى دىندىن ئايرىلىپ چىققان ۋە دىن بىلەن كۆرەش قىلىش جەريانىدا بارلىققا كەلگەن دېگەن («<قۇتادغۇبىلىك> ھەققىدە بايان» 4-توپلام، 7-بەت.) ھۆكۈمنى چىقارغان. بۇ خىل مۇھاكىمە پەن سۈپىتىدىكى پەلسەپىنىڭ ئەمەس، بەلكى پەلسەپىۋى قاراشلارنىڭ دىنىي قاراشلار بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەنلىكى، ماتېرىيالىستىك پەلسەپىنىڭ دىنىي پەلسەپە بىلەن كۆرەش قىلىش جەريانىدا راۋاجلانغانلىقى مەنىسىدىلا توغرا بولغان بولىدۇ. ئېيتىش كېرەككى، دىن ۋە پەلسەپە ئائىت سېستىمىسىغا كىرىدۇ، بىرى يەنە بىرىنىڭ مەنبەسى بولالمايدۇ. يەنە ئېيتىش كېرەككى، پەلسەپىلەرمۇ ھەرخىل. دىنىي پەلسەپە ئۆزى ئىلگىرى سۈرگەن دىن بىلەن كۆرەش ئېلىپ بېرىپ بارلىققا كەلمەيدۇ.

3) بىلىش نەزەرىيىسى جەھەتتىكى ئىلمىغا زىت مۇھاكىمىلەر

ئۇ بۇ جەھەتتە تۆۋەندىكىدەك ئۆزى بىلگەنچە بىر قاتار كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان.

مەلۇمكى، بىلىش نەزەرىيىسى تارىخىدا دۇنيانى بىلىش ۋە دۇنيانى پائالىيەتچانلىق بىلەن ئۆزگەرتىش مەسىلىسىنى تۇنجى بولۇپ كارل ماركس ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ ماھىيەتتە بىلىش نەزەرىيىسىدىكى ئىنقىلابىي ئۆزگىرىش بولۇپ، ئۇنى ماركسىزمدىن ئىلگىرىكى ھەرقانداق مۇتەپەككۇرنىڭ ياكى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تۆھپىسى دېگىلى بولمايدۇ («يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ <قۇتادغۇبىلىك> داستانى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىسى توغرىسىدا» — «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژورنىلى»، 1983-يىللىق 4-سان).

يەنە ئۇنىڭ «بىلىش ئەمەلىيەتتۇر، ئەمەلىيەت بىلىشتۇر» («يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ <قۇتادغۇبىلىك> داستانى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىسى توغرىسىدا» — «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژورنىلى»، 1983-يىللىق 4-سان) دېگەن قارىشى، بىر تەرەپتىن، ئەمەلىيەتنىڭ بىلىشنىڭ ئۆلچىمى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغانلىق؛ يەنە بىر تەرەپتىن، بىلىش بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ پەلسەپىۋى سۈپەت ئېنىقلىمىسىنى

بىلىمگەنلىك.

يەنە ئۇنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىنسان تەسەۋۋۇرىدا تەپەككۇر قىلالىغان («يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ <قۇتادغۇبىلىك> داستانى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىسى توغرىسىدا» ــ «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژورنىلى»، 1983-يىللىق 4-سان) دېگەنلىكى ئۇنىڭ بىلىش نەزەرىيەسىنى ھەتتا بىلىش جەريانىدىكى تەسەۋۋۇر، تەپەككۇر ھالقىلىرىنى زادى چۈشەنمەستىنلا سۆزلىگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. يۇقۇرىقى جۈملە قانداقتۇ «تەسەۋۋۇرلۇق تەپەككۇر» بىلەن «تەسەۋۋۇرسىز تەپەككۇر»، «ئىنسانى تەسەۋۋۇر» بىلەن «غەيرى ئىنسانى تەسەۋۋۇر»دېگەن نائېنىق چۈشەنچىلەردىن دېرەك بېرىدۇ.

يەنە ئۇ تىلغا ئالغان «ھېس ــ روھ، ئەقىل ــ ئەمەلىيەت» («يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ <قۇتادغۇبىلىك> داستانى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىسى توغرىسىدا» ــ «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژورنىلى»، 1983-يىللىق 4-سان) دېگەن قاراش پسىخولوگىيە ۋە ماتېرىيالىستىك پەلسەپىدىن خەۋەرسىز ھالدا قارىسىغىلا قىلىنغان مۇھاكىمە بولۇپ، ئۇ ھېس، روھ، ئەقىل، ئەمەلىيەتنىڭ ئىلمىي ئۇقۇمىنى بىلمەي تۇرۇپ، ئۇلارنى بىر-بىرىنىڭ ماھىيىتى، يەشمىسى تەبىرى قىلىپ قويغان. بۇ تۆت ئىبارىنى ھازىرقى زامان كىتاپخانلىرى ئۆزلىرى ئىلمىي ئاساستا ئىزاھلىيالايدۇ ياكى ئىزدىنىپ بىلەلەيدۇ.

يەنە «ھېس ئىدېئالىزىمغا، ئەقىل ماتېرىيالىزىمغا ۋەكىللىك قىلىدۇ» («يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ <قۇتادغۇبىلىك> داستانى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىسى توغرىسىدا» ــ «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژورنىلى»، 1983-يىللىق 4-سان) دېگەن قاراش ئەقەللىي پەلسەپىۋى ساۋاتنى بىلمەي تۇرۇپ، پەلسەپىدە ئىختىرا قىلىنغا «يېڭىلىق»! ئېيتىش كېرەككى، ئىنساندا بولىدىغان روھ، ھېس، ئەقىل، ئەمەلىيەتتىن ئىبارەت خاسىيەتلەر بىلەن پەلسەپىۋى دۇنيا قاراش ھېساپلانغان ئىدېئالىزىم ياكى ماتېرىيالىزىم پۈتۈنلەي باشقا-باشقا مەسىلىلەر ھېساپلىنىدۇ. ۋاھالەنكى، ماتېرىيالىستىك ياكى ئىدىئالىستىك دۇنيا قاراش ئىگىلىرىدىمۇ ئۇلارغا خاس روھ، ھېس، ئەقىل ۋە ئەمەلىيەت بولىدۇ.

يەنە «ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى ئادالەت» («يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ <قۇتادغۇبىلىك> داستانى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىسى توغرىسىدا» ــ «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژورنىلى»، 1983-يىللىق 4-سان) دېگەن قاراش كۆرۈنۈشتە داغدۇغىلىق بولسىمۇ، ماھىيەتتە، بىلىش نەزەرىيىسىدىكى ئەمەلىيەت كاتېگورىيىسىنىڭ ئورنىغا ۋە ئىجتىمائىي

ئەمەلىيەتتەك ماتېرىيالىستىك پەلسەپىۋى كاتېگورىيە ئورنىغا قانۇنشۇناسلىقتىكى ئادالەت ئىبارىسىنى دەسسىتىش، ياكى نادانلىق ئۈستىگە قوشۇلغان تەنتەكلىك، ياكى ماتېرىيالىستىك بىلىش نەزەرىيەسىنى بۇرمىلاش بولىدۇ.

4) كاتېگورىيىلەر نەزەرىيىسىدىكى قالايمىقان ھۆكۈملەر

ئۇ كاتېگورىيىلەر نەزەرىيىسى ۋە ھەرقايسى كاتېگورىيىلىك چۈشەنچىلەرنىڭ خاراكتېر پەرقلىرىنى ئاڭقىرماي، «رېيال مۇمكىنلىك»، «ئابستىراكت مۇمكىنلىك»، «سەۋەپ»، «نەتىجە»، «تارىخىي نەرسە»، «لوگىكىلىق نەرسە»، «ئوبيېكتىپ چىنلىق»قاتارلىق ئىبارىلەرنى تاقىغا-تۇقىغۇ تىلغا ئالغان («يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ <قۇتادغۇبىلىك> داستانى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىسى توغرىسىدا» __ «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژورنىلى»، 1983-يىللىق 4-سان).

ئۇ يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ زىدىيەتنىڭ بىرلىكى ھەققىدىكى قارىشىنى ئۇنىڭ ھەممە ئادەمنىڭ قانۇن ئالدىدىكى باراۋەرلىكى ھەققىدىكى قارىشى بىلەن ئارىلاشتۇرىۋەتكەن ۋە ئالدىنقىسىنى كېيىنكىسىنىڭ ئاساسى قىلىپ قويغان («يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ <قۇتادغۇبىلىك> داستانى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىسى توغرىسىدا» __ «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژورنىلى»، 1983-يىللىق 4-سان).

ئۇ يۇسۇپ خاس ھاجىپنى «رېيالىست مۇتۇپەككۇر»، «قۇتادغۇبىلىك»نى «رېئال پروگرامما»، قارىخانىلار دەۋرىنى يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ دۆلەتنى تۈپتىن ئۆزگەرتىدىغان پروگراممىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغان «رېئال مۇمكىنلىك» دەپ ئىزاھلىغان.

ئۇ دەلىل سۈپىتىدە، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى «ئۈچ ئەركام، بەش ئەھكام» قاتارلىق پەلسەپىۋى ئىدىيىلەر بەزى ئازسانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ قۇللۇق دەۋرىدىن فېئوداللىق جەمئىيەتكە ئۆتۈش قەدىمىنى تېزلىتىشتە مەلۇم رول ئوينىدى (« <قۇتادغۇبىلىك> ھەققىدە بايان»، 4-توپلام) دەپ يازغان. ئۇ بۇ بىر جۈملە سۆز بىلەن، بىرخىل تۈزۈمدىكى جەمئىيەتتىن يەنە بىرخىل تۈزۈمدىكى جەمئىيەتكە ئۆتۈشتە دىنىي پەلسەپىنىڭ تەسىر كۆرسىتىشىنى تەكىتلەيدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ ئاساسسىز ھۆكۈمى ئۈچۈن «قايسى مىللەتنى»، «قانداقچە تېزلەتتى» دېگەن مەسىلىگە پاكىت كۆرسەتمەيدۇ.

ئۇ «ئەخلاق ئەقلىنىڭ ئىجتىمائىي فورمىسى» (« <قۇتادغۇبىلىك> ھەققىدە بايان»،

2-تومىدا) دېگەن ھۆكۈم بىلەن ئەخلاق ۋە ئەقىل كاتېگورىيىلىرىنى تەڭلەشتۈرۈپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەقلنى غەيرى ئىجتىمائىي ___ تەبىئىي ئەسلى زات قىلىپ قويىدۇ.

5) پەلسەپە تارىخى مەسىلىلىرىگە ياتىدىغان بىر قاتار بىلجىرلاشلار

ئۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق ئەسىرىنىڭ تارىخى قىممىتىنى گەۋدىلەندۈرمەك بولۇپ، بۇ ئەسەر تەتقىقاتى بويىچە قەشقەردە ئېچىلغان مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا، ئاللىقانداقتۇر مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 3500 يىلدىن تاكى 1778-يىلغىچە ئۆتكەن ئالىملارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ھېچقايسىسى «قۇتادغۇبىلىك»كە يەتمەيدىغانلىقىنى خەلقارادىكى تەتقىقاتچىلار ئىسپاتلىدى دېگەننى ئېلان قىلغان! ئۇ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژورنىلىنىڭ 1992-يىللىق 2-سانىدا ئېلان قىلغان «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ شەرق ۋە غەرب بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى» ناملىق ماۋزۇسىلا مەنتىقىگە چۈشمىگەن ماقالىسىدە (شۇ ژورنالنىڭ 117-بېتىگە قاراڭ) يەنە بىر قېتىم بۇ سۆزنى جاكارلايدۇ.

ھەيرانمەن ئاپتورىمىز نېمە ئۈچۈندۇر مىلادىيەدىن 3500 يىل ئىلگىرى كىشىلەر يېڭى تاشقورال دەۋرىدە تۇرىۋاتقان مەزگىلدە، ئالىم ۋە ئەسەر توغرۇلۇق ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھەتتا كۆڭرى بىلەن سوقراتنىڭمۇ مىلادىيەدىن پەقەت 5، 6 ئەسىر ئىلگىرى ئۆتكەنلىكىنى بىلمىگەن! ھەتتا ئۇ ئەيمەنمەي، خۇددى ئاندېرسوننىڭ «يالىڭاچ پادىشاھ» چۆچىكىدىكى كىيىمسىز كارۇلدەك ياپيالىڭاچ نادانلىق ۋە تەنتەنىلىك بىلەن بۇ «ئاجايىپ» سۆزنى مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى مۇنبىرىدە، ئىلىم رەھبىرى سالاھىيىتى بىلەن جاكارلىغان! بۇ، مىللەتكە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەتقىقات ساھەسىنىڭ شان-شۆھرىتىگە مەسخىرە ئېلىپ كېلىدىغان نومۇسلۇق ئىش ئەمەسمۇ؟! قايسى تەتقىقاتچى شۇنداق ئىسپاتلىدى؟ نېمە ئۈچۈن ئاخىرقى چەك 1778-يىل بولۇپ قالدى؟ بۇنىڭغا ئاپتور مەڭگۈ دەلىل ۋە سەۋەپ كۆرسىتەلمەيدۇ! چۈنكى بۇ ئويدۇرمىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئۇ يەنە «قۇتادغۇبىلىك»نى ئوقۇپ چىقىش ئۈچۈن 18 پارچە كىتاپنى ئوقۇپ چىقىشنى جېكىلەيدۇ (« <قۇتادغۇبىلىك> ھەققىدە بايان» 4-تومىدا). بۇلار پىلاتون، تۇماس مور، كامپانىلا قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئەسەرلىرى بولۇپ، ئۇنى ئوقۇپ چىقىپ تەۋسىيە قىلغان باشقا ئاپتوردىن، ئوقۇپ چىقمىغان بۇ ئاپتورىمىز پەقەت «ئاجايىپ-

غارايىپ» ئۇچۇنلا كۆچۈرۈۋالغان ۋە كىتاپخانىلارنىڭ ئوقۇپ چىقىشىغا ھاۋالە قىلغان! ئاپتورىمىز ئۆز-ئۆزىنى تولۇق نامايەن قىلىپ تۇرسا، ئۇنىڭ بۇ قىلمىشىنى يەنە كىتاپخانلارغا چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز بولسا كېرەك.

ئۇ يەنە، پەلسەپە تارىخىمىزغىمۇ بىر قاتار «مۇناسىۋەت زىددىيىتى» سېلىپ كەلدى. فارابىدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپقا، «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىنى «تۈركىي تىللار دىۋانى» تەتقىقاتىغا قارشى قىلىپ قويدى. ئۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىدىيىلىرىنىڭ پەلسەپىۋى مەنبەلىرىنى بىر تەرەپلىمە ھالدا، ئەنئەنىۋى كۈچ ۋە خەلق قوشاقلىرى دەۋالىدى («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1982-يىللىق 1-سان). ئۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپ پەلسەپە ئىدىيىلىرى دېگەن باھاندا، بەزى غەلىتە، بىر-بىرىگە زىت قاراشلارنى بۇ پىشىۋايىمىزنىڭ نامىغا تاڭدى. ئۇ «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى توغرىسىدا يەنە بىر قېتىملىق ئىزدىنىش» نامىدا تەكرار ئېلان قىلغان ماقالىسىدا، ئۆزى بىلگەنچە «28 نوقتا» تۈزۈپ چىقىپ، ئۇنى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىدىيىۋى نوقتى نەزەرلىرى دەۋالدى. بۇ «28 نوقتا»نى بىر-بىرلەپ سانىمساقمۇ ئۇنىڭدىن ئۈچىنى مىسالغا كەلتۈرەيلى:

ئۇنىڭ بىرى، «پلاتون ۋە فارابى قاتارلىقلارنىڭ ئۇستىدە تۇرىدىغىنى ئىلىم» دېگەن نوقتا بولۇپ، ئۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ سۆزى بولماي، ئاپتورىمىزنىڭ ئىلىمنى ئالىمغا زىت قىلىپ قويىدىغان توقۇناق سۆزى!

ئۇنىڭ يەنە بىرى، «قەدىرلىك ئىنسان بار، ئۇلار: بىرى ئالىم، بىرى بەگ، ئۈچىنچىسى ھايۋاندۇر» دېگەن نوقتا بولۇپ، ئۇ بۇنداق بەگ ۋە ھايۋاننى قەدىرلىك ئىنسان قاتارىدا تىلغا ئېلىشنى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ نوقتى نەزىرى قىلىپ يازغان.

ئۇنىڭ ئۈچىنچىسى، «ئۈچ نەرسىدىن يىراق بول. بىرى بەگدىن، بىرى يالغانچىدىن، بىرى بېخىلدىن» دېگەن نوقتىنىمۇ ئاپتور يۈسۈپ خاس ھاجىپقا تاڭغان. بۇ يەردە «بەگ» قەدىرلىك ئىنسان بولماي، يىراقلىشىدىغان ئوبيېكتىپ قىلىنغان (« <قۇتادغۇبىلىك> ھەققىدە بايان»، 4-توپلام).

ئۇ يەنە، كارل ماركس «ئىنسان ئىلمىي»نى ياراتقۇچى، ماركس 1844-يىلى يازغان «ئىقتىسات ئىلمى پەلسەپىسى» ناملىق كىتابىدا بۇ ئىلىمنى ئوتتۇرغا قويغان («تونۇگۈن ۋە بۈگۈن»، 97-بەت) دەيدۇ. بۇ بىر جۈملە سۆزدىن ئاپتورنىڭ ماركسنىڭ تىبخى ئۇيغۇرچە قىلىنمىغان «1844-يىلقى پەلسەپە- ئىقتىساتشۇناسلىق قولىيازمىلىرى»ناملىق ئەسىرىنى ئوقۇمايلا، ئۇ ھەقتە سۆز ئېچىشقا بولىدۇ دەپ قارايدىغان

ئىلمىي ئەخلاقىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

ئۇ يەنە، «شىنجاڭ ئونۋېرسىتېتى ئىلمىي ژورنىلى»نىڭ 1983-يىللىق 4-سانىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىسىدە، ماركسىزمنىڭ پەلسەپە، سىياسىي ئىقتىساد، ئىلمىي سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت ئۈچ تەركىبىي قىسمىنى ياخشى بىلمەي تۇرۇپلا، ئۇنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولغان پەلسەپىنىڭ ئۈچ تەركىبى قىلىپ قويغان.

ئۇ يەنە، شۇ ژورنالنىڭ 116-بېتىدە، يۈسۈپ خاس ھاجىپنى ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى ئىچىدىكى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىنىڭ بىر پارلاق نامايەندىسى دېيىش بىلەن كلاسسىك ئەدەبىياتى پەلسەپە تارىخىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى قىلىپ قويغان.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغانلار پەلسەپىنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي ساۋات مەسىلىلىرىدە ئۇشبۇ تەتقىقاتچىمىزنىڭ ئۆز- ئۆزىنى سۆرەتلىشى بولۇپ، بۇ بىزنىڭ ئۇنى خاتا تەسۋىرلەش ئۈچۈن چاپلىغان يالامىز ئەمەس.

## 4. مۇقام مەسىلىسىدىكى چاكىنا قاراشلار

كىشىنى ئەخمەق قىلىپ قويىدىغان نەرسە ئۆزىگە تەمەننا قويۇش بىلەن مەنمەنلىكتۇر.

___ لېيكنېخت

ئاپتورنىڭ ئۇيغۇر مۇقاملىرى تەتقىقاتىغا قىزىقىش سەۋەبلىرى ماڭا نامەلۇم، ئەمما ئۇنىڭ يۇقىرىدا نامى ئاتالغان بىر-بىرىگە ۋارىيانت بولۇپ كىتاب ۋە ژورنال سەھىپىسىگە چىققان تۆت پارچە ماقالىسى پۈتكۈل مۇقام تەتقىقاتى تارىخىدىكى ئەڭ سول، ئەڭ چاكىنا (ۋولگار) مۇھاكىمە بولۇپ، مەدەنىيەت تارىخىمىزدا ئەسلىنىپ تۇرىدىغان خاس ئۆلگە بولۇپ قالىدى. بۇ ماقالىلەردىكى پۈتۈن كۆز قاراش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» موھىتىدىن پايدىلىنىپ «قەدىدىنى تىكلىۋېلىش» پىلانى بويىچە باش قاتۇرۇپ ئىشلەنگەن بولسا كېرەك. ئۇنىڭ ھەربىر ۋارىيانتىنىڭ سىياسىي مۇھىت كەسكىنلەشكەندە قايتا ئېلان قىلىنىپ تۇرغىنىمۇ تاسادىپى ئەمەس.

ئاپتور «ئون ئىككى مۇقام»نى ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرى روشەن سىنىپىي مەقسەتچانلىق بىلەن بىرىنىڭ كەينىدىن بىرىنى ئىجات قىلغان دېگەن «مەقسەت

نەزىرىيسى»نى ئاتايىن كۆتۈرۈپ چىقىدۇ. بۇ، كەڭ مەنىدە، سەنئەت ئىزچىل سىياسىي مەقسەتتە پەيدا بولغان دېگەن قاراشقا ياندىشىدۇ. بۇ يەردە مەن سىياسىي مەقسەت بىلەن ھەرخىل پائالىيەتنى شەكىللەندۈرگەن «ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرى»مۇ، ياكى ئاپتورىمىزنىڭ دەل ئۆزىمۇ زادى كىم؟ دەپ دۇئال قويماقچىمەن. بۇ سۇئالنىڭ جاۋابىنى كەڭ كىتابخانلارغا ھاۋالە قىلىش يېتەرلىك.

ئېيتىش كېرەككى، «ئون ئىككى مۇقام» دەك ئۇزاق تارىخىي راۋاجلىنىش ئىچىدە پەيدىنپەي ھازىرقى ھالەتكە يەتكەن سەنئەتنى ھېچقايسى كومپوزىتورنىڭ بىرەر سىياسى مەقسەتتارلىق بىلەن مەيدانغا چىقىش مۇمكىن ئەمەس، ئاپتورىمىز تارىخىي مىراسلىرىمىزنىڭ نەتىجىلىرى ئۈستىدە نورمال تەتقىقات قائىدىسى بويىچە ئىزدىنىش ئورنىغا، قانداقتۇر غەيرىي تارىخىي كۆچ بىلەن بىر تاقلاپلا بۇ مىراسلارنىڭ بىرقانچە مىڭ يىلدىن بېرى ئۆزلۈمەي كىلىۋاتقان ئىجادىيەت سوبيېكتلىرىنىڭ مەقسەتتارلىقىنى بىلىۋالغان؟!

ئېيتىش كېرەككى، سىنىپىي جەمئىيەتتە ھەرخىل ئىدىيىلەرگە سىنىپى تامغا بېسىلغانلىقى بىلەن ھەرقانداق مەنىۋى ئىجادىيەتنىڭ سىياسىي مەقسەتتارلىق بىلەن يارىتىلىدىغانلىقى ئوخشاش بولمىغان ئىككى چۈشەنچە! بۇنى ياكى سوفىستىكا، ياكى چاكىنىلىق بىلەن قارىسىغا سۆزلەش ئارىلاشتۇرۇۋېتىشى مۇمكىن.

ئاپتورىمىز سىياسىي مەقسەتتارلىقنى ئالدىن بايقىۋېلىشتەك بىلەرمەنلىكى بىلەن، مۇقاملارنىڭ ناملىرىغا يۇشۇرۇنغان سىنىپىي- سىياسىي مەنىدارلىقنى «ئىختىرا» قىلغان. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئۇ مۇقام تەتقىقاتىنىڭ ئەمدىلا باشلىنىۋاتقان يېڭى ئىش بولماي، ئەڭ كەم دېگەندىمۇ فارابىدىن نەۋائىغىچە ھەتتا يېقىنقى زاماندا دەرۋىش ئەلىگىچە ئىزاھلانغان «ئېچىۋېتىلگەن ساھە» ئىكەنلىكىدىن خەۋەرسىز ھالدىلا، «سفىنكس تېپىشمىقى»نى تۇنجى بولۇپ يېشىۋەتمەك بولغان! قىزىقى شۇكى، ھەم قەدىمكى تۈرك تىلى ۋە چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بويىچە، ھەم «قۇتادغۇبىلىك»نى نەزمىي يەشمە ھالەتكە كەلتۈرۈپ ئۇنىۋان ئالغان بۇ تەتقىقاتچىمىز ھەممە مۇقام ناملىرىنى ئۇنىڭدىكى بىرەر ھەرپ بويىچە تىغمۇتىغ ھالەتتە ئۆت پۈركەپ تۇرىدىغان سىنىپىي- سىياسىي كۆرەش بىلەن رەڭدار بوياپ راسا جىلۋىلەندۈرىۋەتكەن؛ مۇزىكا نەزىرىيسىدىن، جۈملىدىن مۇزىكا تارىخىدىن خەۋىرى بولمىغان، ئەمما نۇمۇس بىلەن ئۆزىنى باشقۇرۇشتىن خەۋىرى بولغان ھەرقانداق ئادەم بۇنداق ھاماقەتلىككە تەۋەككۇل قىلمايدۇ! مەن مەشھۇر مۇزىكا ئالىملىرى رەجەپوف، كارامەتوفلارنىڭ مۇقام مەسىلىسىگە

ئائىت كىتابلىرىنى ئوقۇپ بىزنىڭ بۇ قەيسەر ئاپتورىمىزنىڭ مۇقام مۇنبىرىدە كۆزى ئوچۇق كىشىلەرگە جاكارلاۋاتقان غەلىتە مۇھاكىمىلىرىدىن خورلىنىش ھېس قىلدىم. چۈنكى، ئۇ ھېچ بولمىغاندا زاماندىشىم ھەم ۋەتەندىشىم ئەمەسمۇ؟!

ئاپتورىمىز ھەر مۇقامنى ئۇنىڭ نامىغا ئىزاھات بېرىش ئارقىلىق سىنىپى كۆرەش قورالى، سىياسىي ۋاستە دېگەن ئۆزىگە خاس غەلىتە ھۆكۈمگە مەجبۇرى تاڭىدۇ. ئۇ بۇ جەھەتتە يەنە ئۆزىگە خاس ئېتىمولوگ قىياپىتىنى كۆرسەتمەكچى بولىدۇ. «راك» ئىبارىسىنى «راھاۋى» ئىبارىسىگە سۆندۈرۈپ، ئۇنىڭدىن «راھەت»، «ئازادلىق» دېگەن ئۇقۇملارنى پۈۋدەپ چىقىرىپ، «راك مۇقامى»نى ئىزىلگۈچى خەلقنىڭ ئازادلىق كۆرەشلىرى مەقسەت قىلىنىپ يارىتىلغان ئازادلىق مۇقامى قىلىپ تەرىپلەيدۇ.

ۋاھالەنكى، مەشھۇر مۇزىكا ئالىمى ئىسھاق رەجەپوۋ «مۇقاملار مەسىلىسىگە دائىر» ناملىق كاتتا كىتابىدا (تاشكەنت، 1963-يىل نەشرى): «راك سۆزى ھىندىچە بولۇپ، مۇقام مەنىسىگە توغرا كېلىدۇ»، ئەمما «راكنىڭ مېلودىك ماتېرىيالى ھىندى مۇزىكىسىدىن ئېلىنغان دەپ ئويلاش خاتا» (240-بەت) دەيدۇ ۋە «قەشقەرچە راك» (241-بەت)نىڭ نامىنى تىلغا ئالىدۇ. ئۇ، كەۋكەۋى يازغان مەنبە ئاساسىدا، «راھاۋى» ئىبارىسىنىڭ رۇم شەھەرلىرىنىڭ بىرىنىڭ نامى بولغانلىقىنى (45-بەت)، ئەل ھۇسەينى يازغان مەنبە ئاساسىدا بۇ ئىبارىنىڭ ئاتلىقلار يۈرۈشى كۈيى ئىكەنلىكىنى (46-بەت) تىلغا ئالغان.

ئاپتورىمىز «چەببىيات» مۇقامىنى مەنبەسىز ھالدا «ھۇسەينى» موقامى دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ. ئۇ چەببىيات مۇقامى خورلۇقتا قارشى تۇرۇش، زالىملارنى ئاغدۇرۇش، خەلقنىڭ ئۆز كۆڭلىنى خۇشال قىلىش مەقسىدىدە ئىجاد قىلىنغان دەيدۇ.

«بايات» مۇقامى ئاپتورىمىز تەرىپىدىن گۈزەللىكنى ئەسلەش، ھۆسىن جامال مەنىسىدە ئىزاھلىنىدۇ. ئۇ يەنە بۇ ئىبارىنىڭ ئەسلى توغرا ئېيتىلىشى «ھەببىيات» بولۇپ، بۇنىڭدا «بايات» نامى توغرا تەلەپپۇز قىلىنمىغان دەيدۇ. ئۇ «ھەببىيات» ئىبارىسىنى زىرائەت ئۇرۇقلىرى ۋە مۇھەببەت» دېگەن مەنىدە دەيدۇ. قانداق بولۇپ زىرائەت ئۇرۇقلىرىغا مۇھەببەتنىڭ ياكى مۇھەببەتكە زىرائەت ئۇرۇقلىرىنىڭ كىرىپ قالغانلىقىنى دېمەيدۇ.

ۋاھالەنكى، «بايات» ئىبارىسىنىڭ تەڭرى ۋە ئوغۇزلارنىڭ بىر قەبىلىسىنىڭ نامى ئىكەنلىكىنى «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن «تۈركى تىللار دىۋانى»دا ئېنىق كۆرسىتىلگەن. بۇ نام خاتا تەلەپپۇز قىلىنغان بولماستىن، بەلكى «ھەببىيات» ئىبارىسى ياساپ چىقىلغان. دەرۋەقە، ئاپتورىمىز ئەرەپچە «ھەببەزا» (نېمە دېگەن گۈزەل ھە!)، «ھەببە» (دان،

ئالتۇن ئۆلچەش تارازىسىنىڭ تېشى) دېگەن سۆزلەرنى تاپقان ۋە ئۇنىڭدىن ئۆز ئىقتىدارى بويىچە «ەببيات» ئاتالغۇسىنى كەشىپ قىلغان. كىشىنى ھەيران قىلىدىغىنى شۇكى، تىلچىمىز «بايات»نىڭ ناتوغرا «ھەببيات»نىڭ توغرىلىقىنى تىلغا ئېلىش بىلەن بىللە، يەنە ئېغىزدا چوڭ «ھ» كىچىك «ھ» بىلەن تەلەپپۇز قىلىنسا «بايات»، كىچىك «ھ» بىلەن تەلەپپۇز قىلىنسا «ھەببيات» دېگەن ئاۋاز پەيدا بولىدۇ دەيدۇ. تاۋۇشتا چوڭ «ھ» دېگەن نەرسە بولىدۇ دېگەننى ئاڭلىمىغان، پەقەت يېزىقتا «باش»، «ئوتتۇرا»، «ئاياغ»دا كېلىدىغان ھەرپلەر بولىدۇ دەپ ئاڭلىغان ئىكەنمەن.

ئاپتورىمىز «مۇشاۋرەك» مۇقامىنى «راست» مۇقامى دەپمۇ ئىزاھلايدۇ ۋە بۇ مۇقامنى تومتاق ھالدىلا ئەزگۈچى، تەييارتاپ، مۇتەھەملەرنىڭ يالغانچىلىق، كاززاپلىقلىرىغا قارشىلىق بىلدۈرۈش مەقسىتىدە شۇ نام بىلەن ئىجاد قىلىنغان دەيدۇ. بۇ يەردە ئاپتورىمىز بىرىنچى قەدەمدە «مۇشاۋرەك» ئىبارىسىنى «راست» ئىبارىسىگە كۆچۈرىدۇ، ئىككىنچى قەدەمدە ئۇنى دۆم كۆمتۈرۈپ، «يالغان»، «كاززاپ» دېگەن ئۇقۇمنى قېقىپ چىقىرىدۇ.

ۋاھالەنكى، ئىسھاق رەجەپوف ئۆز كىتابىنىڭ 44-بېتىدە، «راست مۇقامى»نى كۆپچىلىك مۇقاملارنىڭ كۈيلىرىگە ماس كېلىدىغان 43 دائىرىنى تەشكىل قىلغان ئاھاڭ شەكلى بولۇپ، «ئومۇل ئەدۋار» ___ ھەممە كۈيلەرنىڭ ئانىسى دېگەن تەرىپكە ئېگە دەپ ئىزاھلايدۇ. رەجەپوفنىڭ پىكرىچە، «راست» ___ «رۇس»، «ماس»، «لايىق» مەنىسىنى بېرىدۇ.

ئاپتورىمىز «چارىگاھ» مۇقامىنى «ھىجاز» مۇقامى دەپ تىلغا ئېلىش بىلەن بىللە، يەنە قانداقتۇر «چارىگاھ» مۇقامىنى تارىم، قىزىل، دولان قاتارلىق تۆت دەريا ئارلىقىدا (شىنجاڭدا بۇ تۆت دەريا كېسىشىدىغان جايمۇ بارمۇ؟ بۇبۇللار سايرىغاندا، كەمبىغەل خەلق ئۆز خۇشاللىقىنى ئىزھار قىلىش مەقسىدىدە ئىجاد قىلغان دەيدۇ. ئۇنداقتا قانداقسىگە بۇ مۇقامنىڭ يەنە بىر نامى ئەرەبىستاننىڭ مەككە ـ مەدىنە شەھەرلىرى جايلاشقان ۋىلايەت نامى «ھىجاز»نىڭ نامى بولۇپ قالىدۇ؟ بۇنى ئىزاھلىمايدۇ.

دەرۋەقە، «چارىگاھ» مۇقامىنىڭ نامى ئىسھاق رەجەپوفنىڭ كىتابىنىڭ 56- بېتىدە، «تۆت پەدىدىن ھاسىل قىلىنغان ئاۋاز قاتارى بولۇپ، دىئاپازونى كۋادرات شەكلىدە بولغانلىقى ئۈچۈن «زۇلئەربە» (كۋادرات دىئاپونلۇق كۈي) دېيىلگەن دەپ يېزىلغان.

ئاپتورىمىز «پەنجىگاھ» مۇقامىنى ھېچ ئاساسسىز ھالدا «بۇزۇرۇك مۇقامى» دەيدۇ. ئۇ «پەنجىگاھ» مۇقامى فېئودال روھانىلارنىڭ كەمبىغەللەرنى پەس، ئەقىلسىز كۆرىدىغان

ۋە بۇنى تەڭرى شۇنداق ياراتقان قاراشلىرىغا قارشىلىق بىلدۈرۈپ، كەمبىغەللەرنىڭ ئىسسىل پەزىلەتلىرىنى ئىپادىلەش مەجسەددە ئىجاد قىلىنغان دەيدۇ. ئۇ قارىماققا «پەنجىگاھ»تىن «پەس» مەنىسىنى، «بۇزۇرۇك»تىن ئۇلۇغ-ئىسىل مەنىسىنى ئويلاپ تېپىپ، بۇ مۇقامنى ئىزاھلىغان.

ۋاھالەنكى، ئىسھاق رەجەپوف ئۆز كىتابىنىڭ 56-بېتىدە، «پەنجىگاھ» مۇقامىنى «بەش پاغانە- بەش پەردە»لىك ___ بەش پاغانلىق كۆينتا دىئاپۇزونىدىكى تاۋۇش قاتارىغا ئاساسلانغان ئاھاڭ شەكلى دەپ ئىزاھلايدۇ. ئۇ «بۇزۇرۇك» (ئۇلۇغ) مۇماقى توغرىسىدا ئۆز كىتابىنىڭ 49- بېتىدە، بۇ مۇقامنىڭ باشقا مۇقاملاردىن كۆپ كۆيلۈك زور مۇقاملىقىنى تىلغا ئالىدۇ.

ئاپتۇرىمىز «ئۆزھال» مۇقامىنى «كۆچەك» مۇقامى دېگەندە ھېچقانداق مەنبە كۆرسەتمەيدۇ. ئۇ بۇ مۇقام ئىزىلگۈچى ئەمگەكچىلەرنىڭ ئەزگۈچى فېئوداللارغا بولغان قارشىلىقىنى ئىپادىلەش، مىليونلىغان خەلقنىڭ «ھالىنى» جاراڭلىق سادا بىلەن ئىپادىلەش مەقسىدىدە يارىتىلغان دەيدۇ.

ۋاھالەنكى، ئىسھاق رەجەپوف ئۆز كىتابىنىڭ 159-بېتىدە، «ئۆزھال» ئىبارىسى «پەسكە توشۇش»، «سەكرەش» مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ، بۇنىڭدا كۈي ئۆزى باشلانغان ۋاقىتتىكى كۇۋارتادىرىجىسىدىن بىردىنلا پەسلىكە قاراپ سەكرەيدۇ، بۇ ھال نوتىدا ھەم سىترېلكىدا كۆرۈنىدۇ دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ئىسھاق رەجەپوف كىتابىنىڭ 104-بېتىدە، «كۆچەك مۇقامى» تۈرك خەلقلىرىگە خاس بىر مۇقام بولۇپ، «راست مۇقامى»غا يېقىن تۇرىدۇ دەپ تىلغا ئالىدۇ.

ئاپتۇرىمىز «ئىراق» مۇقامى ھەققىدە ئۆزىچە مەنە بەرسىمۇ، ئۇ بۇ مۇقام ئەمگەكچى خەلقنىڭ فېئوداللارغا قارشى كۈچلۈك قان -تەر ۋە غەزەپ دولقۇنىنى ئىپادىلەش مەقسىدىدە يارىتىلغان دەيدۇ. نەتىجىدە، بۇ «غەزەپ دولقۇنى» مۇقامى بولۇپ چىقىدۇ. ۋاھالەنكى، ئىسھاق رەجەپوف ئۆز كىتابىنىڭ 47- بېتىدە، بۇ مۇقامنى ھەممىگە مەلۇم مەنىدە ___ «ئىراق» مەملىكىتى نامىغا نىسبەت قىلىنغان دەپ ئىزاھلايدۇ.

ئاپتۇرىمىز «ناۋا» مۇقامىغىمۇ سىنىپى تۈس بېرىدۇ. ئۇ «ناۋا» مۇقامى ئەمگەكچىلەرنىڭ قۇدرەتلىك، بايلارنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش مەقسىدىدە يارىتىلغان دەيدۇ، ۋەھالەنكى، «ناۋا» ئىبارىسى «كۈيلەش»، «كۈي» مەنىسىدە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان كىشى ئاز بولسا كېرەك.

ئاپتۇرىمىز «ئۇششاق» موقامىنىڭ «ئاشىق»، «مۇھەببەت» ئىبارىسىنىڭ كۆپلۈك

كېلىشى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلالمىغان بولسىمۇ، ئۇنى يەنە كەسپى سىياسەتۋازلىقى بويىچە، ھەققى مۇھەببەت ئەمگەكچى خەلقتە بولۇپ، يۇقىرى تەبىقىنىڭ مۇھەببىتى ساختا ئىكەنلىكىنىبىلدۈرۈش مەقسىدىدە يارىتىلغان دەيدۇ.

ئۇ يەنە، «ئەجەم» مۇقامىنى سۈي سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭغا كىرىپ، ئىسلام دىنىنى تارقاتقۇچىلار خەلقنى كەمسىتىپ، سىلەر «ئەجەم» دېگەندە، خەلق «ھەئە، بىز ئەجەم» دەپ ئۆز ئېتىخارىنى كۆرسىتىش مەقسىدىدە ئىجاد قىلغان دەيدۇ.

ئاپتورىمىز «سىگاھ» مۇقامىنى «بۇسلىك» دەپ ئىزاھلاش بىلەن بىللە، ئۇنى خەلقنىڭ كۆرەشچان روھىغا مەدھىيە ئوقۇش مەقسىدىدە يارىتىلغان دەيدۇ. ئۇ بۇ مۇقامنىڭ «بۇسلىك» دېگەن نامى «ئارىسلاننى ھەيران قالدۇرۇش» مەقسىتىدە يارىتىلغان دېگەننى قوشۇپ قويىدۇ.

ۋاھالەنكى، ئىسھاق رەجەپوف ئۆز كىتابىنىڭ 165-بېتىدە، «سىگاھ»نىڭ تۆرلۈك شەكىللىرى (نەمۇنى) ئۈستىدە توختىلىدۇ. ئۇ يەنىلا ئىككىنچى پەردىدىكى ئاۋاز قاتارى ئاساسىدىكى كۈيلەر مۇجەسسەمنىڭ نامى بولۇپ، ئۇنىڭ «بۇسلىك» مۇقامى بىلەن بىرلىكى ئاپتورىمىزنىڭ خۇسۇسىي ھۆكۈمىدۇر. ئىسھاق رەجەپوف كىتابىنىڭ 43-بېتىدە، «بۇسلىك» ئىبارىسى «ئاتاقلىق ئات ___ ئەبۇ سالىكتىن ئېلىنغان» دېيىلگەن ۋە بۇ ھەقتە ئىزاھات بېرىلمىگەن.

مانا كۆرۈپ تۇرۇپسىلەركى، يۇقۇرىدىكى غەلىتە ھۆكۈملەرنى بىزنىڭ ئاپتورىمىز ئۆزىدە ھازىر بولمىغان تىلشۇناس، ئېتمولوگ، مۇقامشۇناس «سالاھىيتى» بىلەن بىزگە تەقدىم قىلغان! بۇ يەردە كىشىنى تەئەجۈپلەندۈرىدىغىنى شۇكى، مۇقاملار خۇددى ئاپتورىمىزدەك كۆرەشچان، مەقسىدى روشەن بىرەر رېجىسسور قوماندانلىقىدا بىر-بىرلەپ مەيدانغا كەلگەنىكەن! روشەنكى، ئاپتورىمىز مۇقاملارنىڭ مۇزىكىلىق تۈزۈلمىسى، لاد ۋە ئاۋاز قاتارىغا ئىتىبار بەرمىگەن، بۇ جەھەتتە ئۆزى بىلگەنچە جەڭگىۋار «تەپسىر» قىلغان. بۇنداق مەسئۇلىيەتسىزلىكتىن كۈلۈشكە فارابى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد كاشغەرى، ئەلشىر ناۋائى مۇيەسسەر بولالمىغان بولسىمۇ، خەلقىمىزنىڭ ئەۋلاتلىرى، مۇقام ئەۋلاتلىرى داۋاملىق ئۈلگىرىدۇ! مەشھۇر دەستۇر ___ «قابۇسنامە»دە مۇنداق بىر جۈملە سۆز بار: «ئۆزىنى بىلىملىك ھېساپلايدىغان ناداندىن قاچ!» ھەئە، شۇنداق، ئاپتورىمىز بۇ يىل يەنى، 1992-يىل 8-ئاينىڭ 5- كۈنى يەكەندە ئۆتكۈزۈلگەن 2- قېتىملىق «ئون ئىككى مۇقام» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى باشلىنىش ئالدىدىكى مىنۇتلاردا، رەھبەرلەر، ئالىملار ۋە جامائەت يىغىن زالىغا كىرىۋاتقان پۇرسەتتىن

پايدىلىنىپ، ئۈرۈمچىدە تەييارلىنىۋاتقان «ئون ئىككى مۇقام سىنىپلىكى ئېنىق بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىك تەشۋىقات قورالى» نامىلىق ماقالىسىنىڭ ئۇنىئالغۇ لىنتىسىنى كارىناي ئارقىلىق پۈتۈن زالغا قويۇپ بەردى. ئۇ نىمىدىن يۈرىكى پوكۇلدىدىكى، ماقالىنى ئوقۇغان ئايال دېكتور ئاپتورىمىزنىڭ نام-شەرىپىنى ئېيتىدىغان چاغدا چاقچاقلىق بىلەن ئۇنىئالغۇنى بېسىۋەتتى!

بۇ كىچىككىنە كومېدىيىلىك ئېپىزوت ئۇنىڭ ئۆز قاراشلىرىنى پۈتۈن جەمىيەتكە تېڭىش يولىدا قارام تەنتەك ۋە نادان تەرسالىقتا خېلىلا خاراكتېر ئالغان شەخس ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. دەرھەقىقەت، ئەخلاق، پىسخولوگىيە ۋە ئىجتىمائىي پروتوتىپلار تەتقىقاتى نوقتىسىدىن ئاپتورىمىزنىڭ ئۆزى تەقتىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان «باش تەتقىقاتچى» دۇر!

ئاپتورىمىزنىڭ موقاملار توغرىسىدىكى ماقالىلىرىدە، يەنە تۆۋەندىكى بىر قاتار قارىسىغا قىلىنغان خاتا ھۆكۈملەر بار:

ئۇ، «تۈنۈگۈن ۋە بۈگۈن» دېگەن كىتابىنىڭ 4- بېتىدە «تىلى ۋادىسى»نى «ئېلى ۋادىسى» قىلىۋالغان.

ئۇ شۇ كىتابىنىڭ 4-بېتىدە، خەلق قوشىقى تېكىست تەرىقىسىدە (شىنجاڭدىن) ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقالغان دېگەن.

ئو «ئون ئىككى مۇقام تەتقىقاتىنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تەسىرىگە دائىر بىرقانچە مەسىلە» نامىلىق («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر بىرلەشمىسى خەۋەرلىرى»، 1989-يىل 3-سان) ماقالىسىدە، ھېچقانداق مەنبەسىزلا، ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئىلمىي قىممىتىنى قەدىمكى خەنزۇ ئالىملىرىشەرھلىگەن دېگەن سۆزنى يازغان.

ئۇ «تۈنۈگۈن ۋە بۈگۈن» دېگەن كىتابىنىڭ 5-بېتىدە ھېچقانداق ئىسپاتسىزلا سۈي دەۋرىدە كۇچادا ئىككى مۇقام ئىجاد قىلىنغان دېگەن.

ئۇ شۇ سەھىپىدە، «ئەجەم مۇقامى» ئەڭ دەسلەپ ئىجاد قىلىنغان، نامى «زەنگۇلە»، «ئەسلىلىك» ئىدى، دېسە، «ئون ئىككى مۇقام سىنىپلىكى ئېنىق بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىك تەشۋىقات قورالى» دېگەن ماقالىسىدە، ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن ئۇيغۇرلار ئەجەم دەپ ئاتالغان دەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، سۈي دەۋرىدە كۇچادا ئىجاد قىلىنغان ئىككى مۇقامنىڭ بىرى ئەجەم ئىكەنلىكى ياكى ئۇلار قايسى مۇقاملار ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالمايدۇ.

ئۇ «تۈنۈگۈن ۋە بۈگۈن» دېگەن كىتابىنىڭ 9-بېتىدە، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى

شائىر چىن سىنىنىڭ «بەشبالىق شېئىرى»نى قارىسىغىلا ئەجەم مۇقامىنى مەدھىلەشكە يازغان دەيدۇ. ۋاھالەنكى، بۇ شېئىرنىڭ ئەسلى ماۋزۇسى «ئايماق باشلىقى تيەن مىرېنىنىڭ شىمالنىڭ پىقىرىما ئۇسسۇلىنى نىلۇپەردە ئوينىشى» بولۇپ، چىن سېن ئۆزى بۇ شېئىرنى بىتۇك شەھرىدە (ھازىرقى ئىچكى مۇڭغۇلىنىڭ ئېجىجۇ ئايمىقى)دا يازغانلىقىنى ئىزاھلاپ ئۆتكەنىدى. بۇ شائىردا شىمالىي قۇملۇق پىقىرىما ئۇسسۇلى بىلەن غەربىي يۇرت پىقىرىما ئۇسسۇلىنىڭ بىردەكلىكى ئۇچۇر قىلىنغان. ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرى توغرىسىدىكى بۇ شېئىرىي خاتىرە بىزنىڭ ئاپتورىمىز قارىسىغىلا دېگەنىدەك «ئەجەم مۇقامى» ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات بەرمەيدۇ («پېك چېڭشىڭ قاتارلىقلار تۈزگەن: «تاڭ دەۋرىدىكى مۇزىكا، ئۇسسۇل، رەسىم، خەتتاتلىق توغرىسىدىكى نەزمىلەردىن تاللانما»، 1988-يىلى خەنزۇچە نەشرى 187-بەت).

ئۇ «ئون ئىككى مۇقام تەتقىقاتىنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تەسىرىگە دائىر بىر قانچە مەسىلە» دېگەن ماقالىسىدە، «ئون ئىككى مۇقام» ھەققىدە شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا پەيدا قىلغان تەسىرى ئۈستىدە توختىلىدىغانىدەك ئەلپازى بىلەن ماۋزۇ قويىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، بىزدە تېخى ئەمدىلەتىن باشلىنىۋاتقان مۇنداق ئىلمىي تەتقىقات ئۈستىدە، ئۇنىڭ پەيدا بولمىغان تەسىرىدىن دەبدەبە قوزغىماق بولىدۇ. شۇنىسى ئېنىقكى، بۇ ماۋزۇ، بىرىنچىدىن، چەتئەللىكلەر تەتقىقاتىنى؛ ئىككىنچىدىن، بىزنىڭ ئويۇن كۆرسىتىش جەھەتتە پەيدا قىلغان تەسىرىمىزنى نەزەردە تۇتماسلىقى لازىم ئىدى. ئاپتور بۇ ماقالىنى 1989-يىلى 19-مايدا سۆزلىگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا: «ئالىم، مۇتەخەسسىس، سەنئەتكارلارنىڭ بىر يىلدىن ئۆچ يىلغىچە كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئون ئىككى مۇقام تەتقىقاتى توغرىسىدا 12 كىتاپ يېزىپ چىقىشنى، 12 ئوپېرا يېزىپ چىقىشنى ئۇمۇت قىلىمىز» دەيدۇ. مانا ئۆچ يىلمۇ ئۆتۈپ كەتتى. مېنىڭچە، ئاپتور ھەل قىلىدىغان مەلۇم نىيەتلەرگە ئىلھام بەخىش روھىي ۋاھا پەيدا قىلىۋېلىش ئۇچۇنلا بۇ تېز ھەم ئۇلۇغۋار تەسىرلىك پىلاننى تىلغا ئالغان.

## 5. ئاپتورىمىزنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىياتتا ئۆزىنى كۆرسىتىشى

ئاپتورىمىزنىڭ يۇقىرىدىكى ئىلمىي پائالىيەتلىرىنى ئۇنىڭ «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى»دىكى ئاپىدىلىرى دېيىش مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭ بۇ خاس ساھەدىكى

ئورگىنال ئىپادىلىرىدىن ئاز-تولا كۆرسەتكۈم كېلىۋاتىدۇ.

1986-يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلغان «دىۋان قىدىرى» ناملىق كىتاپتا ئاپتورىمىزنىڭ بىر پارچە مۇقەددىمە ماقالىسى بار. بۇ ماقالىدە: 1953-يىلى ئۇرۇمچىدە ئارخىپ رەتلەۋېتىپ، پارىسچە يېزىلغان ئىككى بەتلىك قىدىرخان شېئىرلىرىنى تېپىۋالغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتۈپ «تۇنۇگۇن ۋە بۈگۈن» نامىلىق توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن «16-ئەسىردىكى ئۇيغۇر شائىرى قىدىرخان يەركەندى توغرىسىدا» نامىلىق ماقالىسىدە، 1953-يىلى قىدىرخاننىڭ ئاپتورىمىز تەرىپىدىن «تېپىۋېلىنغان» ھەربىرى بىر كوپلېتلىق ئۈچ پارچە شېئىرى ۋە «تېگىشىلگەن قان» دەپ ماۋزۇ قويۇلغان بىرلا كوپلېتلىق مۇسەددەس شەكلىدىكى شېئىرى يەنە كۆپىيىپ، ئۇنىڭغا ئۇزۇن بىر رۇبائىي قوشۇلۇپ قالىدۇ.

ئارىدىن سەل ئۆتۈپ، 1989-يىلى «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر بىرلەشمىسى خەۋەرلىرى»نىڭ 3-سانىغا بېسىلغان «ئون ئىككى مۇقام تەتقىقاتىنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تەسىرىگە دائىر بىرقانچە مەسىلە» دېگەن ماقالىسىدە، بۇ قىدىرخان نامىدا «تېپىۋېلىنغان» شېئىرلار سان جەھەتتىن كۆپەيتىلمەي، بەلكى سۈپەت جەھەتتە ئىلگىرىكىدىن باشقىچە تىلغا ئېلىنىدۇ، 1953-يىلى ئارخىپتىن تېپىۋالغانلىقى ئىرغىتىپ تاشلىنىدۇ، بۇنى «16-ئەسىردە ئۆتكەن قىدىرخاننىڭ <دىۋان قىدىرى> نامىلىق ئەسىرگە يازغان مۇقەددىمىسىدىن كۆرۈۋالايمىز» دەپ، بىردىنلا بۇ شېئىرلارنى قىدىرخاننىڭ ئۆزى يېزىپ دىۋانغا كىرگۈزگەن مۇقەددىمە نەزمىسى قىلىپ مۆئەييەنلەشتۈرىدۇ. مېنىڭچە، قىدىرخاننىڭ ئۆز دىۋانغا ئۆزى مۇقەددىمە يازغانلىقمۇ، ئاپتورىمىزنىڭ بۇ پارچىلارنى 1953-يىلى تېپىۋالغانلىقمۇ يالغان، پەقەت بۇ ئىككى خىل چۈشەندۈرۈشنىڭ بىر-بىرىگە زىتلىقى راست، خالاس!

بۇنىڭدىن باشقا، بۇ پارچىلارنىڭ مەزمۇنى ۋە تىلى ئاپتورىمىز ئېيتقاندەك «خەلقىنىڭ 10-13 ئەسىردىكى روھى» («ئون ئىككى مۇقام سىنىپىلىكى ئېنىق بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىك تەشۋىقات قورالى» دېگەن ماقالىگە قاراڭ) ياكى قىدىرخاننىڭ دۇنيا قارىشى بولماستىن، بىزنىڭ ئاپتورىمىزنىڭ زورۇرىيەتچان ئىدىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. قېنى مىسال كەلتۈرەيلى:

كەمبىغەل كەيسە كۆلانى ــــ

شەيخلىرىڭ ئادەم ئەمەس؛
ئۆلگىچە ئېيتسام مۇقامنى ــــ
مەن ئۇچۇن ماتەم ئەمەس.

بۇ، بىرىنچىدىن، روبائىي ئۇسلۇبى ئەمەس! رۇبائىدا ھەربىر قۇر (ئىككى قۇر ئەمەس) بىر مەنىدار بولىدۇ.
ئىككىنچىدىن، بۇ «قوش قاپىيىلىك» ھازىرقى شېئىري كۇپلىتنىڭ 1-، 2-قۇرى باغلاشمايدۇ. «كەمبىغەل كەيسە كۇلانى شەيخلىرىڭ ئادەم ئەمەس» دېگەنلىك بىلەن قانداق جۈملە تۈزۈش مۇمكىن؟
ئۈچىنچىدىن، ئالدىنقى ئىككى قۇر كېيىنكى ئىككى قۇرغا (مىسرا دېگۈم يوق) ھېچ ئالاقىسىز!
تۆتىنچىدىن، 16-ئەسىر ئاپتورى بولغان قىدىرخان «كۆركى ئېرۇر سۆزلەرنىڭ ئەۋۋەلى ــــ بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم» دەپ يازىدۇكى، يۇقىرىقى ۋە تۆۋەنكى ياسالغان شېئىرلاردەك تىل ۋە مەزمۇندا شېئىر يازمايدۇ!

مۇقام جاھاندا تاڭنىڭ ساباسى،
جانانغا جانكى قالۇن ساداسى،
ھېچ تەك كېلەلمەس بۇلبۇل ناۋاسى،
ئالەمدە يوقكى ئۇنىڭ باھاسى.
كەچتىم مەن زامانىڭدىن،
ياخشىكىم يامانىڭدىن،
ئاق سەللە، يېشىل سەللە،
بىزارمەن تاماشىڭدىن.

ئەسلى نۇسخىسى بولۇشى مۇمكىن بولمىغان بۇ شېئىر قىدىرخانغا تېڭىلغان ياسالما «كىلاسسىك» نەزمىدىن ئىبارەت! قىدىرخان قاراقۇيۇقلا ياخشى- ياماندىن ۋاز كەچمەس، مەسىلىگە سەللىنىڭ رەڭگىگە قاراپلا ھۆكۈم قىلماس، دەپ ئويلايمەن. مەن ئاق سەللىنى كۆپ كۆرگەن، كىچىككىمدىمۇ ئورىغان، بىراق بىراق موللا بىلالنىڭ «يۇسۇپ چاڭموزا» داستانىدىكى پىرسوناژنىڭ يېشىل سەللىلىك ئىكەنلىكىنى پەقەت كىتاپ يۈزىدىلا

ئوقۇغانىكەنمەن.

قىلىچ-نەيزە ئۇرۇلماقتا تۇمەنمىڭ كەمبىغەل جانغا،
تۆكۈلگەن لەختە قانلارنى تېگىشتى بىر مۇسۇلمانغا.

بۇ قاننى تۆكۈپ بولۇپ، يەنە تىگىشىدىغان ھېلىقى بىر مۇسۇلمان كىم ئىدى؟

جاھاننى قەتلى قىلدى سېتىپ قۇللارنى سۇلتانغا،
دىيارىمنى خاراپ قىلدى چېچىپ دىشۋارنى ھەر يانغا.

قۇللارنى قەتىل قىلىپ بولۇپ، ئۆلۈكنىڭ نېمىسىنى، نېمە ئۈچۈن قايسى تۈركىي سۇلتانغا ساتىدۇ؟

تاجاۋۇز قەتلىئاملاردىن كۆمۈلسەكمۇ باياۋانغا،
ئېگىلمەسكە قەسەم قىلدۇق ئەرەپلەردەك شەھىدانغا.

بەللى، بەللى! قىدىرخان 16-ئەسىردە تۇرۇپ، 10-ئەسىردىكى غازاتتا كۆمۈلۈشتىن سۆز ئاچقىنى قىزىق! ئەرەپلەر ھەرگىزمۇ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ئەمەس، ساتۇق بۇغراخان، يۈسۈپ قىدىرخانلار ھەم ئەرەپ ئەمەسقۇ!؟ «ئەرەپلەردەك شەھىدان» دېگىنى نېمىسى! شەھىدان ئىبارىسى ئاللا يولىدا قۇربان بولغان ئەرۋاھلارنى كۆرسىتىدىغان تۇرسا، 16-ئەسىردە بۇ ئەرۋاھلارنىڭ يەكەن سەئىدىيە خانلىقىغا «تاجاۋۇز» قىلغانلىقىنى تارىخ ئالىملىرى بىلمەيدىغانمۇ؟ ئەرۋاھتىن قورققىنى ياكى ئەرۋاھقا قەسەم قىلغىنى نېمىسى!؟

ھەشتارىمىز قىلسا خەندان دىيارىمنىڭ گۈلىستانىدا،
قۇزغۇن ئۆلۈپ، بۇلبۇل كۈلەر نەغمە، مەشرەپ داستانىدا.
ئۇن ئىككى چوڭ تۇلۇنئايدەك دىل رىشتىگە مەشئەل ياقار،
ئۇنىڭ ئەمەس، بۇنىڭ ئەمەس، دىل كەشتىلەر بوستانىدا.

ئـاپىرىن! قــدىرخان 16-ئەســىردىلا 20 -ئەســىر تىلىــدا شــېئىر يازغــان! ئۇيغــۇر مۇقاملىرىنىڭ تەۋەلىكى توغرىسىدا 20-ئەسـىردە بولىۋاتقـان گەپ-چـۆچەكلەرگە ئـالدىن تــوغرا هۆكــۈم قىلغــان! ئــون ئىككــى مۇقامنىــڭ 12 تۇلــۇن ئايــدەك، هەربىرىنىــڭ ئــۈچ قىسىمدىن تەشكىل تاپقانلىقىنى، مەزمۇنىنىڭ بۇلبۇل-قۇزغۇن زىددىيىتى ۋە كۆرۈشى بىـلەن تولغانلىقىنى بىزگە ئىچچام، تامغىدەك قىلىپ يېزىپ قالدۇرغان!؟

ئېيتىش كېرەككى، بۇ قـدىرخان يازغـان رۇبـائىي ئەمەس! قـدىرخان بىـر رۇبائىـدا مەنىسى بىرخىل «گۈلىستان»، «بوستان» ئىبارىلىرىنى ئىشلەتمىسە كېرەك. ئـۇ «دىـل» ئىبارىسىنى بىرلا كوپلېتتا هەم «مەشئەل» هەم «كەشتە» دەپ ئىشـلەتمەس! چـۈنكى، بـۇ كىلاسسىك شېئىرىيەت ئەنئەنىسىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئۇنىڭـدىن باشقا، يۇقـۇرقى بەش بارچە شېئىر «جەڭگىۋارلىق» جەھەتتە بىزنىـڭ ئاپتۇرىمىزغا راسا ئوخشايدۇ. چۈنكى، هەركىم ئـۆز ئاۋازىـدا سـۆزلەيدۇ، ئـۆز قەددىمىـدە ماڭىـدۇ، ئـۆزىنى يازىـدۇ، ئـۆز ئـوبرازىنى يارىتىدۇ-دە! ئاپتۇرىمىز 1953-يىلى تېپىۋالغان بـۇ «قوليازمـا»نى قەدىمكى قوليـازمىلار ئىشخانىسى، ئارخىپلار ئىدارىسى ياكى موزىيغا يوللاپ بېرەلەرمۇ؟

ۋاقتى كەلگەندە شۇنى ئېيتىش كېرەككى، تارىخ ياسالماسلىقى لازىم. تـارىخ ياسـاش تارىخنى بۇرمىلاشتىن هەسسە-هەسسىلەپ ئېغىر جىنـايى هادىسە! بولۇپمـۇ مـۇقەددەس كىتـابلار سـەهىپىلىرىگە ئويـدۇرما پـاكىتلار ياسـىغۇچىلارنى تـارىخ ۋە چەكسـىز بىلىـش ئىقتىدارىغا ئىگە كەلگۈسى ئەۋلاد كەچۈرمەيدۇ!

مەن ئاپتۇرىمىزنىـڭ «لۇتپۇللا مۇتەللىـپ بىـلەن بىـر قېتىملىـق سـۆهبەت» دېـگەن ئويدۇرما ماقالىسى جەمئىيەتتە ئىسقىرت پەيدا قىلغانـدىن كېيىـن، يەنە مۇنـداق «تـارىخ ياساش»تىن قول ئۈزمىگىنىگە ئەپسۇسلىنىمەن.

## 6. هەقىقى ئادەمدىن هەقىقى ئالىم چىقىدۇ

هەربىر شەخس ئۆز ئەقلىي كامالىتى ئۈچۈن جامائەت ئالدىدا قەرزدار.

___ چېرنىشېۋسكىي

مەن ئاپتۇرىمىزنى «ئىچى كۆچلۈك»، بەزىـدە «چـوك سۆزلەشكە ئـامراق» دەپ بىـر تەرەپلىـــمە باهالىغـــانىكەنمەن، ئۇنىـــڭ يەنە باشـــقا ئالىملارنىـــڭ ئەســـەرلىرىدىن

كۆچۈرۈۋالىدىغان قىلىقى بارلىقىنى ئويلىمىغانىكەنمەن! مىسال كەلتۈرەي:

ئاتۇرىمىز « <قۇتادغۇبىلىك> ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى توغرىسىدا دەسلەپكى پىكىرلىرىم» دېگەن ماقالىسىدا، تۈركىيىلىكمەشھۇر ئالىم مەرھۇم رېشىت رەخمىتى ئاراتنىڭ ئەسىرىدىن تۈركىيىلىك يەنە بىر ئالىم كافەس ئوغلۇ ئاشكارا كۆرسەتكەن نەقىلنى خۇددى «قۇلىقىنى ئېتىپ قوڭغىراق ئوغرىلىغان»دەك ئۆز ماقالىسىگە ئۆز سۆزى قىلىپ ئۆزگەرتىپ ئېلىۋالغان. كافەس ئوغلۇ ماقالىسىدە:

رەخمىتى ئاراتنىڭ پىكرىگە قۇلاق سالىدىغان بولساق، «قۇتادغۇبىلىك» ۋەقەلەرنى دەلىل كەلتۈرگۈچى تارىخمۇ ئەمەس، ۋىلايەت ۋە شەھەرلەرنى تەسۋىرلىگەن شەجەرىمۇ ئەمەس، شۇنىڭدەك دىنىي زاتلارنىڭ ئىجتىهاتلىرىنى توپلىغان ئەسەر ياكى ھۆكۈمالارنىڭ پىكرىگە ئاساسلانغان پەلسەپە، شەيخلەرنىڭ ۋەز-نەسىھەتلىرىگە تايانغان بىر نەسىھەتنامىمۇ ئەمەستۇر. يۈسۈپ خاس ھاجىپ كىشىلەرنىڭ ئېيتقىنىدەك ئەمەلدارلارغا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن لىرىكىلىك سۆزلەر بىلەن ئەخلاق دەرسى بېرىدىغان قۇرۇق نەسىھەتچى ئەمەس، بەلكى كەڭ مەنىدە ئېيتقاندا، ئىنسانلار ھاياتىنىڭ مەنىسىنى تەھلىل قىلغان ۋە ئۇنىڭ جەمئىيەت، دۆلەت ئىچىدىكى ۋەزىپىسىنى بەلگىلىگەن بىر ھايات پەلسەپىسىنى قۇرغان ئالىمدۇر، «قۇتادغۇبىلىك» باشقا ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن پۈتۈنلەي ئۆزگە خاس بىر ئەسەردۇر («چەتئەل ئالىملىرى <قۇتادغۇبىلىك> توغرىسىدا» شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەت ئەدەبىياتى ئىنستىتوتى 1989-يىل باستۇرغان نۇسخا. 126-، 127-بەتلەر).

ئاپتۇرىمىز ماقالىسىدە:

«قۇتادغۇبىلىك» قانداقتۇر ۋەقەلەرنى نەقىل قىلغۇچى بىر تارىخ، نە رايون- جاي ۋە شەھەرلەرنى تەسۋىرلىگۈچى بىر جۇغراپىيە، قانداقتۇر دىنىي كىشىلەرنىڭ ئىجتىهاتلىرىنى توپلىغان بىر كىتاپ، نە ھېكمەتلەرنىڭ پىكىرلىرىنى ئاساس قىلغان پەلسەپە، شەيخلەرنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىگە تايانغان نەسىھەتنامە ئەمەس. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بەزىلەرنىڭ ئويلىغىنىدەك مەنسەپ ئەھلىگە ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن بىھۇدە مەنىسىز ئەخلاق دەرسى بەرگۈچى قۇرۇق نەسىھەتچى ئەمەس، بەلكى ئىنسان ھاياتىنىڭ مەنىسىنى تەھلىل قىلغان ۋە ئۇنىڭ جەمئىيەت، دۆلەت ئىچىدىكى ۋەزىپىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەڭ كەڭ مەنىدىكى تەپەككۇر ئالىمىدۇر. ئۇنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق ئەسىرى ماۋزۇ ئېتىبارى بىلەن بىللە، باشقا جەھەتلەردە تامامەن بىر ئورىگىنال ئەسەردۇر (« <قۇتادغۇبىلىك> ھەققىدە بايان» 2-توپلام، 130-بەت).

# 7. خاتىمە

ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇشۇڭ مۇمكىن، بىراق بىرلا نەرسىنى ___ سەن دۇنياغا نېمە ئۈچۈن كەلدىڭ، شۇنى ئۇنتىمساڭ بولغىنى.

___ جالالىددىن رومى

مەن ئاپتورىمىزنى «بىلىمسىز» دەپ ئەيىپلىمەيمەن، بىلىمسىزلىك نىسبىي نەرسە. بىزمۇ نۇرغۇنساھەدە، ھەتتا ئۆز ساھەمىزنىڭ بىرمۇنچە جەھەتلىرىدە بىلىمسىزمىز. بىلىمسىزلىك تەنقىت ئوبيېكتى ئەمەس، تەلىم-تەربىيە ئوبيېكتى. ھازىرمۇ سىبىستىملىق ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېگە بولمىغان نۇرغۇن- نۇرغۇن كىشىلەر ھەرخىل مەكتەپلەردە بىلىم ئاشۇرىدۇ. بۇ نومۇس ئەمەس، بەلكى چىندىن ئىلىمگە ئىنتىلىش ۋە مەرتلىك!

بىلىمەي تۇرۇپ بىلەرمەن بولۇۋېلىش، ئۆزىنى چاغلىماي شىلتىڭ ئېتىش ھەتتا باشقىلارغا ئىلمىي تەتقىقات پوزىتسىيىسى، مېتودى ھەققىدە ۋەزخان بولۇۋېلىش ___ مانا بۇ باشقا گەپ. زورمۇ-زور ئالىم بولۇۋېلىش، بىر ماقالىنى تەكرار يېزىۋېرىش ئاپتورىمىزغا ھوزۇر ھالاۋەتمىكىنا؟! ئىنسان دۇنياغا تاشنى ياغاچقا تاڭغاندەك ئالىم بولۇۋېلىش ئۈچۈن ئەمەس، ھەقىقى ئادەم بولۇش ئۈچۈن كەلگەن، تارىخ- تولىمۇ نازۇك ۋە قايتا- قايتا تاسقاپ تۇرىدىغان ئەگلەك! مىليون تىللا ياكى مىليون قوشۇن بىلەنمۇ تارىخنى ئالدىغىلى ياكى قورقۇتقىلى بولمايدۇ!

مەن ئاپتورىمىزنى «ئەقىلسىز» دەپ ئەيىپلىمەكچى ئەمەسمەن.

ئەقىل ___ ئۇلۇغ بىلىش ئىقتىدارى. ھەقىقى ئەقىل يەنە ئۆزلۈكنى ___ ھەركىم ئۆزىنى، ئۆزى بىلەن ئىنسانلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىلىش ۋاستىسى. ئەقىل پاك كۆڭۈل، مول بىلىم ئارقىلىق داۋاملىق ئۆز سۈپىتىنى ياخشىلايدۇ. ئەقىللىق كىشىلەرمۇ بەزىدە ئەقىلسىزلارچە ئىشلارنى قىلىپ قويىدۇ. مەسىلە بۇنىڭدا ئەمەس، بەلكى، پەقەت ئۆزىنىلا ئەقىللىق ، جامائەتنى بولسا ئالدىغىلى، كولدۇرلاتقىلى بولىدىغان ئەخمەق دەپ قارايدىغان ئاتالمىش «ئەقىلدانلىق»تا. بۇ بىر زىندان، خۇددى جالالىددىن رۇمى ئېيتقاندەك: «دۇنيادىكى زىندانلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ دەھشەتلىكى ئادەم كاللىسىدىكى زىندان»، «ئەڭ قورقۇنچلۇق ئىللەت ___ غاپىل تۇرۇپ، ئۆزىنى ھەممىدىن سەگەك دەپ

بىلىدىغان» ئىلەت. بۇ خىل «ئەقىلدانلىق» خۇددى لىختېنبېرگ ئېيتقاندەك: «نىقابلىنىپ قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئەقىللىقلىق دەپ ساناۋېرىدىغان» ئەخمەقنىڭ «ئەقىلدانلىقى»! بالزاك توغرا ئېيتقان: ئەخمەقلىق شۇنداق تېگى يوق دوزاقكى، ئۇنى ئاخىرغىچە بىلىپ بولمايدۇ».

گيوگو: ئىزگۈلۈك ئىنساننىڭ مەنىۋى دۇنياسىدىكى قوياشتۇر دېگەندى، بۇنداق قوياش نۇرىدا يورۇتۇلمىغان مەنىۋى دۇنيا ئۆز- ئۆزىگە ھەققىي ئىنسان بولۇشتىن ئىبارەت ئاددىي ھەم ئالىجاناپ ھاياتىي ئىستەكنى مەقسەت قىلمىغان كىشىلەرنىڭ قوياشسىز قەلبىدىن ئىبارەت. تارىخ مۇنداق قەلب بىلەن غەلىبە قازانغان ۋە ئەسەرلەر سەھىپىسىدە مەدھىيىلىنىدىغان بىرەر سەركەردىنى، مۇتەپەككۇرنى، سەنئەتكارنى بىلمەيدۇ. ئۇلار ئۆز- ئۆزىنى خازان قىلغان ۋە كىشىلەر خاتىرىسىگە مەسخىرە ئۆلگىلىرى قالدۇرۇپ كەتكەن. خەلق توغرا ئېيتىدۇ: «سۇغا سالساڭ سۇ كۆتۈرمەس مىسقال تۆمۈرنى!» بۇ ئۇستاتلىق كەتمەيدىغان ئەبەدىيەتلىك قانۇنىيەت.

خۇلاسە ئىككى، ھەرئىككىسى ئېپتۇرىمزنىڭ ئاغزىدىن چىققان.

بىرىنچى خۇلاسە: «ئۆتمۈشتىكى ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، ماركسىزملىق تارىخىي نۇقتىنەزەر بويىچە، پاكىتلىق ماترىياللارغا ئاساسلىنىپ، كونكرېت ۋە تارىخىي رەۋىشتە تەھلىل ۋە تەتقىقات يۈزگۈزۈشىمىز لازىم.»

ئىككىنچى خۇلاسە: «يامان ئىشلاردىن يىراق، ئاق كۆڭۈل بولساڭ، خەلق ئالدىدا يۈرىكىڭنى ئالقىنىڭغا ئېلىپ، مانا مېنىڭ يۈرىكىم دەپ خەلققە كۆرسىتەلىسەڭ، سېنى شۇ چاغدا ئەخلاقلىق، ھەققى ئادەم دېگىلى بولىدۇ.»

ئاپتورىمىز ئۆزى ئېيتقان مۇشۇ ئىككى خۇلاسە بويىچە ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن دەسلىپىدە ئۆزىگە، ئۆز ۋىجدانىغا، ئۆز يۈرىكىگە مەرىپەت چىرىقى ياقالارمۇ؟ ياكى يەنە ئەگىتمە، ئاسترتما، ياندىما، قايرىلما قىساسكارلىقنى ئىشقا سالارمۇ؟ بۇنى تۇرمۇش ئاپتۇرنىڭ ئەتىكى ھېس پىكرى، سۆز- ھەركىتىدە قايتا كۆرسىتىدۇ. يېقىندا نەشىر قىلىنغان «جالىدىن رۇمى» دېگەن كىتابنىڭ 257- بېتىدە ئابدۇلھەسەن ھەرەكانى نامىلىق زاتنىڭ ھەممىمىزگە مەرىپەت چاچىدىغان مۇنداق بىر جۈملە سۆزى ئېپىگراف قىلىنغان: «يەر ئۈستىدە يۈرگەن بەزى ئادەملەرنى بىز تىرىك ھېساپلىساقمۇ، ئەسلىدە ئۇلار ئۆلۈك. يەر ئاستىدا ياتقان بەزى زاتلارنى بىز ئۆلۈك بىز ئۆلۈك ھېساپلىساقمۇ ئەسلىدە ئۇلار تىرىك.» ئۆلمەس پاك روھنى ھەممە قەدىرلەيدۇ. «پەقەت دۇنيانىڭ سۆرتىنىلا كۆرىدىغان» ھاياتىي قىممىتى يوق كىشىلەرنى كۆتۈرۈپ يۈرۈشكە «تۆت

تادۇ»مۇ زارلىنىدۇ!

ھۆرمەتلىك كىتاپخان! مەندە نېمە چارە، ماڭا «پەھلىۋان مۇھەممەد كۈشتىۈڭگۈر» ھەققىدە مەدھىيە ياكى «ھىلالىيە قەسىدىسى» يېزىش (بۇ يەردە ئۇلۇغ شائىرىمىز مەۋلانە ئەلشىر ناۋائىنىڭ شۇ ناملىق ئىككى ئەسىرى كۆزدە تۇتۇلغان) نېسىپ بولماي، مۇشۇنداق ئوپېراتسىيە ماقالىسى يېزىش پۈتۈلگەن بولسا كېرەك.

مەن ئىشنى پاكلىنىش بىلەن باشلىغاندىم. قولۇمدىكى قەلەمنى تاشلاش ئالدىدا ئۆزۈمنى كىتابخانغا تاپشۇرماقچىمەن. مەن بىر يۈكسەك قەلب ئېگىسىنى بىر مۇنەۋۋەر تەپەككۇر ساھىبىنى بولمىغۇر بوھتان تېشى بىلەن زەخىملەندۈرگەن بولسام، مېنى جامائەتچىلىكنىڭ ئەيىپلەشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئۇنىڭدىن نەپ ئالغانلىقى تۈپەيلى قۇمۇش نەيچىدە پىچىرلايدىغانلارغا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ھەققى، خەلق مەنپەئەتىنى، ۋىجدانىي بۇرچىنى ئەلا بىلىشلىرىنى تەكلىپ قىلىمەن. ئىلىم ۋە ئىنسانىي قەلبنىڭ، مەدەنىيەت قوشۇنى ۋە مەنىۋى موھىتىنىڭ پالىقىنى ھەممىمىز بىرلىكتە مۇھاپىزەت قىلايلى.

مانا بۇ مۇددىئا ۋە بۇرچىمىز!

1992-يىل. ئۈرۈمچى